


# كۆيۈلسكىلەردىن
# نەرىمىز كەم

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-105-08161-5

定价：14.00元



# كوپيلىكلەردىن نەرىمىسىزكەم

تەرجمە قلغۇچى: سېيت تلۋالدى



مللەتلەر نەشرياتى
بېيجڭ

责任编辑：茹仙·阿不都热依木
责任校对：赛比耶·艾合太木

图书在版编目(CIP)数据

中国人比韩国人少什么：维吾尔文/张宏杰著；色依提译. —北京：民族出版社，2007.3

ISBN 978-7-105-08161-5

Ⅰ.中… Ⅱ.①张…②色… Ⅲ.民族精神 —对比研究—中国、韩国—维吾尔语（少数民族语言）Ⅳ.C955.2 C955.312.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 034988 号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：民族印刷厂
版　　次：2007 年 3 月第 1 版　2007 年 3 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米
印　　张：8.75
印　　数：0001-3000 册
定　　价：14.00 元
978-7-105-08161-5/I.1796（维 257）

本书根据文史出版社 2004 年 9 月第一版第一次印刷版本翻译出版

بۇ كىتاب تارىخ ۋە مەدەنىيەت نەشرىياتى 2004-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : روشەن ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتور : سەبىيەم ئەختەم

# كورىيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم

## تەرجىمە قىلغۇچى: سېيىت تىلىۋالدى

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 6429086 - 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2007-يىل 3- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2007-يىل 3- ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م· 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 8.75
**سانى** : 0001 - 3000
**باھاسى** : 14.00 يۈەن
978-7-105-08161-5/I.1796（维 257）

# تەرجىماندىن

كورىيىنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كۆرسىتىلىشى بىلەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا "كورىيە مودىسى" ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان چاغلار ئىدى. مەن دەسلەپتە، كورىيىنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» ناملىق بۇ فىلىمنى "كوت- كوت گېپىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان زېرىكىشلىك فىلىم"بولسا كېرەك، دەپ كۆرمەپتىمەن.

لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۆت ئۇيغۇر يىغىلغان يەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئاشۇ فىلىمنىڭ گېپى بولۇپ كەتتى. ھەتتا ئورۇمچىدىكى "چاي خۇمار خوتۇنلارمۇ كورىيە فىلىمنى كۆرىمىز دەپ كەچتە چاي ئوينىمايدىغان بولۇپ قاپتۇدەك"دېگەن گەپلەر تارقالدى. دېمىسىمۇ، ھەممىلا يەردە كورىيە فىلىمنىڭ گېپى ئىدى. ئاخىرى مەنمۇ ئۇ فىلىمنى ئۇيەر- بۇيەردىن تېرىپ- تۆنەپ كۆرۈپ باقتىم. شۇ قىزىقچىلىقتا ھەر كۈنى كەچتە ئائىلە بويىچە ئولتۇرۇپ «يەنە بىر كۆرسەم»نى قالدۇرماي كۆرىدىغان بولدۇق. ئاڭغىچە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كورىيىنىڭ «سۇ پەرىسى» ناملىق يەنە بىر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلدى. نەزىرىمدە «سۇ پەرىسى» «يەنە بىر كۆرسەم»دىنمۇ جەلپكار ئىدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇ فىلىمنى ھەر كۈنى ئىككى قىسىمدىنلا بېرىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا ساقلاپ بولالماي، ئاخىرى بازاردىن فىلىمنىڭ بىر يۈرۈش DVD پلاستىنكىسىنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ، ھەپتە ئاخىرىدا ئىككى كۈن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ باشتىن- ئاياغ كۆرۈۋەتتىم. ئاندىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارغا «سۇ پەرىسى»نىمۇ تەرجىمە قىلىش تەكلىپىنى بەردىم

ۋە ئۇلاردىن: "ناۋادا خالىساڭلار مەن تەرجىمە قىلىپ بەرسەم" دەپ ئىلتىماس قىلدىم. لېكىن، ئۇلار بۇ فىلىمنى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىرەيلەنگە تەرجىمە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىكەن.

دېمەك، مودىكەشلىك دېسە قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرىدىغان مەندەك بىر مۇتەئەسسىپ ئادەممۇ ئاخىرى بىلىپ- بىلمەيلا "كورىيە مودىسى"غا رام بولۇپ قالدىم. مېنىڭچە، كورىيە فىلىملىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كورىيانلارغا خاس مىللەت ئەنئەنىسى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئېستېتىك تۇيغۇ قاتارلىقلار يادرولۇقىدىكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى زامانغا لايىق شەكىل ۋە ئۇسۇلدا ئىپادىلىيەلىگەنلىكىدە. قىسقىسى، مىللەت خاسلىقى بىلەن زامانىۋىلىقنى چەمبەرچاس باغلىيالىغانلىقىدا ئىدى.

باشقا كۆرمىڭ ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىغا ئوخشاشلا، ئالتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى كورىيانلارنىڭ جامائەت ئەخلاقى، ئائىلىۋى ئەخلاقى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرى، مىللىي خاراكتېر ۋە مىللەت ئەنئەنىسىگە بولغان ھۆرمەت- ئېھتىرام قاتارلىق جەھەتلەردە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «كورىيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم؟» ناملىق بۇ كىتابنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

كىتابتا جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى پەرقلىرى سېلىشتۇرما شەكىلدە بايان قىلىنغان بولۇپ، كورىيە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ سىرى ئازدۇر- كۆپتۇر يورۇتۇپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ كورىيىنىڭ مىللەت ئەنئەنىسىگە مۇئامىلە قىلىش، مىللەت خاسلىقىدىن ئىبارەت بۇ تەرەققىيات ئومۇرتقىسىغا غەربنىڭ زامانغا لايىق تاكتىكا ئامىللىرى بىلەن قۇۋۋەت بېرىش، مائارىپتىكى تەڭسىزلىكلەرنى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىپ، مائارىپنى مىللەتنى كامال تاپقۇزىدىغان تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرۇش، يېزىلار

مەسىلىسىنى جايىدا ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ كېتىشتىن قورقماي، پاك، ئىناق ۋە دېموكراتىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاچچىق-چۈچۈك سەرگۈزەشتىلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

قىسقىسى، كورىيە تەجرىبىسىنىڭ قىممەتلىك يېرى — مىللەت خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىلەرنى "كونىلىق"دەپ چۆرۈۋەتمەي، ئەكسىچە ئۇنى زامانىۋىلىق ئۇچۇن ئىجابىي ۋە ئىجادىي خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، مىللەت ئەنئەنىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا تېخىمۇ كامال تاپقۇزالىغانلىقىدا ئىدى.

شۇڭا، مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە، بولۇپمۇ كورىيە مودېلىدىن ھەيران قېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا كورىيە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ سىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېقىش نىيىتىدە بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە قىممەتلىك تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، ئەزىز دوستلارغا ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ " مىللەت خاسلىقى بولمىغان نەرسىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس" دېگەن بۇ مەشھۇر جۈملىسىنى ھەدىيە قىلماقچىمەن.

ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كىتابنى بىر ئوقۇپ بېقىشقا قىزىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— سېيىت تىلىۋالدى

# مۇندەرىجە

ياپونىيىدىن ئۆگىنىمىزمۇ ياكى كورىيىدىنمۇ؟(كىرىش سۆز ئورنىدا) .............. 1

كورىيىنى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش يولىدىكى بىر پارچە ئەينەك دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، كورىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى پاسسىپ ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاكتىپ ئامىللارنى زامانىۋىلىشىش ئىسلاھاتى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ھازىرقىدەك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى قايغۇ- ھەسرەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن پايدىلىق.

كورىيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم؟ ...................................... 27

20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دۇنيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە كورىيىمۇ قاتناشماقچى بولدى. كورىيە كوماندىسى يولغا چىقىش ئالدىدا، كورىيە پرېزىدېنتى كوماندا ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كوماندا ئەزالىرىغا قىلغان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈرگەنىدى: "ئاۋادا ئۇتتۇرۇپ قويساڭلار، بۇيۇك كورىيە دېڭىز قولتۇقى(ياپون دېڭىزى قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ)دىن قايتا ئۆتمەن، دەپ خىيال ئەيلىمەڭلار!" بۇ ئۇنىڭ "ئاۋادا يېڭىلىپ قالساڭلار، كورىيە خەلقىنىڭ ئار- نومۇسى ئۈچۈن دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىڭلار" دېگىنى ئىدى.

جۇڭگولۇقلار بىلەن كورىيىلىكلەرنىڭ مىللەت خاسلىقىدىكى پەرقلەر .............. 50

كورىيىلىكلەر بىلەن ئاز- تولا ئارىلىشىپ باقسىڭىز شۇنى ھېس قىلىسىزكى، كورىيىلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەمنىيە دەۋرىدىكى مىجەز- خۇلقى ساقلانغان؛ ئۇلار ساددا، تۈز، جەسۇر كېلىدۇ؛ ھەققانىيەتنى جېنىدىنمۇ

ئەزىز بىلىدۇ؛ قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئانچە بۇلغىنىپ كەتمىگەن.

•

كورىيىلىكلەر ئەنئەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ........................ 99

ئىشقىلىپ، كورىيىلىكلەرگە خاس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇزېيى بار. ئۇ مۇزېيلارغا قويۇلغان تەۋەررۇكلەرگە قارىغاندا، ئەمەلىي كۆرسەتمىلەر تېخىمۇ جەلپكار . مىسالەن، جىڭفۇ سارىيىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۆتكۈزۈلىدىغان سارايني ئېچىش ۋە تاقاش مۇراسىمىنى كۆرىسىز . بۇنداق مۇراسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم- كېچەك ۋە قورال- ياراغلارنىڭ ھەممىسىدە قەدىمي ئەنئەنىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ مۇراسىم پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇسلۇبتا داغ- دوغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئېلىمىزدىكى قەدىمكىنى زورىغا دوراپ خوجا كۆردىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

كورىيىلىكلەردىكى مىللەتپەرۋەرلىك ........................ 126

2001- يىلى 8- ئاينىڭ 13- كۈنى يەنى ياپونىيە باش ۋەزىرى شياۋ چۈەن چۈنيىلاڭ "شېھىتلەر قەبرىگاھى"نى تاۋاپ قىلغان كۈنى، 20 نەپەر كورىيىلىك نەۋقىران ياپونىيىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سېئۇلدىكى مۇستەقىللىق مەيدانىغا يىغىلدى ۋە بىردىن بارمىقىنى كېسىپ ئۇنى كورىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا ئوراپ، ياپونىيىنىڭ كورىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. كورىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاۋامنىڭ كەيپىياتىغا دەرھال ماسلىشىپ، ياپونىيىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى؛ پرېزىدېنت بىلەن پالاتا باشلىقىمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، شياۋچۈەننىڭ بۇ ئىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى .

كورىيە چىرىكلىككە قانداق قارشى تۇرغان؟ ........................ 147

كورىيىنىڭ «ھۆكۈمەت خادىملىرى ئەخلاق قانۇنى»نىڭ " مال- مۈلۈكنى تىزىملىتىش ۋە ئاشكارىلاش"دېگەن ئىككىنچى بابى نەق 10 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا " تىزىملىنىدىغان مال- مۈلۈك ئىلتىماس قىلغۇچى، ئۇنىڭ جۆرىسى ۋە بىۋاسىتە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆي- زېمىنى، قولىدىكى نەق

پۇلى، بانكىدىكى ئامانەت پۇلى، زايومىلىرى ، پاي چېكى ۋە گۆھەر- ياقۇتلىرى، قىممەتلىك تەۋەررۈكلىرى ، سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك مال- مۈلۈكلەرنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭدا "پۇل مۇئامىلىسى ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن كەسپىي مۇئامىلىگە ئائىت ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. پۇل مۇئامىلىسى ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ بۇنى رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ" دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

**كورىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مائارىپىدىن سېلىشتۇرما .................... 187**

كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئارقىدا قالغان رايونلار بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى مائارىپقا سالىدىغان مەبلىغىدىمۇ تەكپۇكسىزلىق مەۋجۇت. لېكىن، بۇ تەكپۇكسىزلىق جۇڭگودىكىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. كورىيىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشتا، ھەقسىز مائارىپنىڭ دائىرىسى يىراق سەھرا ۋە تاغلىق رايونلاردىن شەھەرلەرگە تەدرىجىي كېڭەيتىلىدىغانلىقى ئېنىق بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مائارىپ مەبلىغى ئالدى بىلەن ئارقىدا قالغان رايونلارغا سېلىنىدۇ.

**كورىيە يېزىلار مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلدى؟ .................... 203**

كورىيىنىڭ يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتى يەككە دېھقانچىلىق تۈزۈمى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان . بۇ ھەرىكەت گەرچە ناھايىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا قىلچە دەخلى- تەرۇز يەتكۈزمىدى؛ جۈملىدىن، يەرلەر يەنىلا دېھقانىنىڭ شەخسىي مۈلكى سۈپىتىدە قېلىۋەردى؛ ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى يەنىلا دېھقانىنىڭ ئىلكىدە تۇرىۋەردى. دېھقانلار بۇ ھەرىكەتكە ھۆكۈمەتنىڭ زورى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرىنچىدىن ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلىكى، ئىككىنچىدىن ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ ماسلاشتى. دېمەك، بۇ ھەرىكەت كورىيىدە "يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتى"دەپ ئاتالدى.

**يېگانە ئارالنىڭ شان ـ شەرىپى ........................................ 228**

خۇڭ چۇنچى ئىسمىلىك بىرەيلەن بىر تال مىلتىقتا تايىنىپ يېگانە ئارالنى ئۆزى يالغۇز توپتوغرا ئۈچ يىل سەككىز ئاي قوغدىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاشۇ چاغلاردا ياپونىيىنىڭ پاراخوت ۋە بېلىقچى كېمىلىرى بىلەن سانسىز قېتىم تۇتۇشقانلىقى يېزىلغانىدى. 1956 ـ يىلىغا كەلگەندە، كورېيە هۆكۈمىتى ئۇرۇش بىسەرەمجانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھېلىقى ئارالغا دېڭىز مۇھاپىزەتچى ساقچىلىرى ئەترىتىنى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خۇڭ چۇنچىنىڭ ”ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش“تەك مۇقەددەس بۇرچى تاماملانغان بولدى. كورېيە هۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئوردېن تاقاپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى تەقدىرلىدى.

**”كورېيە مودىسى“نىڭ سىرى ........................................ 233**

كورېيە كىنولىرىدا كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت، ئاجىزلارغا بولغان رەھىم ـ شەپقەت ياكى جەمئىيەتكە ئۆزىنى ئاتاش ئىدىيىسى تەشەببۇس قىلىنىدۇ؛ كورېيانلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە مىللەت روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «تەگرى قوشقان بىر جۈپلەر» ناملىق كىنو فىلىمى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پىكىر ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ گەرچە مۇھەببەت كىنوسى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدا شەرقلىقلەرگە خاس ھېس ـ تۇيغۇ ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن.

**سېئۇل خاتىرىلىرى ........................................ 250**

كورېيىدە ئاپتوموبىل ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، كوچا ـ كويلارنىڭ ھەممىسىدە ئاپتوموبىل خۇددى دەريادەك ئېقىپ تۇرىدىكەن. لېكىن، شوپۇرلار ئېزىپ ـ تېزىپ قائىدىنى بۇزمايدىكەن؛ كوچىلاردا ماشىنا تىقىلىپ قالىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن. لېكىن، جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈن ئىچىدە شوپۇرلارنىڭ

قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنى تۆت قېتىم ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ بىرى مەن ئولتۇرغان تاكسى ئىدى. تاكسى شوپۇرى بازار يېرىمگە يېتىپ كەلگۈچە نۇرغۇن قېتىم يول تالاشتى، باشقىلارنىڭ يولىغا بۆسۈپ كىرىۋالدى، ھەتتا قائىدىنى بۇزۇپ يولدا ماشىنىنى قايدۇردى.

**يەنە شۇ ھاجەتخانىنىڭ گېپى(خاتىمە ئورنىدا) ........................ 260**

ھاجەتخانا ــ ناھايىتى جىق ئەزۋەيلەنگەن تېما. ئۇ ھەقتە چەت ئەللىكلەرمۇ سۆزلىگەن، بىزمۇ سۆزلىگەن، باشقا ئەللەرنى كۆرۈپ باققان جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ كۆپ سۆزلىگەن. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىزدە «سىلىشتۇرما ھاجەتخانىشۇناسلىقى» بارلىققا كەلدى، دېسەك مېنىڭچە ئارتۇق كەتمەس. قىسقىسى، ھاجەتخانا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك بەلگىگە ئايلىنىپ قالدى. جۈملىدىن بەزىلەر ئەتىگەنلىكى ھاجەتخانىغا كىرىش ئۈچۈن ئۆچىرەت ساقلىغاچ مۈگدىشىۋاتقان بېيجىڭلىقلارنىڭ گەپلىرىدىن شەرقلىقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئۈتكىسىنى پەرەز قىلسا، بەزىلەر جۇڭگودىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ داغدام ئوچۇق تۇرىدىغان ئىشىكلىرىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ "كوللېكتىۋىزملىق ئېڭى"نى كۆرۈپ يەتتى؛ يەنە بەزىلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھاجەتخانىلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە ئەمەلىي ئىستېمالى جەھەتتىكى پەرقلىرىنى بىلىۋالدى. دېمەك، ھاجەتخانىنى بىر مىللەتنىڭ مىللەت خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ يارقىن بەلگە دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەس، ئېھتىمال. ھاسىلىي كالام: جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى "كېسەل"نى سەللىمازا ساقايتىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ "مىللەت خاسلىقى"نى راۋۇرۇس ئۆڭلىغاندىلا، جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىدىكى سېسىقچىلىقنى ئۈزۈل- كېسىل يوقاتقىلى بولىدۇ.

# ياپونىيىدىن ئۆگىنىمىزمۇ ياكى كورىيىدىنمۇ؟

(مۇقەددىمە ئورنىدا)

## ئۆزگىچە ياپونلار

ئاسىيانىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىغا پار كېمىلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن ئەجنەبىيلەر مۇنداق ئىككى ئىشقا ھەيران قالغانىدى: بىرى، رىۋايەتلەردىكى قۇدرەتلىك جۇڭگو ئىمپېرىيىسى بىر پەشۋاغا يارىمىدى. يەنە بىرى، ياپونلار كرىزىس ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاقىلانىلىكى ۋە چېچەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئەجنەبىيلەرنىڭ ھەيۋىسىگە دۇنيادا ھېچقانداق دۆلەت ياپونىيىدەك تېز ۋە ئۇتۇقلۇق ئىنكاس قايتۇرالمىغانىدى. ياپونلار غەربتىن پۈتكۈل زېھنى بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق، قىسقىغىنا 40 يىل ئىچىدە ئالىقانچىلىك ئارالنى دۇنياۋى قۇدرەتلىك ئەلگە ئايلاندۇردى. ھالبۇكى بۈيۈك جۇڭگو ئىمپېرىيىسى بولسا مەغلۇبىيەت پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەچكە، ئۆزىنى ئوڭشاش يولىدا ئوڭۇشسىزلىق ۋە دىشۋارچىلىقلارنى يەتكۈچە تارتىپ تاكى 100 نەچچە يىلدىن كېيىن يەنى 1949- يىلى ئاندىن سىياسىي جەھەتتىكى مالىمانچىلىقلاردىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى سانائەتلەشتۈرۈش دەۋرىدىلا تۇرۇپ قالدى.

جۇملىدىن ياپونىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ مەغلۇبىيىتى كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولدى- دە، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيىدىن ئۆگىنىش جۇڭگولۇقلارنىڭ ئورتاق ئېڭىغا ئايلاندى. يەنى 1898- يىلى كاڭ يۇۋېي ياپونلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ يېزىقى ئوخشاش، ئىرقى ئوخشاش، ئىككى ئەلنىڭ كونكرېت ئەھۋالىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ياپونلار قىلالىغان ئىشلار جۇڭگولۇقلارنىڭمۇ

قولىدىن كېلىدۇ، دەپ قارىغاچقا گۇاڭشۇ خانغا "قانۇن ئۆزگەرتىشتە ياپونلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە يول تۇتۇشقا بولمايدۇ؛ شۇڭا خاندانلىقىمىزنىڭ قانۇنىدا پۈتۈنلەي ياپونلاردىن ئەندازە ئالماق كېرەكتۇر" دېگەن تەكلىپنى بەردى. 1907 - يىلى ياپونىيىگە ئەلچىلىككە چىققان ۋەزىر دا شومۇ گۇاڭشۇنىڭ "رەقىب"ى سىشىغا "ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭلىماق زۆرۈردۇر. باشقا ئەللەرمۇ بىر-بىرىدىن ئۆرنەك ئالىدىكەن. شۇڭا بىز ياپونلاردىن ئۈلگە ئالساق، كۆپ ھەرەج تارتمايلا زەپەر قۇچالىشىمىزدا گەپ يوق" دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. سۇن جۇڭشەن ياپونىيىنىڭ يوكوخاما شەھىرىدە چېچىنى كېسىۋېتىپ، ئۆزىگە ياپونچە ئىسىم قويدى ۋە ئۇچىسىغا ياپونلار تىككەن كاستۇم-بۇرۇلكىنى كىيىپ، جۇڭگونىمۇ ياپونىيىدەك قۇدرەت تاپقۇزۇشقا قەسەم ئىچتى. جۇڭگو ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە، ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ جۇڭگولۇقلارنى ياپونلاردىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان كىتابلار يېغىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە يەنە بىر قېتىم جۇڭگو ئىسلاھاتىنىڭ كوزۇر ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

ۋەھالەنكى، 100 يىلدىن بۇيانقى ياپونلاردىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدىن جۇڭگولۇقلار بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندى. جۇملىدىن كاڭ يۇۋېينىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى ھەش- پەش دېگۈچە مەغلۇپ بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ھەرىكەت گۇاڭشۇ خانىنىڭ 100 نەچچە پارچە پەرمان چۈشۈرۈشىگە تۈرتكە بولغاندىن باشقا، جۇڭگو جەمئىيىتىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىدى. ۋالىدە خان سىشى ئاساسىي قانۇن تۈرغۇزۇش ئىشىدا ياپونىيىنى دوراپ بېقىۋىدى، غازنى دوراپ ماڭىمەن دەپ ئۆردەكنىڭ چاترىقى يىرىلىپتۇ، دېگەندەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. ياپونىيىنى ئۈلگە قىلىپ باققان سۇن جۇڭشەن بىلەن جياڭ جيېشىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگونى بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرالمىدى. جۇڭگو پەقەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى

سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاپتى. بۇ يول غەرب ئەللىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك شېرىن ئارزۇ- ئىستەككە مۇخالىپ ئاقىۋەتلەر، ياپونىيە تەجرىبىسىنى جۇڭگوغا شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭ ئاقمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇنىڭ سەۋەبى دەل جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ شەرت- شارائىتى ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەردىن بولغانلىقىدا.

لېكىن، جۇڭگولۇقلار ياپونىيىنى "يېزىقى ۋە ئىرقى ئوخشاش، يېقىن قوشنىلار" دەپلا قارايدۇ. دۇرۇس، ھەربىر جۇڭگولۇق ياپونىيىنىڭ ئىلگىرى جۇڭگونى ئۇستاز تۇتقانلىقىنى، جۇملىدىن جۇڭگونىڭ چاغئەن شەھىرىگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر»، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»نى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا 100 نەچچە يىل مابەينىدە جۇڭگولۇقلار"جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ شۇڭا ياپونىيىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىسەك ئاسانغا چۈشىدۇ"دېگەن خاتا تونۇشتا بولۇپ كەلدى.

بۇ خاتا تونۇشلا ئەمەس، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىدى.

چۈنكى ياپونلار دۇنيادىكى ھېچقانداق مىللەتكە ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە مىللەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونلاردىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىككە تەبىر بېرىشمۇ ناھايىتى قىيىن. بۇ ھەقتە بېنېدىكتىكېرت: "ئامېرىكىنىڭ جان- جەھلى بىلەن ئېلىشىپ باققان دۈشمەنلىرى ئىچىدە ياپونلار خۇلق- مىجەزىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر خەق" دېگەنىدى. لى گۇاڭياۋمۇ: "ياپونىيە ئاددىيتىكى دۆلەت ئەمەس، ئۇ بىر پەۋقۇلئاددە دۇنيا. شۇڭا بۇ نۇقتىنى ئەستە تۇتماي بولمايدۇ" دەپ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقانىدى.

ئەمەلىيەتتە، ياپونىيىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى جۇڭگونىڭكىگە

ئەمەس، بەلكى غەرب ئەللىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئالايلۇق، بيۇروكرات ھۆكۈمرانلىق يولغا قويۇلغان قەدىمكى جۇڭگودا جاھاننىڭ ھەممىۋاسى پادىشاھنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، ياپونىيىدە بولسا غەربنىڭ زېمىندارلار تۈزۈمىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان تۈزۈلمە يولغا قويۇلغانىدى. ياپونىيىنىڭ تۇنجى ئوغۇل مىراسخورلۇق تۈزۈمى، ۋارىسلىق دەرىجىسى تۈزۈمى، ھوقۇقنى تېننوغا(ياپونىيە تەڭرىقۇتى — تەرجىماندىن) ۋە خاندانلىق مەھكىمىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى، سامۇرايلار تۈزۈمى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى يېقىن قوشنىسى جۇڭگونىڭكىگە ئەمەس، بەلكى ياۋروپا- ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ يەنە بىر چېتىگە جايلاشقان فېئوداللىق دەۋردىكى غەربىي ياۋروپانىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

گەپنى ئۇدۇللا دېسەك، قەدىمكى جۇڭگودا ھەرقانداق ھوقۇق پادىشاھقا مەنسۇپ بولغاچقا، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەنىدى. ئەمما ياپونىيىدە بولسا ھەرقانداق قارار ۋەزىر- ۋۇزرالارنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى ئاساسىدا چىقىرىلاتتى. ياپونىيىدە تېننو شاھ "ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ ئىگىسى" دېيىلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەتتا قورساق تويغۇزۇشتىمۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان قارانچۇق بىچارە ئىدى. رېسچائۇرنىڭ «ياپونلار» ناملىق كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ياپونىيىنىڭ قايسى بىر دەۋردىكى تېننو شاھى يوقسۇزلۇقتىن ھەتتا ھۆسنخەتلىرىنى خۇپىيانە ئاچقىپ سېتىشقا مەجبۇر بولغانىكەن.

كۆڭۈزچىلىققىلا بەيئەت قىلىنىدىغان جۇڭگودا ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىك يۇرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭزى ئىدىيىسى ھەرقانداق پۇقرانى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئۆزگەرمەس قاتمال ئەقىدىگە ئايلانغانىدى. ئەمما ياپونىيىدە بولسا ھۆكۈمدارلار قاتلىمى سانىلىدىغان خاندانلىق مەھكىمىسى سامۇرايلىرى ھەقىقىي ئىدراكچىلاردىن بولۇپ، زىيالىيلار ئاساسەن ئەقىلچى ۋە ياردەمچى ئەمەلدارلىق رولىنى ئوينايتتى؛ شۇڭا پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىلەتتى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋېي يۈەن «چەت ئەل جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغانىدى. لېكىن جۇڭگودىكى زىيالىيلار بىلەن بيۇروكراتلار بۇ كىتابنى پەرۋايىغا ئالماي چۆرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب جۇڭگو زېمىنىدىن يوقالدى. ئەمما ياپونلار بولسا بۇ كىتابنى تۇتىيا بىلىپ، قايتا- قايتا نەشر قىلدى.

جۇڭگودا قەدىمدىن تارتىپلا "بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار" دەيدىغان ئىدىيىگە بەيئەت قىلىنىپ كەلدى. لېكىن ياپونىيە مالتۇسنىڭ نوپۇس تەلىماتى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا نوپۇسقا چەك قويغانىدى. جۇڭگولۇقلار ئادەتتە ئائىلىگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن ياپونلار بولسا كوللېكتىپقا ساداقەت كۆرسىتىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ناتۇرال دېھقانچىلىق ئىگىلىكى سىياسىي تۈزۈمنى بەكمۇ قاتماللاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بيۇروكراتلار تۆرىنىڭ كاللىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، سودىگەرلەرنى كالاچ بازىرىدا قالدۇرۇۋەردى. قەدىمكى ياپونىيىدە تاۋار ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي تاپقان؛ شۇڭا سودىگەرلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەتتا بەگلەرنى كونترول قىلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشالايتتى. يەنە كېلىپ ياپونىيە مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى مەزگىلى(مىلادى 1868- يىلى)دىلا ئىگىلىك تېپىنى يېڭىلاپ بولغانىدى. ھالبۇكى ئېلىمىزدە بولسا ناتۇرال دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئاسارىتى تاكى بۈگۈنگىچە ساقلانماقتا.

... ...

دېمەك، ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا تەمتىرىمەي يۈگۈرەلىشى، ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى قەدىمكى ياپونىيىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرىكى غەربىي ياۋروپانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ زامانىۋىلىققا يۈزلىنىشتە جۇڭگوغا ئوخشاش

تالاپەتكە ئۇچرىمىدى. يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، ياپونىيىنىڭ تەجرىبىسى ئېلىمىزگە نىسبەتەن مۇئەييەن دائىرىدىلا كارغا كېلەتتى. لېكىن ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جۇڭگو زەئىپلەشكەن قېرىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ناتۇرال ئىگىلىكتىن ئىبارەت بۇ كېلەڭسىز قوشۇننى قاتمال ئاڭ ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئاسارىتىدە چاك- چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىۋاتقان چىرىك بىيۇروكراتلار توپىغا تايىنىپ، يېتەكلەپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئوڭشاش بەكمۇ مۈشكۈل ئىدى، ئەلۋەتتە.

## قەدىمكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جۇڭگودىن مەدەنىيەت ئۆگىنىشى

چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇرىدىن كۈچ- قۇۋۋەت ئېلىپ كەلدى. چاۋشيەن يېرىم ئارىلى قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگونى مۇكەممەل ئۆرنەك بىلگەچكە، ھەرقانداق ئىشتا جۇڭگونى ئۈلگە قىلاتتى.

چاۋشيەن لى خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى لى چېڭگۈي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسىغا ئوخشاشلا خانلىق تەختىنى ئەلەم كۈچى بىلەن تارتىۋالغانىدى. ئۇ نەسەپ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەبەدىي ساقلاش ئۈچۈن، قەدىمكى جۇڭگونىڭ ھاكىمۇتلەقلىقىنى ئەينەن كۆچۈردى، شۇنداقلا قەلەمدارلارنى بېشىغا ئېلىپ، ئەلەمدارلارغا ئېتىبارسىز قاراپ، كوڭزىچىلار مۇستەبىتلىكىنى يۈرگۈزدى.

لى خاندانلىقىمۇ ئەمەلدارلارنى تاللاشتا كېجۈي تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. چاۋشيەنىنىڭ كېجۈي تۈزۈمىدىمۇ جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسىدىكىگە ئوخشاش ئىمتىھان پۈتۈنلەي تالىپلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى بوغۇش مەقسىتىدە لايىھىلىنەتتى. جۈملىدىن تالىپلاردىن پۈتۈنلەي «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر»نى قارىيچىلاپ يادلاپ بېرىش

تەلەپ قىلىناتتى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. دېمەك، بۇ خىل ئىمتىھاننى ئەمەلدار تاللاش دېگەندىن كۆرە مۇستەبىت تۈزۈمگە قورۇقچى تاللاش دېگەن تۈزۈك، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئىمتىھاندا كۆپىنچە «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر» دىكى ئەخلاق دوگمىلىرىنى يادلاشقا ئۇستا تالىپلار تاللىنىپ چىقاتتى. چۈنكى بۇ خىل ئەمىر- مەرۇپ دوگمىلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قىلچە پايدىسىز بولغىنى بىلەن، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۈچۈن رولى چوڭ ئىدى. شۇڭا لى خاندانلىقىنىڭ بيۇروكراتلىرىمۇ جۇڭگونىڭ ھاكىممۇتلەقچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. يىن باۋيۇن «كۈڭزىچى ئەللەردىكى زامانىۋىلىق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: " بيۇروكراتلار قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، كاللا دېسە پاچاق دەيدىغانلاردىن بولغىنى بىلەن ھوقۇق، نام- شۆھرەت ۋە بايلىق شۇلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. بۇ ئوڭدا يېتىپ يەيدىغان تەييارغا ھەييار غوجاملار ئەينى زاماندا جەمئىيەتتىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ گۇرۇھ ئىدى. "

ئۇردا ئەمەلدارلىرى گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ئۆزئارا ئورا كولىشاتتى، ھوقۇق- مەنپەئەت تالىشاتتى. قەدىمكى چاۋشيەن خانلىق ئوردىسىدىمۇ خۇددى ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى " مەغرىب پىرقىسى" بىلەن "ئاغۋاتلار پىرقىسى"نىڭ تۈگىمەس جەڭگە- جېدەللىرىگە ئوخشاش، "مەشرىقپەرەسلەر"، "مەغرىبپەرەسلەر"، "جاھىللار"، "جەدىتلەر" دېگەندەك گۇرۇھلار ئارىسىدىكى تەپرىقىلەر تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. ئېلىشىشتا قايسى تەرەپ يېڭىپ تەختكە چىقمىسۇن، قارشى تەرەپنى كۆزدىن يوقىتاتتى؛ ھەتتا قارشى تەرەپنى ئۇرۇقىدىن قۇرۇتىۋېتەتتى. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئوردىدىكى پىرقىلەر ئارا ئەۋج ئالغان جەڭگە- جېدەل ئاخىرى بېرىپ ئەلنى ھالاك قىلغان بولسا، قەدىمي چاۋشيەن ئوردىسىدىكى گۇرۇھلار تەپرىقىسى ئاخىرى 16- ئەسىرگە كەلگەندە دۆلەتنى ياپونلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئېلىمىز مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ يۈەنجاڭ ئاۋامنى ئىسكەنجىسىدە چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، پۇقرالارنى دەرىجىگە ئايرىپ، يول خېتى تۈزۈمىنى ئىشقا سالغانىدى. يەنى ئادەتتىكى پۇقرالار 100 چاقىرىم دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقماقچى بولسا تۆرىلەر مەھكىمىسىدىن يول خېتى ئالاتتى. يول خېتى ئالمىسا قاچقۇنلار قاتارىدا جازاغا تارتىلاتتى. شۇڭا پۇقرالار ئۇ چاغدا بەئەينى مەھبۇسلارغىلا ئوخشايتتى. ئەمما چاۋشيەن لى خاندانلىقى جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسىدىنمۇ ئاشۇرىۋەتتى. يەنى پۇقرالارغا خۇددى مەھبۇسلاردەك نومۇر سالدى. پۇقرالار ئادەتتە بوينىغا نومۇر تاختىسىنى ئېسىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. تاختىغا پۇقرالارنىڭ ئىسىم- فامىلىسى، يېشى، سالاھىيىتى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنى يېزىپ قويۇلاتتى. دورغىلار پۇقرالارنىڭ بوينىدىكى نومۇر تاختىسىنى خالىغانچە تەكشۈرۈپ كۆرەتتى.

چاۋشيەننىڭ لى خاندانلىقى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوخشاشلا مۇقىملىقنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلغانىدى. شۇڭا چاتاق چىقىپ قالارمىكىن دەپ خەۋپسىرەپلا يۈرىدىغان بيۇروكراتلار گۇرۇھى جەمئىيەتنى چاڭگىلىدا ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى. پۇقرالار توپلىشىپ قالسا جەمئىيەت مۇقىملىقىغا نۇقسان يېتىدۇ دەپ قارىغان لى خاندانلىقى ھەتتا ئاستانىدىن باشقا جايلاردا بازار ئېچىشنىمۇ تەقىپ قىلىۋەتكەنىدى.

بۇنىڭدا قەدىمكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ زامانلاردا چاۋشيەن خانلىق ئوردىسىنىڭ كۈچلۈك دەۋىتى ۋە كورىيان مىللىتىنىڭ ئۆتە كاجلىقى ۋەجىدىن چاۋشيەن زىيالىيلىرى چېڭ جۇ تەرىقەت تەلىماتى[①] ئەقىدىلىرىگە ھەتتا جۇڭگو زىيالىيلىرىدىنمۇ ئۆتە چىڭ يېپىشىۋالاتتى. ئۇلار گويا ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىچىلەرگە ئوخشاش،

① (程朱理学) ئېلىمىز سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چېڭ خاۋ، چېڭ لاڭ ۋە جۇ شى قاتارلىقلار ياراتقان كۇڭزى تەلىماتى ئېقىمى، ئۇ يەنە تەرىقەت تەلىماتى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـ تەرجىماندىن.

جۇڭگونىڭ چېڭ جۇ تەرىقەت تەلىماتىنى بىر تۈرلۈك پەلسەپە دەپ ئەمەس، بەلكى جاھان ئەتىمشىلىرىنىڭ ھەممىسىگە باب كېلىدىغان، ئەبەدىلئەبەد ئۆزگەرمەيدىغان مۇتلەق ھەقىقەت، دەپ بىلەتتى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەمدىن ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئېتىقاد قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. كورىيىلىك ئالىم خۇاڭ بىڭتەي بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: "كورىيە كۇڭزىچىلىقىدا ئەلنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى كورىيىنىڭ مۇستەبىت ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن، پۇقرانى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك تۈپكى ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە سىياسىي مىزان سۈپىتىدە بويسۇندۇرۇش مەقسەت قىلىناتتى." چېڭ جۇ تەرىقەت تەلىماتى ھەتتا جۇڭگودىمۇ كورىيىدىكىدەك ئۇلۇغلىنىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، قەدىمكى كورىيە زىيالىيلىرى كۇڭزىچىلىق ئەسەبىيلىكىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭكىدىنمۇ رادىكاللاشتۇرۇپ، ئىنسانىي ئادىمىيلىكتىن تېخىمۇ چەتنىدى. ئاشۇ خىل ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىكنىڭ ھاكىملىقى بىلەن، چاۋشيەن خانلىق ئوردىسىدىكى پىرقىلار كۈرىشى جۇڭگونىڭكىدىنمۇ كۈچىيىپ، ئاخىرى ھايات- ماماتلىق جەڭگە- جېدەل دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئۇ زامانلاردىكى چاۋشيەن ھۆكۈمران سىنىپى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەكلىدىكى مەنىۋى مۇستەبىتلىكنى جان- جەھلى بىلەن تەرغىپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەقىسىدىگە يات ھېچقانداق پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يول قويمايتتى. كۇڭزىچىلىق ئەقىدىسى، قەدىمكى چاۋشيەنىنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرىنى بىر- بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ، ئاخىرى ئۇلارنى ھەرقانداق يېڭىلىققا پەقەت چەتكە قېقىش بىلەنلا ئىنكاس قايتۇرىدىغان گاراڭلىققا مۇپتىلا قىلىۋەتتى.

قىسقىسى، قەدىمكى چاۋشيەندىكى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى"مۇقىملىقنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇش"، "ئەبەدىلئەبەد ئاسايىشلىق بەرپا قىلىش" تەك سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئىشتا جۇڭگونى ئۇستاز تۇتۇپ، جۇڭگونىڭكىدىنمۇ

مۇتەئەسسىپ مۇستەبىت جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ چىقتى. دېگەندەكلا بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم جەمئىيەت مۇقىملىقى نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرالىغاچقا، لى خاندانلىقى 500 يىلغا يېقىن دەۋر سۈردى. ھالبۇكى بۇ خىل تۈزۈلمە ھەرقانداق يېڭىلىقنى چەتكە قاقىدىغان ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا ئىدى. چۈنكى يېڭىلىق يارىتىشتا كونا مەنپەئەت تەگچۈگلۈكى بۇزۇپ تاشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر قەدەمدە ھوقۇق تالىشىش خۇسۇسىدىكى قانلىق كۆرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ھەتتا دۆلەت يات ئەللەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغلاردىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق بولاتتى.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئەجنەبىيلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشتىن ئىلگىرىلا جۇڭگو جەمئىيىتىدىكىگە ئوخشاشلا نۇرغۇن قۇسۇر-ئەيىبلەرنى ئۆزىدە ھامىلە قىلىپ بولغانىدى. جۈملىدىن چاۋشيەن جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلغان مەدەنىيەت خۇرۇچلىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئېلىپ، ئۇنى ھەتتا تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرغانىدى.

دېمەك، كورىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى پاسسىپ ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاكتىپ ئامىللارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ھازىرقىدەك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى ھەسرەت-نادامەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بۇ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

## 300 يىل مابەينىدىكى ئۈچ پارچە ساياھەت خاتىرىسى

چيەنلۇڭنىڭ 46- يىلى 6- ئايدا چاۋشيەننىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى چيەنلۇڭ خاننىڭ 70 ياشقا تولغانلىق مەۋلۇت كۈنىنى پادىشاھ

نامىدىن قۇتلاش ئۈچۈن پيوڭياڭدىن يولغا چىقىپ ئېلىمىزنىڭ چېڭدې شەھىرىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىياۋ جىيۇەن ئىسىملىك بىر ئوقۇمۇشلۇق پۈتۈكچى بولۇپ، ئۇ قەلىمى كۈچلۈك، بىلىدىغىنى كۆپ كىشى ئىدى. جۇڭگو مەدەنىيىتى پىياۋ جىيۇەننى ئاجايىپ جەلپ قىلدى. شۇڭا ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپلا جۇڭگودا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى «رېخې خاتىرىلىرى» دېگەن نامدا كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتى. بۇ كىتابتا جۇڭگونىڭ بۈلۈك- پۇچقاقلىرىغا بىر كورىيانىنىڭ نەزىرى بىلەن باھا بېرىلگەنىدى.

«رېخې خاتىرىلىرى»دە ئاپتورنىڭ كۆزىگە چېلىققانلىكى نەرسە مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھازىرقى بەزى جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونىيە ياكى ياۋروپا سەپىرىدىن كېيىن يازغان ھاسىلىي خاتىرىلىرىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. «رېخې خاتىرىلىرى»دە يېزىلىشىچە، ئەينى چاغدىكى جۇڭگو ئاپتورنىڭ نەزىرىدە گويا ھازىرقى ئامېرىكا ۋە ياپونىيىگە ئوخشاش تەرەققىياتتا چېكىگە يەتكەن دۆلەت ئىدى.

يات ئەلنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا ئاتلاپ كىرگەن پىياۋ جىيۇەن جۇڭگونىڭ بىر چېگرا بازىرىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ: "ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئېگىز، دەرۋازىلىرى ناھايىتى رەتلىك ئىدى، دەرۋازا ئالدىدىكى كوچىلار تۈز ھەم تەكشى ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاناپتەك تۈز ھويلا تاملىرى پۈتۈنلەي خىشتىن قوپۇرۇلغانىدى. يولدا ئۇيياقتىن- بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان رېكشىلار، دۇكاندىكى رەتلىك تىزىپ قويۇلغان قاچا- قۇچا، فارفۇر ۋە ھۆسنخەت- رەسىملەردىن بۇلارنىڭ ناھايىتى مەدەنىي خەق ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى."

لېكىن، چېگرا بازىرىدىكى بۇ ھالەتنى كۆرگەن پىياۋ جىيۇەن نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىزلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، دۆلىتىگە دەرھال قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بۇ ھەقتە "تۇيۇقسىزلا كۆڭلۈم بۇزۇلدى، ۋۇجۇدۇم ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن شۇ يەردىلا

ئارقامغا قايتىش نىيىتىگە كەلدىم" دەپ يازىدۇ. ئەسلىدە ئۇ چاۋشيەننىڭ جۇڭگودىن بەكمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىغان، شۇنداقلا ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەرسە يۈرەكلىرىنىڭ تېخىمۇ زەرداپ بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەنىدى. چۈنكى جۇڭگونىڭ چېگرىدىكى كىچىككىنە بىر بازىرى بۇنداق تۇرغان يەردە، ئىچكىرىدىكى ئاۋاتراق جايلىرىنىڭ تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغانىدى.

پياۋ جىيۈەن كۆزىگە چېلىققان ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ كىتابىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "ئەتراپقا شۇنداق نەزەر سالسىڭىز ھەممە نەرسە كۆزىڭىزگە رەتلىك ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان چوكا چاغلىق نەرسىنىمۇ ئۇچرىتالمايسىز؛ ھەتتا ئېغىل- قوتانلىرىمۇ ئەپچىل ۋە كۆركەم بولۇپ، قوتاننىڭ ئالدىدىكى قىغ دۆۋىلىرى كۆزىڭىزگە بەئەينى نەپىس سىزىلغان رەسىمدەك كۆرۈنىدۇ."

ئېھتىمال جۇڭگولۇقلاردىن ھېچكىم قىغ دۆۋىلىرىنى "نەپىس سىزىلغان رەسىمدەك" دەپ تەسۋىرلەپ باقمىغان بولسا كېرەك.

پياۋ جىيۈەن كىتابىدا ئاشۇ بازار ھەققىدىكى تەسىراتلىرىدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: "ئاۋات رەستىلەر بەئەينى خان ئوردىسىدەك ياسداق ئىدى. جۇڭگونىڭ بۇنچىۋالا مەمۇرچىلىقتا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تۇتاش سېلىنغان دۇكانلار بىر- بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ئىشىك- دېرىزىلەر ۋە تۈۋرۈكلەردىكى رەڭدار نەقىشلەر، يېشىل كاھىشلار ئاستىدىكى ئالتۇن ھەللىك ۋېۋىسكىلار كۆز چاقنىتاتتى. دۇكاندىكى ماللار بىر- بىرىدىن ئېسىل ئىدى."

بۇ سەزگۈر سەيياھنىڭ نەزىرىدە قەدىمكى جۇڭگو ھەر جەھەتتىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، كامالەتكە يەتكەن دۆلەت ئىدى. يەنى پياۋ جىيۈەن ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قاتمال ۋە كونا قائىدە- يوسۇنلىرى پۈقرانى

جىنىدىن جاق تويغۇزغان چىلىڭ سۇلالىسىنى ھەرقانداق ئىشنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان مەدەنىيەتلىك ئەل، دەپ قارىغانىدى. شۇڭا ئۇ چاۋشيەن جۇڭگودىن ئومۇميۈزلۈك ئۈلگە ئالغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دېگەن يەكۈنگە كەلگەنىدى.

ئارىدىن 113 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1893 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىلىمىز جۇڭگو زەئىپلىك پاتقىقىغا تېخىمۇ پېتىپ، تاجاۋۇزچى يات ئەللەرنىڭ ھاقارىتىگە چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ جۇڭگو چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا قارىغاندا يەنىلا كۈچلۈك ئىدى.

شۇ يىلى كۈزدە جۇڭگونىڭ لەشكىرىي ئەمەلدارى نيې شىچېڭ شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يول ئۈستىدە چاۋشيەنگە كىرىپ باققانىدى. كېيىن چاۋشيەندە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىدىن بىر خاتىرە يېزىپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ يازغانلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چاۋشيەنىنىڭ قالاق تەرەپلىرى ئىدى.

نيې شىچېڭ مۇنداق يازىدۇ: "چاۋشيەنگە كىرىشىمىزگە ئايماق ۋالىيسى قورۇقچىلىرى بىلەن بىزنى كۈتۈۋالغىلى چىقتى. ئۇلارنىڭ قورۇقچىلىرى ئاتام زاماندىكىدەك كونىچە پاسوندا بولۇپ، دوبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى كېلەڭسىز، قولىدا كۆتۈرۈۋالغىنى جۇڭگولۇقلار قوش ئاتىدىغان ئۇۋ مىلتىقى ئىدى. مەھكىمە سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز چىمۇ كەلمەيتتى؛ ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تاش ـ شېغىللار قالايمىقان دۆۋىلەنگىنىك تۇراتتى، سېپىل كۈنگۈرىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۆپچۆرىدە تۈزۈكرەك رەستىنى كۆرگىلى بولمايتتى، پۇقرالارنىڭ رەتسىز تىكىلگەن كەپىلىرىنىڭ ئالدى ئىنتايىن مەينەت ئىدى."

"ئايماق ۋالىيسى بىزگە زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك شىرە قويۇلدى، ئۇلارنىڭ قاچا ـ قۇچىلىرى مىستىن ياسىلىدىكەن، بىراق بىر خىل غەلىتە پۇراقنىڭ دەستىدىن

گالدىن تاماق ئۆتۈلدىغاندەك ئەمەس ئىدى."

"بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىز فۇنىڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھكىمىگە باردۇق. سېپىل ئىچى ناھايىتى چۆلدەرەپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن پۇقرالارنىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. كورىيانلار ناھايىتى يالقاۋ بولغاچقا، ئىشلەپ تاپقىنى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا يۈرۈپ، كېيىنلىكىنى ھەرگىز ئويلاپ قويمايدىكەن، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە ئۇنى ئەقىل ئىشلىتىپ جانلىق ھەل قىلماي، كونا رامكىلارغا ئېسىلىۋالىدىكەن؛ كۆپ كىتاب ئوقۇمىغان بولغاچقا يازغانلىرى بىر- بىرىگە قولاشمايدىكەن؛ يازغان ئون ئېغىز سۆزىنىڭ يېرىمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن..."

نىپ شىچېڭ چاۋشيەن سەپىرىدىن كېيىن، چاۋشيەننىڭ پۇقرالىرى نامرات، يۇقىرى تەبىقىدىكىلىرى ئالغا ئىنتىلمەيدىغان، جاھىل ۋە قاتماللاردىن ئىكەن، دېگەن يەكۈنگە كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ زامانلاردا جۇڭگولۇقلار ئانچە- مۇنچە ئويغانغان ۋە ئەجنەبىيلەردىن ئۆگىنىپ ئۇلارنى ئاز- تولا دوراشنى باشلىغان چاغلار ئىدى. لېكىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى بولسا يەنىلا تاشقى دۇنيادىن قىلچە بىخەۋەر بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى.

ئىشقىلىپ، ئۇ چاغلاردا چاۋشيەنگە بېرىپ باققانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى نىپ شىچېڭغا ئوخشاش "بۇ دۆلەت تۈگىشىپتۇ" دەپ قارىغانىدى. مەسىلەن، جياۋۇ ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيىنىڭ چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى خىللىېر بىر پارچە خېتىدە مۇنداق يازغانىدى: "مېنىڭ قارىشىم بۇ دۆلەتنى كۆرۈپ باققان ھەرقانداق ئادەمنىڭكى بىلەن بىردەك. دېمەكچىمەنكى، بىرەر پىلاننى تۈزۈپ ئۇنى كورىيانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا قالدۇرۇش ۋاقىت ئىسراپ قىلغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۇلار نادانلىق ۋە چىرىكلىكتە ھەددىدىن ئېشىپتۇ، بۇ خەقنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قىلچە ئۈمىد قالماپتۇ."

تاكى 1916- يىلىغا كەلگىچە كورىيە يەنىلا "تۈگەشكەن دۆلەت"

دەپ قارىلىپ، دۇنيادىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ نامرات، سىياسىي جەھەتتە ئەڭ چىرىك ئەللەر قاتارىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا جۇڭگومۇ دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن كورىيە جۇڭگودىنمۇ نامرات ئىدى. شۇڭا ئامېرىكىلىقلار كورىيىنى "قىلچە ئۈمىد قالمىغان ھالاكەت جىلغىسى" دېيىشكەنىدى.

ھالبۇكى، كورىيىنىڭ ئويغىنىشى ئەينى زاماندىكى ياپونىيىگە ئوخشاش دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى نەچچە ئېرا غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ ئەلنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ھامىلە ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. 1962 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 83 دوللاردىن 1553 دوللارغا يەتتى. بۇنداق تېز سۈرئەتلىك كاتتا تەرەققىيات كورىيىنى بىراقلا يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت دۆلەتلىرى قاتارىغا ئېلىپ كىردى. جۈملىدىن كورىيىنىڭ كېمىسازلىق، ئاپتوموبىل، ئېلېكتىرون ئۈسكۈنىلىرى، سۈنئىي تالا قاتارلىق ساھەلەردىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازارغا كىرىپ، كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەيران قالارلىق رىقابەت كۈچىنى نامايان قىلدى. 1988 ـ يىلى كورىيە كېيىن تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىلىشىنى ئۆتكۈزدى ھەمدە كورىيە ئۆتكۈزگەن شۇ قېتىملىق پائالىيەت ئولىمپىك تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مەرىكە بولدى. 1991 ـ يىلى كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە GDPقىممىتى 6000 دوللاردىن ئېشىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەھەتتە" ئاسىيادىكى تۆت نوچى"نىڭ بىرىنچىسى بولدى. ئۇ چاغدا گەرچە كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە GDP قىممىتى سىنگاپور، شياڭگاڭ ۋە تەيۋەننىڭكىدىن كېيىن تۇرسىمۇ، لېكىن كورىيە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن بىرگە،

دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈش جەھەتتىمۇ بۆسۈش ياسىغانىدى. تېخنىكا ۋە مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەردە كورېيە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىگە كۈچلۈك خىرىس پەيدا قىلىپ، دۇنيادىكى "ئىككىنچى ياپونىيە"دەپ ئاتالدى.

1995 ـ يىلى كورېيە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 10 مىڭ 37 دوللارغا يەتكۈزۈپ، تۈمەن دوللارلىق نىشانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن كورېيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا دۇنيادا 11 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ خىل بۆسۈش كورېيانلارنىڭ يۈرىكىدە كورېيىنى دۇنيادىكى ئون چوڭ كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا كىرگۈزۈش، 2010 ـ يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى ئامېرىكا، ياپونىيە، جۇڭگو ۋە روسىيىدىن قالسىلا بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئاسىيا ھەتتا دۇنيانىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشتەك كۈچلۈك ئىستەك تۇغۇلدى.

مانا ھازىرچۇ؟ كورېيىنى كۆرۈپ باققان جۇڭگولۇقلار 200 يىل بۇرۇنقى پياۋ جىيۈەننىڭ جۇڭگونى ماختىغىنىدەك كورېيىنىڭ ھەممە نېمىسىنى ماختايدۇ، گويا ئەينى زاماندىكى پياۋ جىيۈەن ئۆز ئېلىنىڭ ئاۋارىلىقىدىن ھەسرەت چەككەندەك، جۇڭگونىڭ قالاقلىقىدىن نادامەت ئىچىدە ئۇھ تارتىدۇ.

ئەينى زاماندا پياۋ جىيۈەن جۇڭگودىكى بىر بازارنىڭ رەتلىك ۋە كۆركەملىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بولسا، ھالا بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار كورېيىنىڭ پاكىزلىقىغا ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ.

مەلۇم بىر توردا مۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ: " سېئۇل، چاڭ ـ توزانسىز، ساپ ھاۋالىق كوچىلىرى بىلەن بېيجىڭدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇنداق قارىسىڭىز زەررە چاغلىق چاڭ ـ توزان قونمىغان يوللاردىن باشقا ھەممە ياقنى ياپيېشىل چىمەنزارلىق قاپلىغانلىقىنى كۆرۈسىز. كۆك ئاسمان گويا سۇدا يۇغان ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە تىنىق كۆرۈنىدۇ، توپ ـ توپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئەرشتە ئۇچۇپ

تۇلپارلارنى ئەسلىتىدۇ.“

”سېئۇلدىكى ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ناھايىتى تولۇق ۋە مۇكەممەل بولىدىكەن. بولۇپمۇ ئاممىۋى ھاجەتخانىلار تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. مېھمانسارايلارنىڭ ھاجەتخانىلىرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىچىككىنە ئاشپۇزۇللارنىڭ ھاجەتخانىلىرىمۇ ئىنتايىن پاكىز بولىدىكەن. سېئۇلدا گەرچە پۇل ئالىدىغان ھاجەتخانىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان بولسامۇ، لېكىن ھاجەتخانىنىڭ ھەرقاندىقىدا قەغەز، ئەينەك دېگەندەك نەرسىلەر كەم بولمايدىكەن. چوڭراق ئورۇنلارنىڭ ھاجەتخانىلىرى تېخىمۇ مۇكەممەل لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەتتا مېيىپلار ئولتۇرىدىغان ئورۇنلارمۇ ئايرىم ياسىلىدىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ ئېلىمىزدىكى ئاممىۋى سورۇنلارغا تەۋە نۇرغۇن ھاجەتخانىلارنى قوتاندىن قېلىشمايدىكەن، دەپ قالدىم. كورىيىدە كىشىلەر ھاجەتخانىنى ’پەردازخانا‘ دەپ ئاتايدىكەن. ھەتتا، مەنمۇ كورىيىدە نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ھاجەتخانىلاردا گىرىم قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.“

پىياۋ جىيۋەن ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى ماختىغانىدى. مانا ئەمدى بىز جۇڭگولۇقلار كورىيانلارنى ”ساپالىق خەقكەن“ دەپ ماختىغىلى تۇردۇق:

”كورىيىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى بولغاچقا، كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا قېرى- ئاجىزلارغا ئۆزلۈكىڭىزدىنلا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشىڭىز كېلىدۇ. قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش كورىيىدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ھېچكىم يولدىن كېسىپ ئۆتمەيدىكەن، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى پىيادىلەر ئۆتىدىغان بالداقلىق يولنىڭ ئېغىزىدا تىزىلىپ تۇرۇپ، ئۇدۇلدىكى يېشىل چىراغ يانغاندا ئاندىن ئۆتىدىكەن.“

نىي شىچىڭ ئەينى زاماندا كورىيانلارنىڭ لايغەزەللىكىدىن خورسىنغان بولسا، مانا ئەمدى بىز يېڭى زامان كورىيانلىرىنىڭ

ئىشچانلىقىنى تەرىپلەشكە ئۆتتۇق: "ئادەتتە كوچىدا كىتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ يول مېڭىش سۈرئىتىدىن شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىھاتچان ياكى ئەمەسلىكى، ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى جەزم قىلغىلى بولارمىش. ئاسىيادا توكيولۇقلارنىڭ كوچىدىكى مېڭىشى ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىنمۇ تېز ئىدى. لېكىن شياڭگاڭلىقلار بۇ جەھەتتە ياپونلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ۋەھالەنكى كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، كورىيانلارنىڭ يولدا شياڭگاڭلىقلاردىنمۇ تېز ماڭىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. ھەتتا ياپونلارنىڭ ئۆزىمۇ 'ھازىرقى كورىيانلار ئىلگىرىكى ياپونلاردەك تىرىشچان بولۇپ كەتتى' دەپ ئۇھ تارتارمىش."

بۇلارنى سىېلىشتۇرۇپ كۆرسە ئادەمگە گويا يەر- جاھان چۆرگىلەپ، زاماننىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ."ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى يورۇق بولىدۇ" دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ. نەچچە 10 يىل ئىچىدىلا جۇڭگونىڭ ئىلغارلىقى بىلەن كورىينىڭ قالاقلىقى خۇددى چۆچەكلەردىكىدەكلا ئالمىشىپ قالدى. بۇ ھال بىزنى "بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟" دېگەن چىگىش سوئال ئىچىدە گاڭگىراتماقتا.

مېنى كورىينى تەتقىق قىلىپ كىتاب يېزىشقا دالالەت قىلغان نەرسىمۇ دەل ئاشۇ سوئالدۇر.

## بىز سەل قارىغان كورىيە تەجرىبىسى

كورىينىڭ قانداق قەد كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەندە تۇيۇقسىزلا "كورىينىڭ تەجرىبىسى، زامانىۋىلاشتۇرۇش دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتقان كۈكزىچىلار ئېقىمىدىكى جەمئىيەتكە يېڭىچە چىقىش يولى ئىمكانىيىتىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىكەن" دېگەن تەسىرات پەيدا بولدى.

كورىينىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى مۇنداق

ئىككى ئامىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرى، كورىيە زامانىۋى تۈزۈمنى ئۆزلۈك-كېسەل قوبۇل قىلدى؛ يەنە بىرى، كورىيان مىللىتىنىڭ مىللەت خاسلىقىنى خېلى مۇكەممەل ساقلىيالىدى. كورىيىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئەمەللىرىدىن "پىلانلىق ئىگىلىك ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىش، ئاممىۋى ھەرىكەت قوزغاش، ۋەتەننى ئائىلە دەپ بىلىشتەك خالىسانە روھ..." دېگەنگە ئوخشاش بىزگە تونۇش بولۇپ كەتكەن نەرسىلەردىن ئۆزگە ھېچقانداق سىرنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. قىسقىسى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇنقى كورىيە جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى تۇغقاندارچىلىقى بىزنى "كورىيانلار قىلالىغان ئىشلار جۇڭگولۇقلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ" دېگەن ئويغا كەلتۈرمەي قويمايدۇ.

1978- يىلدىن بۇيانقى 25 يىل مابەينىدە، جۇڭگودا غايەت زور ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن مەسىلىلەر تىندۇرمىسى ئىچىدە قالدۇق. دۇرۇس، ئۆز ۋاقتىدا كورىيىمۇ ئاشۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچار بولغانىدى. لېكىن كورىيانلار ئۇ مەسىلىلەرنى جۇڭگوغا قارىغاندا تېز، ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالىدى.

مېنىڭچە، جۇڭگوچە ئىسلاھات بىلەن كورىيىچە تەرەققىيات ئارىسىدىكى پەرق تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، كورىيە تەرەققىياتتا مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىپ، نەزىرىنى يىراققا تىكتى، دۆلەت سىياسىتىمۇ بۇنىڭغا يىمىرىلمەس قالقان بولالىدى. جۈملىدىن ئۇلار مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مۇھىتقا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەردى. لېكىن ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم رايونلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ھالقىلىق ساھەلەردە قوللانغان تەدبىرلىرىنى كورىيىنىڭكىگە تەڭلەشتۈرۈپ بېقىش تەسرەك. يەر ۋە ئېغىر سانائەتكىلا تايىنىشتەك كونا دەسمايىمىز ئۈچۈن ئاخىرى مائارىپ، مۇھىت ۋە بايلىقنى قۇربان قىلىپ بەردۇق. جۈملىدىن ئەلنى

تەرەققىياتقا يېتەكلەش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزدە بار تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئىمكانىيەتلەرنى ۋەيران قىلدۇق.

مائارىپنى ئېلىپ ئېيتساق، كورىيە ئاۋامنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، ئىشنىڭ بېشىدىلا "مائارىپقا يول بېرىش"كە ئادەتلەندى. بۇنىڭ بىلەن گاللغا يەيدىغاننى مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، مائارىپنى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. شۇڭا، كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا سالغان دەسمايىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئىچىدە ئىزچىل يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تەڭ قەدەم ئالغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئالايلۇق، 1945 - يىلى كورىيىدىكى ساۋاتسىزلار نىسبىتى 75 پىرسەنت بولۇپ، جۇڭگودىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن 51 يىل ئۆتۈپ 1996 - يىلىغا كەلگەندە، كورىيىلىكلەر ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە پۇقرالارنىڭ نىسبىتى 37 پىرسەنتكە يەتتى. جۇملىدىن بۇ جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرالىيىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپ، دۇنيادىكى مائارىپى ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەمما جۇڭگودىچۇ؟ بۇ نىسبەت بەش پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەچكە، ئېلىمىز دۇنيادىكى مائارىپى ئەڭ ئارقىدا قالغان ئەللەر قاتارىدا تۇرۇۋاتىدۇ. كورىيە پۇقرالىرىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ساپاسى كورىيە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئاخىرى "خەنجياڭ مۆجىزىسى"نى ياراتتى. كورىيىنىڭ ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىدىن ناھايىتى تېز قۇتۇلالىغانلىقى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. كورىيە ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى كۈندىن - كۈنگە روشەن نامايان قىلدى. مەسىلەن، كورىيە پۇقرالارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پاتېنت سانى جەھەتتە دۇنيادا ياپونىيىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما ئېلىمىزدىكى

كۆنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقان تۆۋەن مەلۇماتلىق نوپۇس ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە چۈشىدىغان بېسىمنى بارا- بارا ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ باردۇ. كورىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولدى. ئەمما ئېلىمىزدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى 2001- يىلى ئاران 52 پىرسەنتكە يەتتى. قىسقىسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەنلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن تىرمىشىۋاتىدۇ ياكى ئۆيىدە ئىشسىز ئولتۇرىدۇ، دېگەن گەپ. دېمەك، يىلسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان تۆۋەن مەلۇماتلىق نوپۇس بۈگۈن تېز راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ بويىنغا ئەتىلا ناھايىتى ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى سالماي قالمايدۇ.

بۇ خىل پەرقنىڭ نېگىزلىك سەۋەبى دەل بىر قىسىم رايونلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈۋاتقانلىقىدا. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، قورۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ ھەش- پەش دېگۈچە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ھالبۇكى مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ كارامىتىنى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئاندىن كۆرۈدىغان گەپ.

ئىككىنچى، كورىيە ھۆكۈمىتى جەمئىيەتنى ئېنىق پىلان ۋە كۈچلۈك تەدبىرلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇردى. جۇملىدىن بۇ جەرياندا كۆرۈلگەن بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدىكى پەرق، يېزىلار مەسىلىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۈچلۈك تەدبىرلەر بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ھەل قىلىپ، تەرەققىياتنىڭ ئەگرى يولغا مېڭىپ قېلىشىنى ۋاقتىدا ئوڭشاشقا قادىر بولالىدى. ئەمما بىز بولساق تەرەققىيات داۋامىدىكى بەزى ئېغىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىمۇ كورىيىگە قارىغاندا پوزىتسىيىمىز "قاراپ بېقىش، قويۇۋېتىش" بولسا ، تەدبىرلىرىمىز "بوش، يۇمشاق" بولۇپ كەلدى. بۇ ھال ئاخىرى بېرىپ بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ تەدرىجىي يىغىلىپ قېلىشى، ھەتتا ئەدەپ كېتىشىگە

سەۋەب بولدى. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسى، چېرىكلىكنى تېزگىنلەش مەسىلىسى، داۋالىنىش، مائارىپ، تۇرالغۇ مەسىلىسى قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

يېزىلار مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، 2002 - يىلىغا كەلگەندە ئېلىمىزدىكى شەھەرلىكلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىم پەرقى نىسبىتى تۇنجى قېتىم 3:1 لىك ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، 3.1:1 گە يەتتى. بۇ نىسبەت نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى 1.5:1 لىك نىسبەتتىن خېلىلا يۇقىرى، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئېلىمىز يېزىلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قالاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلار مائارىپ، داۋالىنىش ۋە باشقا جامائەت ئەسلىھەلىرىدىن بەھرىلىنىش جەھەتتە ئېغىر ئادالەتسىزلىككە ئۇچراۋاتىدۇ. دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بۇ خىل ئېغىر ئەھۋال، دەل بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۇزۇن مۇددەتلىك تىندۇرما مەسىلىلەرنىڭ مەھسۇلى. ئېلىمىز ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاتلاندى. دېمەك، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك لايىھىسىنىڭ پات ئارىدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئىلگىرى كورىيىمۇ يېزىلار مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنىدى. پياۋ جېڭشى تەختكە چىققاندىن كېيىن كورىيىدىكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. 1962 - يىلى كورىيە دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 71 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلەتتى. لېكىن 1970 - يىلىغا كەلگەندە بۇ نىسبەت 61 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ چاغدا كورىيە يېزىلىرىدىمۇ ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قالاق، دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. لېكىن كورىيە يېزىلىرى شۇ زامانلاردا يولۇققان ئۇ مەسىلىلەرنى ئېلىمىز يېزىلىرى نۆۋەتتە دۇچار بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىغاندا ئانچىكىلا ئىشلار ئىدى، دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

كورىيانلار "يوقسۇزلۇق قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى تەڭسىزلىكتۇر" دەيدىغان كۆڭزىچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرگە ھەرگىز چىدىمايدۇ. شۇڭا پياڭ جيڭشى ئەينى زاماندا كورىيىچە "يېڭى يېزا ھەرىكىتى" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېزىلار مەسىلىسىنى غەيرەت بىلەن ھەل قىلغانىدى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، كورىيىنىڭ ئەينى زاماندىكى "يېڭى يېزا ھەرىكىتى" سانائەتتىن تاپقان دەسمايىنىڭ بىر قىسمىنى يېزىلارغا سېلىپ، شەھەرلىكلەر كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشتىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1972 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كورىيە ھۆكۈمىتى ئاجرىتىدىغان خىراجەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە تەۋە قىسمى تۆت پىرسەنتتىن بىراقلا 38 پىرسەنتكە ئۆرلىدى.

دېمەك، كورىيىنىڭ دۆلەت سېلىنمىسى يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەتكار بولدى. 1965 - يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كورىيىدىكى شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 14.5 پىرسەنتكە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلار ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پەقەت 3.5 پىرسەنتلا بولغانىدى. ھالبۇكى 1976 - يىلىغا كەلگەندە يۇقىرىقىدەك ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگىرىپ، شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 4.5 پىرسەنت بولدى؛ ئەمما دېھقانلار ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 9.5 پىرسەنتكە يەتتى. شۇنداق قىلىپ كورىيىدىكى شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

كورىيە ھۆكۈمىتى چىرىكلىكنى تىزگىنلەش، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىنى تۈگىتىش جەھەتلەردىمۇ ئوخشاشلا كورىيانلارنىڭ ئۆزگىچە خاس كەسكىنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئۈچىنچى، كورىيانلار ئارىسىدا كۆڭزى ئۇدۇمى خېلى مۇكەممەل ساقلانغاچقا، كورىيىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى داۋامىدا ئىجتىمائىي

ئەخلاق، ئىجتىمائىي پاكلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ روھىي قىياپىتى دېگەنلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدى. ئەمما ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بولسا مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

كورىيانلار قەدىمىي ئەنئەنىنى خېلى مۇكەممەل ساقلىغان مىللەت. مەسىلەن، كورىيە دۇنيادا جۇڭگودىن قالسىلا كۇڭزىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈلىدىغان بىردىنبىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. كورىيە جەمئىيىتىدە چوڭ- كىچىك ۋە ھۆرمەت- تەزىمنىڭ رەت تەرتىپى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ؛ بەزىلەر ھازىرمۇ "مېھرىبانلىق، ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىق" دېگەنلەرگە بىر تۈرلۈك ئەخلاق ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئەقىدە قىلىدۇ. كورىيانلارنىڭ نەزىرىدە ئادەمنىڭ ساپاسى مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئەقىل ۋە بىلىم؛ يەنە بىرى، ئەخلاق ۋە پەزىلەت. قىسقىسى، كورىيە جەمئىيەت كەيپىياتى ۋە پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ساپاسى جەھەتتە جۇڭگودىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كورىيانلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىللەت خاسلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسى يۈز بەرگەندە كورىيانلارنىڭ قولىدىكى ئالتۇنلارنى بەس- بەستە دۆلەتكە سېتىپ بەرگەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ئۇ چاغدا بىر پۇقراۋىي تەشكىلات كورىيانلارنى دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىدىن ئامان- ئېسەن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەخسىي ئالتۇنلىرىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشكە دەۋەت قىلغانىدى. كورىيە پۇلى شىددەت بىلەن پاخاللىشىپ كېتىۋاتقان ئۇنداق ئەھۋالدا ئالتۇننى سېتىۋېتىش ئەلۋەتتە ئىنتايىن ئېغىر خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىق بولاتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت ئالتۇن ساتقان پۇلنى بىر ئايدىن كېيىن نەقلەشتۈرۈشنى بېكىتكەنىدى. لېكىن ھېلىقى پۇقراۋىي تەشكىلاتنىڭ چاقىرىقى بىلەن تەڭلا كورىيە بانكىلىرىغا ئالتۇن سېتىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلەر يېغىپلا كەتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەمدىلا توي قىلغان ياشلار، ئىشسىز قالغان مېھنەتكەشلەر، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى ھەتتا ئىبادەتخانىنىڭ راھىبلىرىمۇ بار ئىدى. 70 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر مويسىپىت ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تۇرالغۇ بانكىسىغا كېلىپ، كەمزۇلىنىڭ ئالتۇن تۈگمىلىرىنى يۇلۇپ ئالدى- دە، بانكا خادىمىغا سۇندى. ھەتتا بىرەيلەننىڭ قۇچىقىدىكى ئىككى ياشلىق بالىمۇ ئالتۇن مارجىنىنى دۆلەتكە ئاتىدى، ئۇ مارجان چوڭلار ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان تەۋەللۇت سوۋغىسى ئىدى.

ئەمما، ئېلىمىزدە بولسا ئەخلاق مۇئەييەن دەرىجىدە پۇچەكلىشىپ كەتتى. چۈنكى پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدىكى بىر قىسىم شوئار ۋە ئۇسۇل- چارىلەرنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى؛ يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ بارغان سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋەجىدىن كۆڭۈل- مېڭىسىزى ئوتتۇرىغا قويغان "مۇلايىملىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ھۆرمەت- ئىززەت، ئەدەپ- ئەخلاق، كەمتەرلىك ۋە ئەپۇچانلىق"ھەققىدىكى تەلىملەرنىڭ ۋەتۋەرىكى چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، "ماددا ئەلاچىلىقى"ۋە "پۇلپەرەسلىك"مەلۇم دەرىجىدە ئەۋج ئالدى.

مەسىلەن، ھازىر بىزدە كېسىلى تۇتۇپ يىقىلىپ چۈشكەن بىرەرسى ئادەم مىغ- مىغ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ قالسا، ئۇنى يۆلەپ قويۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىمىز؛ ئاممىۋى سورۇنلاردا يانچۇقچىلار باشقىلارنىڭ پۇل- پۇچەكلىرىنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ؛ جېنىدىن تويغان بىرەرسى ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا تەرەپ- تەرەپتىن "سەكرەپ باقە، قېنى سەكرىمەمسەن! " دەپ ۋارقىرايمىز؛ جىنايەتچى بىرەر قىزنى تۇتۇۋالسا ئادەملەر ئۆتۈپ تۇرغان يولنىڭ بويىدىلا ئۇنىڭغا خالىغانچە يامان ئىش قىلالايدۇ... ئەسلىدە ئادەمنى چۆچۈتۈشكە تېگىشلىك بۇنداق ئىشلار

گېزىتلەرگە جىق بېسىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا بارا- بارا ھەيران قالمايدىغان بولۇپ كەتتۇق؛ ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا غەمخورلۇق ئازىيىپ، ئائىلىۋى ساداقەتكە دەز كەتتى. بۇنداق دۆلەت كامالەت مەنزىلىگە ھەقىقىي قەدەم باسالارمۇ؟

بۇ كىتابنى يېزىشتىن مەقسىتىم ــ جۇڭگولۇقلارغا كورىيىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، يەنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا كورىيانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى قامچىلاش. يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا كورىيىنىڭ توققۇز بارمىقىنى جۇڭگونىڭ بىر بارمىقىغا سېلىشتۇردۇم. شۇڭا كىتابىم جۇڭگونىڭ قالغان توققۇز بارمىقىنى بىر- بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىپ، ئۇنى راۋۇرۇس مۇئەييەنلەشتۈرەلمىگەنلىكى بىلەن كەمتۈك قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل سېلىشتۇرۇش مەلۇم دەرىجىدىكى يېتەرسىزلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، مەن پەقەت "ئېيتقان گەپلىرىمگە باشقىلارمۇ دىققەت قىلىپ باقسىكەن" دېگەن نىيەتتىلا، خالاس. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ مېنى كەچۈرۈشىگە تەشنا مەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇماتىم چاغلىق، تەتقىقات دائىرەم تار ۋە بۇ كىتابنى يېزىشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىم چەكلىك بولغاچقا، كىتابىمنى ئىلمىي ئەسەر ئەمەس، پەقەت "ئۆمرى كوتا پۈتۈكلەر" دېيىشكىلا بولىدۇ. كىتابتا چاپچاپ بازارغا ئۆلگۈرتۈپ تەييارلانغان مەزمۇنلار، باشقىلاردىن ئاڭلىغان "مىش- مىش گەپلەر"مۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، كورىيىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىكى تەجرىبىلىرى ھەققىدە تولۇق ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولاي دېسىڭىز، مېنىڭچە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئاساسىدا يارىتىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ بېقىڭ. قىسقىسى، بۇ كىتابنى "مەن قىزىققان ئىشلارغا سىزنىمۇ قىزىقتۇرۇپ باقاي" دېگەن نىيەتتە يازدىم. بۇ جەھەتتە كىتابىمدىن پايدىلىنىپ بولغان ھامان ئۇنى چۆرۈپ تاشلىۋەتسىڭىز بولىۋېرىدۇ. لېكىن، ئۇ چاغدا مەنمۇ مەقسىتىمگە يەتكەن بولىمەن.

# كورىيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم؟

## (1)

ياپونىيىدە ئوقۇپ كەلگەن بىر جۇڭگولۇقنىڭ «مەن تونۇيدىغان ئالۋاستىلار» دېگەن كىتابى بازار تېپىۋىدى، كىتاب يايمىلىرىدا "ئالۋاستى" ھەققىدىكى كىتابلار يېغىپلا كەتتى. ئۇ كىتابلارنى شۇنداقلا ۋاراقلاپ باقىدىغان بولسىڭىز، باشتىن- ئاياغ ھەممىسىنىڭ يايما ئەدەبىياتىغا خاس قوپال بايانلار بىلەن تولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى غىدىقلايدىغان ماۋزۇلار ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەردىن ئۇنداق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىدە بىر خىل زۇلمەتسىمان ئىنتىلىشنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

خاراكتېرىمىزدىكى ئىرادە- پەزىلەتنىڭ كەملىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بىز ھەممىنى ھاقارەت دەپ بىلىمىز.

لېكىن، بۇ ئىش ۋەجىدىن بىرەرسىنىڭ غەزەپلىنىپ باققىنىنى كۆرمىدىم. ياكى ھەممەيلەن بىپەرۋا- لايغەزەللەردىنمىكىن- تاڭ؟ بىز خەق نەچچە مىڭ يىللىق گۈلدۈر- غالاپلار مابەينىدە كۆرمىگەننى كۆرۈپ، ئاخىرى غەزەپلىنىش دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. بۇنىڭ بىلەن ھەممىگە چىدايدىغان، ھەممىگە "بوپتۇلا، ئۆتۈپ كېتىدۇ" دەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ھەتتا بەزىلەر ئۆز ئىچىدىن چىققان مىللىي قەھرىمانىنىڭ تېنىدىن كېسىۋېلىنغان گۆشنى ئۆلەر- تىرىلىشىگە قارىماي بۇلاپ باقتى. چۈنكى ئۇنداق گۆشنى يېسە كېسەلگە شىپا بولارمىش. ئىشقىلىپ زورمۇزور جان ساقلاش كويىدا ئاشۇنداق ۋەھشىيانە ئىستېلا ۋە ھۆكۈمرانلىققا چىشىمىزنى چىشلەپ تاقەت

قىلدۇق. ھالبۇكى، ئاتا- بوۋىسىنىڭ ھەسرەت- نادامىتى ۋە ئار-نومۇسىنى پۇلغا ساتقان بىز خەقنىڭ يەنە نېمىسىگە ھەيران قالغۇلۇق؟

(2)

قايسى بىر يىلى يۇرتنى كۆرۈپ كەلگىلى بېرىپ، چوڭلار بىلەن كاڭدا ئولتۇرۇپ ۋېلىسىپىت ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدىم.

— ئۇ زامانلاردا سېنىڭ بىر شىرەم چوڭ بوۋاڭ بولىدىغان، — دېدى تاغام، — كەنتىمىزدە ۋېلىسىپىتنى تۇنجى بولۇپ ئاشۇ بوۋاڭ مىنگەنىدى.

مەن ياندۇرۇپ سورىدىم:

— ئۇ كىشى نېمە ئىش قىلاتتى؟

— تۇڭچى ئىدى.

— كىمگە تۇڭچىلىق قىلاتتى؟

— ياپونلارغا بولماي كىمگە بولاتتى!

مەن ئەندىكىپ سورىدىم:

— ئۇنداقتا، ئۇ كىشى خائىن ئىكەنغۇ؟

— ھازىر شۇنداق دەۋالىدىكەن، — دېدى تاغام گېپىمگە نارازى بولغاندەك ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بىراق ئۇ زامانلاردا چوڭ بوۋاڭ ھەممىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ياشىغانىدى.

يۈرىكىم تۇيۇقسىزلا ئېغىشقا باشلىدى. كاڭدا لىسىدە ئولتۇرغان دېھقانلارنىڭ قارامتۇل ئەمما ساددا چىرايلىرى كۆزۈمگە باشقىچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

شۇ چاغدىلا بوۋايلار دەپ بەرگەن 1945- يىلىدىكى "قاچ-قاچ"تىن بۇرۇن، بۇ يۇرتنىڭ "مانجورىيە" دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تۇنجى قېتىم يادىمغا كەلدى.

ئۇ چاغلاردا بوۋام، مومام، چوڭ ئاتام ۋە تاغىلىرىمنىڭ ھەممىسى

ياپونلارنىڭ ئىتائەتمەنلىرى ئىكەندۇق. بىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان كونا ئۆينىڭ پەنجىرىسىدە قارىيىپ كەتكەن مانجورىيە تەڭگىسى ئاشۇ كەچمىشلەرنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ئېسقىلىق تۇراتتى.

گېپىمىز ئاستا- ئاستا ياپونلارغا كۆچتى. بوۋايلار ئاشۇ زامانلاردىكى ياپونلارنىڭ تەقى- تۇرقى، بىرەيلەننى ياپونلار نېمە ئۈچۈندۇر ناھىيىگە تۇيۇقسىزلا ئەكىتىپ كۆتىگە مۇچ سۈيى قۇيغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىدىن قان كېتىپ ئېچىنىشلىق ئۆلگەنلىكى، ياپونلارنىڭ دېھقانلارغا زورمۇ زور ئەپيۇن تەرگۈزگەنلىكى، ياپونلار تەسلىم بولۇپ كېتىدىغان چاغدا كەنتتىكى چوڭ- كىچىك ھەممەيلەننىڭ يول بويىغا يوپۇرۇلۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرىنى تاماشا قىلغانلىقىنى ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى.

مەن يۇرتۇمنى كۆرگىلى كۆپ كەلگەن، بوۋايلارنىڭ ئاغزىدىن چۆچەكلەرنى، جاھاننىڭ پاراڭلىرىنى، يىراق- يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ ئىشلارنى جىق ئاڭلىغان بولسامۇ، لېكىن ياپونلار ھەققىدىكى گەپلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى. مۇبادا ۋېلىسىپىت ھەققىدە گەپ تېپىشلىمىگەن بولسا، ئېھتىمال بوۋايلار ئەينى زاماندىكى ياپونلارنى ئۇنتۇپ كېتەر ئىكەندۇق.

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

چۈنكى ئۇ يۇرتداشلىرىم كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەلىگەنلىكىگە شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان لاياپاچاق دېھقانلار- دە! ياپونلار كەتكەن، كەلمەسكە كەتكەن تۇرسا، ئۇلارنى يەنە "ياد ئېتىپ" يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ يۇرتدارشلىرىم جان ساقلاش ئۈچۈنلا ياشايدىغان كىشىلەردىن بولغاچقا، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پەرۋايى پەلەك. مۇھىمى، ئۇلار نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئەنە ئاشۇنداق ياشاپ كەلگەن.

ھەي، مېنىڭ بۇ تۇغقانلىرىمىزە، ھەم ساددا، ھەم ئۇنۇتقاق! شۇڭا ئۇلار ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەپلا، ئاتا- بوۋىسىنى ئاياغ ئاستى

قىلغانلارغىمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ. سەۋەبى — ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەتلا قورساق بېقىش، كۆڭۈل ئېچىش، خالاس. مانا ھازىر ياپونلار يەنە كەلدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇلار ئۇچىسىغا كاستۇم- بۇرۇلكا كىيىپ، ئەدەب ۋە سالام- سەھەت بىلەن كەلدى. مۇھىمى، ئۇلار سومكىسىغا لىقمۇ لىق پۇل قاچىلاپ كەلگەنىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەينى زاماندىكى گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنى ئاقلاپ ھۆررۆ- پۆررۆ دەپمۇ باقتى.

ئەقىل- پاراسەت خىلمۇ خىل بولىدۇ. ئەقىل- پاراسەتنىڭ ئەڭ سەرخىلىنى ھەزرىتى لاۋزى ياراتقان بولۇپ، ئۇ "ئاق كۆڭۈللۈكتە سۇدەك بول" (لاۋزى: ‹ئەدەبنامە› نىڭ سەككىزىنچى بابىدىن ئېلىنغان، — تەرجىماندىن)دەپ ئاتىلارمىش. بۇ گەپ "سۇ ئىنتايىن رايىش كېلىدىغان بولغاچقا، ھەرقانداق مۇھىتقا سىڭىپ كېتەلەيدۇ؛ ئۇ ھەرقانداق شەكىلگە كىرەلەيدۇ، ھەرقانداق مەينەتچىلىكنى سۈمۈرەلەيدۇ، ھەرقانداق قاتتىق قىرنى يالاپ سىپىسلىق قىلىۋېتەلەيدۇ؛ شۇڭا، سۇنىڭ جېنى چىڭ بولىدۇ" دەپ تەبىرلىنەرمىش.

قىسقىسى، جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرى سۇغا ئوخشايدىغان بولغاچقا، دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق مىللەتلەردىن سانىلىدىكەن.

## (3)

ھالبۇكى، ئارىمىزدىكى بەزىلەر ياپونلارنىڭ ئاشۇ گۇناھي قىلمىشلىرىنى ئەستە چىڭ تۇتماقتا. ئۇلار "ئەپۇ قىلايلى، لېكىن ئۇنتۇپ قالمايلى" دەپ قارايدۇ.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى كورىيە پارلامېنتى ياپونلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئۇرۇش جىنايىتىنى بويىنىغا ئالماي غىدىڭ- پىدىڭ دېگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى زاماندا كورىيىگە تاجاۋۇز قىلىشقا قاتناشقان ھەرقانداق ياپونىيىلىك تاغاردا بىر پۇل

كۆتۈرۈپ كەلسىمۇ كورىيە چېگرىسىدىن قەتئىي كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلدى.

ئالدىنقى يىلى 4- ئايدا ياپونىيە دەرسلىك مەسىلىسى ۋەجىدىن جۇڭگو، كورىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ يەنە بىر قېتىم چىشىغا تەگدى. بۇنىڭ بىلەن كورىيە ياپونىيىدىكى ئەلچىخانىسىنى تاقىدى، دەرغەزەپكە كەلگەن كورىيانلار ياپونىيە دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، كورىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە ياپونىيىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق نامايىشلار بولدى، 40 نەچچە ئىجتىمائىي تەشكىلات كورىيانلارنى ياپونىيە مەدەنىيىتى ۋە ياپونىيە تاۋارلىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەرقانداق بىر كورىيان ياپونلارنىڭ ئەينى زاماندىكى زوراۋانلىقلىرى تىلغا ئېلىنغان ھامان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. چۈنكى ياپونىيە ئىستېلا قىلغان زامانلاردىكى ئار- نومۇسقا تولغان ئوقۇبەتلىك ئەسلىمىلەر كورىيە جەمئىيىتىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغا ھەتتا پۈتكۈل ھۆجەيرىسىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا كۈچلۈك ئار- نومۇس تۇيغۇسى ھەربىر كورىيانىنى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان لاۋۇلداپ تۇرغان غەزەپ ئوتى ئىچىدە ئۆرتەپ كەلدى. قىسقىسى، كورىيانلارنىڭ ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ "ئۆزىمىزنىڭ ئەبگاھ مىللەت ئەمەس ئىكەنلىكىمىزنى كۆرستىپ قويايلى" دەيدىغان پۈتكۈل مىللەت ئېڭىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. مەسىلەن، شەرقىي ئاسىيا پۇتبولچىلىقىدا كورىيە كوماندىسى بىلەن ياپونىيە كوماندىسى دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدە ئۇلار ياپونىيە كوماندىسىدىكىلەرنى قەھرى غەزەپ بىلەن سوقۇپ باقىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كورىيە كوماندىسى دۇنيادىكى ھەرقانداق كوماندىغا ئۇتتۇرسا مەيلىكى، لېكىن ياپونىيە كوماندىسىغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ياپونىيىگە ئۇتتۇرۇپ قويسا، پۈتكۈل كورىيە خەلقى ئۇلارنى قارغايدۇ. ئىلگىرى ئۇرۇش

مەيدانىدا كورىيانلار ياپونلارنى توسۇپ قالالمىغانىدى. بۈگۈنكى توپ مۇسابىقىسى ئاشۇ ئۇرۇشنىڭ داۋامى. شۇڭا كورىيە كوماندىسى ھەرقانداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كورىيانلارنىڭ ئاجىز ئەمەسلىكىنى ياپونلارغا كۆرسىتىپ قويۇشىمىز كېرەك، دەپ قارايدۇ.

شەرقىي ئاسىيا بويىچە ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئون كۈچلۈك كوماندا ئارا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە كورىيە بىلەن ياپونىيە مەيدانغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى، كورىيە توپ مەستانىلىرى ئىنتېرنېت تورلىرىدىكى «مۇنازىرە» سەھىپىسىدە تۆشمۇ تۆشتىن مۇنداق پىكىرلەرنى بايان قىلدى:

"رەزىل ياپونلار بوۋامنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. شۇڭا كورىيە كوماندىسى چوقۇم يېڭىشى كېرەك. بولمىسا ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز!"، "ياپونلار كورىيىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق گۇناھىنى تا ھازىرغىچە بويىنىغا ئالمايۋاتىدۇ، شۇڭا توپچى ئەزىمەتلىرىمىز ئۇلارنى راسا بىر ئەدەبلەپ قويمىسا بولمايدۇ!"

كورىيانلار ھەقىقەتەنمۇ جاسارەتلىك مىللەت. ئۇلارنىڭ دۆلەت بايرىقىغا گەرچە ھەزرىتى لاۋزى ياراتقان رەمباللىقنىڭ سەككىز سىمۋوللۇق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ھەرگىزمۇ سۇغا ئوخشىمايدۇ، بەلكى يىمىرىلمەس قىيا تاشقا ئوخشايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە 1945 ـ يىلىدىن بۇرۇن ياپونلار سالغان ئىمارەتلەر ھېلىھەم بار. بۇ ئىمارەتلەر پۇختا ۋە نەپىس سېلىنغان بولغاچقا، ھەممىسى دېگۈدەك ھازىرمۇ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىمارەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال جەھەتتىكى رولىنى ئىزچىل جارىي قىلىپلا قالماي، يەنە شەھەر رەستىلىرىگە بىر خىل چەت ئەلچە تۈس بېرىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا شەھەرنىڭ مەنزىرە نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما 30 نەچچە يىل ياپونىيىگە مۇستەملىكە بولغان كورىيىدە ئۇنداق ئىمارەتلەردىن ئەسەرمۇ يوق. دۇرۇس، كورىيىدىمۇ ياپونچە

ئىمـارەتلەر يـوق ئەمەس، بـار ئىـدى. لـېكىن كورىيـانلار ئۇنـداق ئىمـارەتلەرنى خـۇددى تەنـدىكى جاراھەتنىـڭ يىرىڭىنـى سـىققاندەك تۈزلەپ تاشلىدى. بەزىلىرىنى «ئار- نومۇس خاتىرە سارىيى» سۈپىتىدە مەقسەتلىك ساقلاپ قالدى.

## (4)

كـورىيە ــ شـەرقىي ئاسـىيا ئەللىرىنىـڭ ئەڭ كىچىـك "ئىنىسـى". نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بـۇ "شـاكىچىك" شـەرقىي ئاسـىيانىڭ بىـر بۇلۇڭىـدا چىـڭ يېپىشـقىنىچە ئۇن- تىنسـىز "ياشـاپ" كەلـدى. شـۇڭا ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلىپ باقمىدى.

ئەلۋەتتە شـۇنداق بولىـدۇ- دە! بـۇرۇن بـۇ ئالىقانچىلىـك دۆلەتـكە ھەرقـانچە سـىنچىلاپ باقسـىمۇ ئۇنىڭـدىن ئـۆزىگە خـاس بىــرەر ئالاھىـدىلىكنى بـايقىغىلى بولمـايتتى. چـۈنكى خەنـزۇ مەدەنىيىتىنىـڭ كۈچلـۈك تەسـىرى تۈپەيلىـدىن بـۇ كىچىككىـنە ئـارال دۆلەت ئـۆزگىچىلىكلىرى بـارا- بـارا كۆمۈلـۈپ، ئـاخىرى جۇڭگـوغىلا ئوخشـاپ قالغانىدى. چىڭ سۇلالىسى غۇلاشتىن بـۇرۇن چاۋشيەندە خەنزۇ تىـل- يېزىقى ھۆكۈمەت تىل- يېزىقى قىلىنغان بولغاچقا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى چاۋشيەنگە بارسا، تـوگچى ئىشلەتمەيتتى. بۈگـۈنگە كەلگەنـدە كـورىيە خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىشنى بىكار قىلدى. لېكىن كورىيىدىكى ئەڭ چوڭ گېزىـت ــ «چاۋشـيەن گېزىتـى»، داڭلىـق كارخانـا گـۇرۇھى ــ «ھـازىرقى زامـان گـۇرۇھى»نىـڭ ئۆلچەملىـك نـامى يەنىـلا خەنـزۇچە يېزىلىدۇ. ئۇلارنىـڭ مىللىـيچە كىـيىم- كېچەكلىرىـدە جۇڭگونىـڭ تـاڭ، سـۇڭ دەۋرلىـرىگە خـاس ئالاھىـدىلىكلەر روشـەن سـاقلانغان، ھەتتـا ئۇلارنىـڭ ئىسـىم- فامىلىسـىمۇ جۇڭگـو ئـۇدۇمى بـويىچە قويۇلىـدۇ. قىسقىسى، جۇڭگولۇقلار كورىيىنى پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئىچىـدە جۇڭگـو بىلەن بولغان مەدەنىيەت پەرقى يوق دېيەرلىك دۆلەت، دەپ قارايدۇ.

ھالبۇكى، خەنزۇلار بىلەن كورىيانلارنىڭ مىللەت خاسلىقىدىكى ئاسمان- زېمىن پەرق دەل ئاشۇنداق يۇزەكى ھادىسىلەرنىڭ كەينىگە مەھكەم يوشۇرۇنغان. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى باردى- كەلدىدىكى كاشىلا ۋە توسالغۇلار كىشىلەرنىڭ ئاشۇ پەرقلەرنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىگە ئىمكان بەرمىدى. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى پۇتۇكلىرىدىمۇ چاۋشيەن توغرىلىق خاتىرىلەر كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى زامانلاردا چاۋشيەننى كۆرۈپ بېقىشقا مۇشەررەپ بولغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرىمۇ كورىيانلارنىڭ نامرات ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنىلا كۆرگەنىدى.

ئالايلۇق، گۇاڭشۈي زامانىدا چاۋشيەنگە ئەلچى بولۇپ بارغان نيې شىچېڭ چاۋشيەن سەپىرىدىن كېيىن يازغان «شەرق سەپىرىدىن خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

"چاۋشيەن پۇقرالىرى ئاساسەن قورشاۋ هويلىلىق ئۆيلەردە تۇرىدىكەن، ئىشكتىن كىرىپلا يەرگە يۇكۈنۈپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ھورۇن بولغاچقا، جەبىر- جاپانىڭ ھەممىسىنى ئاياللار تارتىدىكەن."

" سېپىل ئىچى ناھايىتى چۆلدەرەپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن پۇقرالارنىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. كورىيانلار ناھايىتى يالقاۋ بولغاچقا، ئىشلەپ تاپقىنى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا يۈرۈپ، كېيىنلىكىنى ھەرگىز ئويلاپ قويمايدىكەن؛ بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە ئۇنى ئەقىل ئىشلىتىپ جانلىق ھەل قىلماي، كونا رامكىلارغا ئېسىلىۋالىدىكەن؛ كۆپ كىتاب ئوقۇمىغان بولغاچقا يازغانلىرى بىر بىرىگە قولاشمايدىكەن؛ يازغان ئون ئېغىز سۆزىنىڭ يېرىمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن..."

... ...

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە بۇيۈك تەيپىڭ تيەنگوغا بېقىندا ئەللەر بىر- بىرلەپ ھالاكەتكە يۈزلەندى. ئەڭ

ئاخىرىدا چاۋشىيەنگە ياپونىيىنىڭ كۆزى چۈشتى. ياپونلارنىڭ چاۋشيەننى يالماپ يۇتۇۋېتىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا لى خۇڭجاڭ ئويلىمىغان يەردىن "جۇڭگو چاۋشيەننى ئۆزىنىڭ بىر ئۆلكىسى سۈپىتىدە قوشۇۋېلىپ، ئۇنى قانات ئاستىغا ئالسا، ياپونىيە ئۇنى ھەرگىز يۇتۇۋالالمايدۇ"دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. چۈنكى لى خۇڭجاڭنىڭ نەزىرىدە كورىيانلاردەك بۇنداق "ئەبگاھ"مىللەتنى پەقەت جۇڭگونىڭ ھامىيلىقى بىلەنلا ئاندىن ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ تەكلىپتە ھازىرقى زامان دىپلوماتىيىسىگە ئائىت ساۋات ۋە ئىستراتېگىيە مۇمكىنچىلىكىگە نەقەدەر سەل قارالغانلىقىنى دېمەيلا قويايلى. بۇ تەكلىپتىن ئەينى زاماندىكى تەيىپلىك تىيەنگولۇقلارنىڭ كورىيان مىللىتىنىڭ خاسلىقى ۋە خاراكتېرىنى چوڭقۇر چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدىغان سۈي، تاڭ زامانىسىدىكى باھادىر شاھلاردىن سۈي ياڭدى بىلەن تاڭ تەيزۇڭمۇ چاۋ شيەنگە لەشكەر تارتىپ يۈرۈش قىلىپ باققانىدى، لېكىن شەرقتىكى بۇ ئالىقانچىلىك دۆلەتتە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتىپ كەلدى. لى خۇڭجاڭمۇ، ياپونلارمۇ بۇ پاكىتنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

قىسقىسى، كورىيانلار — تىز پۈكمەس مىللەت.

بۈگۈنكى كورىيانلار دۇنياغا ئۆزىنى قايتىدىن تونۇتۇشقا قادىر بولالىدى.

**(5)**

مېنىڭ كورىيە ھەققىدىكى ئاز- تولا چۈشەنچىلىرىم پۇتبولنى مەنبە قىلىدۇ، جۇڭگو پۇتبولچىلىقىدىكى "كورىيە ۋەھىمىسى"نى مەنبە قىلىدۇ.

دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگودەك بەھەيۋەت دۆلەتنىڭ پۇتبول كوماندىسى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئاسىيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كوماندىلار قاتارىدا كۆن ئالىدىغان رېئاللىقنى ئىزچىل قوبۇل قىلىپ كەلدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بىز مۇشۇ بىر تەنھەرىكەت تۈرى ئۈچۈن غايەت زور ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلدۇق. لېكىن كوماندىمىزدىكى ئىلگىرىلەش بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىلا تۇرۇپ كەلدى.

بارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرى ئىچىدە پۇتبول بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، برازىلىيىلىكلەرنىڭ جاسارىتى، فرانسۇزلارنىڭ رومانتىكلىقى، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چەبدەسلىكى، تايلاندلىقلارنىڭ جەسۇرلۇقى دەل پۇتبول ئارقىلىق نامايان بولغان. خوش، ئۇنداق بولسا، جۇڭگولۇقلار پۇتبول مەيدانىدا ئۆزىنىڭ زادى قانداق خاسلىقىنى ئىپادىلىيەلىدى؟

جۇڭگو پۇتبولچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 11 ئەزىمەت كورىيە كوماندىسىنىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئالدىدا ھە دېسىلا پۇت- قوللىرى تىترەپ، تەمتىرەپ قالىدۇ. توپتىن بىرەرنى ئۇرۇۋالالىسىلا لاسسىدە بوشىشىپ، مەيداندىكىلەرنىڭ نېمە دەپ سەتلەۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق، ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىپ قوغدىنىشقىلا ئۆتىدۇ.

كوماندىمىز شۇنداق قىلىپ بىر قېتىم، ئىككىم قېتىم، ئۈچ قېتىم، ھەتتا ئاخىرى 12 قېتىم مات بولدى.

بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ تەن ساپاسىدىمۇ؟ تېخنىكىدىمۇ؟ ياكى تاكتىكىدىمۇ؟

دەسلەپتە، ئىشنى توپچىلىرىمىزنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلىدۇق. يەنى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۇسۇلدا، كورىيە پۇتبولچىلىرىنىڭ ئەڭ يۇگۈرۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولغاچقا، بىزمۇ توپچىلىرىمىزنى بۇ جەھەتتە

خېلى يېتىلدۈرۈپ باقتۇق، لېكىن كار قىلمىدى.

تېخنىكا مەسىلىسىگە كەلسەك، جۇڭگو كوماندىسىنىڭ پۇتبول تېخنىكىسى جەھەتتە كورىيىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھەتتا كورىيانلارنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلدى.

ئىشقىلىپ بىز ھەممە سەۋەبنى قىلىپ باقتۇق. ئاخىرى دۇنيا بويىچە ئىش ھەققى ئەڭ يۇقىرى مەشقاۋۇلنى تەكلىپ قىلىۋىدۇق، جۇڭگو كوماندىسىدا ئاز- تولا ئىلگىرىلەش بولدى؛ قانداقلا بولمىسۇن، كوماندىمىز دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. لېكىن ياپونىيە ۋە كورىيە كوماندىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا جۇڭگو كوماندىسىنىڭ ئىپادىسى ۋاي دېگۈدەك ئەمەس ئىدى. جۇملىدىن كوماندا ئەزالىرى گەرچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى مەلۇم دائىرىدە ئىشقا سالالىسىمۇ، لېكىن ھەر مەيدانلىق مۇسابىقىدە ھە دېسىلا بىخەستەلىك قىلىپ كەتكۈزۈپ قوياتتى. دۇرۇس، ئادەمنىڭ پۈتۈن زېھنىنى 90 مىنۇت بىر نۇقتىغا يىغىمەن، دېيىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا چاتاق زادى نەدە؟ ئەمدى بىز سۆي يېنىزې ئىسىملىك كورىيان بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى. كورىيە پۇتبول كوماندىسىنىڭ سابىق مەشقاۋۇلى، جۇڭگو ۋە كورىيە كوماندىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان بۇ بوۋاي مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگو پۇتبولچىلىرىنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكى يوق. لېكىن ئۇلاردا 'مەنىۋى كۈچ' كەمچىل. كورىيە پۇتبولچىلىرى توپنى شەرەپ ئۈچۈن تېپىدۇ، كەسپىي پۇتپبولچىلار توپنى ھاياتىم دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار غالىبىيەت ئۈچۈن توپ مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى. ئەمما جۇڭگو پۇتبولچىلىرىدا دەل ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەت ئىشەنچىسى ۋە ئاداققىچە تىركىشىش ئىرادىسى كەمچىل."

بۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنگەن بۇ كورىيان بوۋاي مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگو توپچىلىرىنى تەن ساپاسى ۋە تېخنىكىدا ئاسىيا بويىچە

بىرىنچى، دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن ھامان پۈتۈن ئىخلاسىنى توپقا بېرەلمەيدىغاندۇر؟ زادى نېمە ئۈچۈن بۆسۈشكە ئىنتىلمەيدىغاندۇر؟ ئەجەبا، ئۇلارمۇ كەسپىي توپچىلارغۇ؟"

بۇ كورىيان بوۋاي شۇنىڭغا ھەيران: جۇڭگو توپچىلىرىنىڭ كەسپىي توپچىلاردىن ئىكەنلىكى راست. لېكىن جۇڭگونىڭ كەسپىي توپچىلىرى بىرەر مەيدان مۇسابىقە ئۈچۈن جان تىكىشنى خالاپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. جۇڭگولۇقلار "توپ دېگەن توپتە، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان سېلىپ بېرىشكە ئەرزىمتى؟" دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ.

گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە ھېلىقى مەشغۇل بوۋاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كورىيانلار "ئىش ئۇقمايدىغان، جاھاننىڭ ئەلمى- تەلمىنى چۈشەنمەيدىغان، ساددا" كىشىلەر سانىلىدۇ.

كورىيانلارنى ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈدىغان بولساق، ئۇ خەق ھەققانىيەتكە بەك ئېسىلىۋالىدۇ، بىرەر ئىشقا كىرىشىپ قالسا ئۇنىڭ باش- ئۇچىنى تاپمىغىچە زىغىرلايدۇ، بەك ئەستايىدىللىق قىلىپ كېتىدۇ. لېكىن، بۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە باشقىلار ئەڭ ئۆچ كۆرۈدىغان خاراكتېر ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇنداق خاراكتېردىكى ئادەمدىن بىرەرسى كۆزگە چېلىققان ھامان ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولىدۇ. دۇرۇس، جۇڭگو توپچىلىرىمۇ يېڭىلىپ قالسا كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. لېكىن، بىر ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىنلا ھەممە نەرسە ئېسىدىن ئۆتۈپ، كۆڭلى بىردەمدىلا ئارامغا چۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار "مۇسابىقىدە كىم يېڭىلمەيدۇ؟ ھەتتا بىرازىلىيە كوماندىسىمۇ يېڭىلىپ قالغانغۇ؟" دەپ ئويلايدۇ.

لېكىن، كورىيە توپچىلىرى يېڭىلىپ قالسا ئار- نومۇس ئۈچۈن يۈرىكىدىن يىغلايدۇ.

شۇڭا، نوپۇسى جۇڭگو نوپۇسىنىڭ ئوتتۇزدىن بىرىگە، يەر

مەيدانى جۇڭگونىڭ يۈزدىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان بۇ ئالقانچىلىك دۆلەت توپ مەيدانىدا جۇڭگونى نۇرغۇن قېتىم مات قىلىۋەتتى.

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ بۇنداق روشەن پەرقى پۈتبولدىلا ئەمەس. مەيلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بولسۇن، مەيلى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىلىشىدا بولسۇن ۋە ياكى تۈرلۈك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىلىرىدە بولسۇن،بۇ كىچىككىنە دۆلەت باشقىلارغا ئۆزىنىڭ يېپيېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىپ كۆرسەتەلىدى. شۇڭا كورىيىنى ھەتتا ئىسمى- جىسمىغا لايىق تەنتەربىيە بۈيۈك دۆلىتى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كورىيە ماھىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قايتماس روھى ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن ئېلىشىپ، رەقىبىدە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرالايدۇ. ئاسىيادا پۇقرالىرىنىڭ تەن ساپاسى چاغلىقلا سانىلىدىغان بۇ كىچىككىنە دۆلەت جۇڭگو بىلەن تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تىغمۇ تىغ ئېلىشالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە. بۇ، زادى نېمە ئۈچۈن؟

چۈنكى، ئۇلارنى ئاجايىپ بىر خىل روھ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دۇنيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە كورىيىمۇ قاتناشماقچى بولىدى. كورىيە كوماندىسى يولغا چىقىش ئالدىدا پرېزىدېنت ئۆزى كېلىپ كوماندا ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كوماندا ئەزالىرىغا قىلغان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈرگەنىدى: "ناۋادا ئۇتتۇرۇپ قويساڭلار، بۈيۈك كورىيە دېڭىز قولتۇقى(ياپون دېڭىزى قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ)دىن قايتا ئۆتمەن، دەپ خىيال ئەيلىمەڭلار!"

بۇ، ئۇنىڭ "ناۋادا يېڭىلىپ قالساڭلار، كورىيە خەلقىنىڭ ئار-نومۇسى ئۈچۈن دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىڭلار" دېگىنى ئىدى.

بۇ، كورىيە پرېزىدېنتىنىڭ قولىدىكى ھوقۇقىنى پەش قىلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلىغىنى ئەمەس. چۈنكى كورىيە ئەنئەنىسىدە، پرېزىدېنت مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، شۇ دۆلەتنىڭ ئائىلە باشلىقى، شۇ

مىللەتنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى ئۆز باللىرىغا ئاتا ۋە ئائىلە باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئېيتقانىدى.

لېكىن، بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز. چۈنكى، كورىيە پرېزىدېنتىنىڭ ئۇنداق قىلىشى ــ ئۆيكىسىنى باسالمىغانلىق، ئىشنىڭ نېرى- بېرىسىنى ئويلىمىغانلىق، يەڭگىلتەكلىك قىلغانلىق، ئىش كۆرمىگەنلىك، ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىغانلىق، ھەتتا نادانلىق، دەپ قارايمىز. بىر دۆلەتنىڭ كاتتا رەھبىرى بولغان ئادەمنىڭ توپ ئويناپدىغان كىچىككىنە ئىشنىمۇ چوڭايتىپ ئاشكارا سورۇندا سۆزلەپ يۈرۈشىگە ئەرزىمدۇ؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا خەلقئارا مۇناسىۋەت، دۇنياۋى تەسىر ۋە دۆلەتنىڭ ئوموملۇقى دېگەن ئۇقۇملار يوقمىدۇر؟ دوستلۇق بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچى دەيدىغان ئېسىل خىسلەتنى ئۇقمامدىغاندۇر؟ گەرچە، ئۇ زامانلاردا كورىيە كوماندىسى ياپونىيىگە قارىغاندا مەلۇم ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن توپ دېگەن يۇمىلاق نەرسە تۇرسا، كورىيە ئالمادىس يېڭىلىپ قالسا نېمە دېگۈلۈك؟ دەپ ئويلايمىز.

لېكىن، كورىيە پرېزىدېنتى ئاشۇ گەپلەرنى دېگەندە ئەمەلىيەتتە كورىيە كوماندىسىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويۇشىنى، بولۇپمۇ ياپونىيىگە ئۇتتۇرۇپ قويۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇنداق، كورىيانلار ئۆلۈپ كەتسىمۇ سەرخىللىقنى ئىنتىلىشتىن ۋەز كەچمەيدىغان، شان- شەرەپنى جاندىن ئەزىز بىلىدىغان مىللەت. شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا كۆزلىگەن نىشانىغا يەتمىگىچە بولدى قىلمايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ جىسمىدا ئاجايىپ بىر خىل شاش، قىزىق ۋە پاك قان ئۇخچۇپ تۇرىدۇ.

## (6)

كورىيانلار ياپونلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلغاندىن

كېيىن، ئۇرۇش خارابىلىقلىرى ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى قايتا تىكلەشكە كىرىشتى. 1967- يىلى ”كورېيە ساسلىقتا ئاپتوموبىل سانائىتىنى بەرپا قىلىشۋېتىپتىمىش“دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئامېرىكا ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتىدىكى بېنچ كورېيىدە قۇرۇلۇۋاتقان ھازىرقى زامان ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ چىققاندىن كېيىن: ”ناۋادا ھازىرقى زامان ئاپتوموبىل گۇرۇھى مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرالىسا، مەن بارمىقىم بىلەن شامنى يورۇتالايمەن“دېگەنىدى. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بېنچنىڭ بۇ گېپى قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ھازىرقى زامان گۇرۇھى دۇنيا ئاپتوموبىل ساھەسىدىكى ماگناتقا ئايلاندى.

كورىيانلار قىسقىغىنا بىر قانچە ئون يىل ئىچىدە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئاجىز، زەئىپ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى كىشى بېشىغا 96 دوللاردىن توغرا كېلىدىغان تارىخ كەلمەسكە كەتتى. قىسقىسى، كورېيە نىمجان قۇرتتىن رەڭدار كېپىنەككە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلدى، كورېيىدە ئاسمان پەلەك ئىمارەتلەر تۇشمۇ تۇشتىن قەد كۆتۈردى، كوچىلاردا ئاپتوموبىللار دەريا بولۇپ ئاقتى. دېمەك، كورېيە نۇر چاقناپ تۇرغان رەڭدار سۇباتى بىلەن دۇنياغا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن كۈچلۈك بېشارەت بەردى.

جۇڭگولۇقلارمۇ كورىيانلار بىلەن بولغان باردى- كەلدىنى دەل مۇشۇ مەزگىلدە رەسمىي باشلىدى. جۈملىدىن كورېيە ئاپتوموبىل گۇرۇھلىرى ئىشلەپچىقارغان خىلمۇ خىل ئاپتوموبىللار جۇڭگودىكى چوڭ- كىچىك شەھەر رەستىلىرىدە موكىدەك چېپىشقا باشلىدى؛ كورېيە رەختلىرىدىن تىكىلگەن كىيىم- كېچەكلەر جۇڭگو دۇكانلىرىغا كىردى؛ كورېيىچە رەڭدار چىراغلىق ئېلان سەنئىتى جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ كېچىسىنى سۈتتەك يورۇتتى. ئىشقىلىپ، كورېيە زامانىۋىلىشىشتا جۇڭگونىڭ ئالدىدا ماڭدى.

جۇڭگومۇ مانا ھازىر زامانىۋىلىشىش يولىدا ئارغىماقتەك چاپماقتا.

"زامانىۋىلىشىش" دېگەن بۇ كەلىمە نېمە دېگەن جەلپكار- ھە! مۇنداقلا ئېيتساق، زامانىۋىلىشىشنى مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىدەك بىر قېتىملىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۆپچۆرىمىزدىكى "زامانىۋىلىشىش" قانداقتۇر بېيجىڭدىكى قورشاۋ ھويلىلارنى، جېجياڭدىكى تېمى ئاق، كاھىشلىرى قارا كىچىك بازارلارنى، فۇجيەندىكى توپا راۋاقلارنى، يۈننەندىكى ئاسما راۋاقلارنى يەر يۈزىدىن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەينەك تاملىق بىنالارنى دەسسىتىشتىن؛ شىرەيىمىزدىكى شوۋىگۇرۇچ، چىلىما كۆكتات ۋە چاينىڭ ئورنىغا ماكدونالد-ھامبۇرگ بولكىلىرى، كوكاكولا ۋە مارۇژنىلارنى ئالماشتۇرۇشتىن دېرەك بېرىۋاتىدۇ...

پىكىرلىرىمىز "جۇڭگو" ئاتلىق ھەم جۇغراپىيە، ھەم مەدەنىيەت جەھەتتە چوڭقۇر قاتلاملىق نۇرغۇن- نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ كەلىمىگە چىرماشقان چېغىدا، نېمىشقىدۇر گاڭگىراپ قالىمىز. چۈنكى، بىز جۇڭگولۇقلارنى چۈشەنمەك تەس. ئېلىمىز جۇڭگو تېخى يېقىندىلا خۇددى تەرسا قېرىغان بوۋايغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ كونا تۇرمۇش ئۇسۇلىغا جېنىنىڭ بارىچە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، دۆلەت ۋە مىللەت يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھالقىلىق پەيتلەردىمۇ قىلچىلىك ئۆزگىرىشنى خالىمىغانىدى. قىسقىسى "دۆلەت ۋە مىللەت يوقالسا ياقالسۇنكى، كونا مەدەنىيەت يوقالمىسۇن" دەيدىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىچىلىكىدە چىڭ تۇرۇۋالغانىدى. ھالبۇكى، بىر نەچچە ئون يىل ئۆتەر- ئۆتمەيلا ئۇ بىر ئۆرۈلۈپلا دۇنيادىكى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئەڭ پەرۋاسىز قارايدىغان دۆلەتلەردىن بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن بىز مەدەنىيەت خاسلىقىنى قالاقلىق ۋە ئېقىمغا ئەگىشەلمەسلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، گويا ئەمدىلا شەھەر كۆرگەن سەھرا قىزى ئۇچىسىدىكى سەھراچە كىيىم- كېچەكنى ھاپىلا- شاپىلا مودا كىيىمگە يەڭگۈشلىگەندەك، ئۆزگىچە ۋە خاس مەدەنىيەتنى بىلىپ- بىلمەيلا چۆرۈپ تاشلاشقا تىرىشتۇق.

ئۆزىمىزنىڭ ھەرقانداق خاسلىقىدىن ھېچ ئىككىلەنمەيلا ۋاز كېچىپ، ھەممىلا تەرەپتە ئۆزىمىزنى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ رايىش پوزىتسىيە بىلەن دۇنياغا توغرىلىدۇق. مىسالەن، جۇڭگودىكى چوڭ شەھەرلەردە ئەڭ قىزىيىدىغان بايرام — روژدېستۋو بايرىمى. نۇرغۇن كىشىلەر ”روژدېستۋو“ دېگەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى قىلچە بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىشىدۇ. تارىخي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى چوڭقۇر سانسىز ئىمارەتلەرنى ئۇن- تىنسىزلا بۇزۇپ تاشلىدۇق. دۇنيا بويىچە سانى ئەڭ كۆپ قەدىمكى تەۋەررۈك كىتابلار جۇڭگو كۇتۇپخانىلىرىدا توپا بېسىپ تۇرۇپتۇ. نېمىشقىدۇر ئاشۇ تەۋەررۈك كىتابلاردىن گويا ئاتا- بوۋىمىزدىن قالغان ئەسكى چورۇق بىلەن كىگىز پايپاقنىڭ ھەشىمەتلىك سارايلارغا ياراشماي قېلىشىدىن قورققاندەك قاچىدىغان بولۇپ كەتتۇق.

ئەسلىدە، نەچچە ئېرالىق ئىسسىق- سوغۇقنى باشتىن كۆچۈرگەن بۇ مىللەت ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بەختىمىزگە يارىشا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ باي تارىخي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە راجلاندۇرۇش ئىشى خېلى تەكىتلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

زامانىۋى كورىيىگە بېرىپ قالىدىغان بولسىڭىز، ھەممىلا يەردە تارىخقا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن ئېھتىرامنىڭ روشەن بەلگىلىرىنى كۆرىسىز. ئېگىز- ئېگىز بىنالار، چوڭ كارخانىلار ۋە تېز سۈرئەتلىك تاشيوللارنىڭ ھەممىسىدىلا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. ھەتتا خەنزۇ مەدەنىيىتىگە خاس بىر قىسىم مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى بۈگۈنكى كۈندە دەل كورىيىدە ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇلارنى دەسلەپتە بايقىغاندا ھەقىقەتەن ھەيران قالغانىدىم.

خەنزۇ ئالىم پېڭ لىن كورىيىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە كورىيىلىك بىر نەچچە ئالىمنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن

ھەيران قالارلىق مەنزىرىلەرنى يېزىپتۇ.

پېڭ لىن ئەپەندى زىيارەت قىلغان يەنە بىر كورىيىلىك ئالىمنىڭ ئىسمى خې يۈۋجى ئىكەن. زامانىۋى كورىيە جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان بۇ كىشى تا ھازىرغىچە يېڭى يىل - قوپۇش، مېھمان كۈتۈش، نەزىر - چىراغ، ھۆرمەت - ئېھتىرام دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە كونا يوسۇنلار بويىچە ئىش كۆرۈدىكەن. ئۇ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كونا قائىدە - يوسۇن بويىچە ئانىسىغا ئۈچ يىل قارىلىق تۇتۇپتۇ. پېڭ لىن ئەپەندىنىڭ بۇ كورىيىلىك ئالىمنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلگەن ۋاقتى دەل تاۋۇز چاغىنىغا توغرا كەپتۇ. تاۋۇز چاغىنى، تاگزۇگزا چاغىنى ۋە چاغان كورىيىدە ئەڭ كاتتا بايراملار، ئۇنىڭغا كورىيانلار ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن. بۇ بايرام مەزگىلىدە كورىيانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بېرىدىكەن. نەزىردىن بىر كۈن بۇرۇن لىن ئەپەندى پەرھىز تۇتۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭلا پۈتكۈل ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نەزىر ئىشىغا تۇتۇش قىپتۇ. ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئائىلىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممىسى بوغۇن تەرتىپى بويىچە ئەجدادلار مۇئەككىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ. نەزىرنىڭ پۈتۈن جەريانى ھاياتلارنىڭ بىر - بىرىگە ھۆرمەت بىلەن شاراپ تۇتقىنىغا ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەن. خې ئەپەندىنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆز رېتى بويىچە ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ شاراپ تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىپ غىزالىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئەرۋاھلارغا شاراپ تۇتۇپ تاماق سۇنغان ۋاقتى خۇددى ھاياتلارنىڭ غىزالانغىنىدەك بىر سائەتتىن ئېشىپتۇ. كۆگزىنىڭ "ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلغان چېغىڭدا روھىڭ ئۇلارغا سىڭىشىپ كەتسۇن" دېگىنى دەل ئاشۇ ئىدى.

خې ئەپەندى كورىيىدە داڭقى بار قائىدە - يوسۇن مۇتەخەسسىسى ئىكەن. بىر قىسىم بىلىم يۇرتلىرى ھەر يىلى چاغان ۋە تاۋۇز چاغىنى مەزگىللىرىدە ئۆتكۈزۈدىغان نەزىر - چىراغلىرىغا ئۇنى سورۇنبېشىلىقىغا

تەكلىپ قىلىدىكەن. خې ئەپەندى ئۇنداق چاغلاردا ئۇچىسىغا قارا تون، بېشىغا ئۆلىماچە تەقىيە كىيىپ، سورۇنغا باشچىلىق قىلىدىكەن. كورىيان ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ باشچىلىقىدا كۇگزى- مېڭزىغا ئاتاپ كامالىي ئېھتىرام بىلەن تەزىم بىجا كەلتۈرۈدىكەن.

كورىيىدە يەنە "تەيدۇڭ كلاسسىكلار تەتقىقات ئورنى"غا ئوخشاش پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا ئوقۇتىدىغان ئىنستىتۇتلار بار ئىكەن. بۇنداق مەكتەپلەردە "تۆت كىتاب، بەش دەستۇر" ئاساسىي دەرسلىك قىلىنىدىكەن. ئوقۇغۇچىلاردىن گويا قەدىمكى تالىپلارغا ئوخشاش مەكتەپكە كىرىپ بىر يىلغىچە "تۆت كىتاب"نى يادلاپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدىكەن. "تۆت كىتاب" ئىچىدە مېڭزى ئۇزۇنراق بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ يادلايدىكەن، ھەر قېتىملىق يادلاش ۋاقتى تۆت سائەت ئەتراپىغا سوزۇلىدىكەن. قالغانلىرىنى بىر قېتىمدىلا يادلاپ بېرىدىكەن. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش پۈتۈنلەي قەدىمكى يادلاش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. يادلىغاندىمۇ ئوقۇغۇچىلاردىن رەسمىي ئاھاڭغا ئېلىپ ئىنتوناتسىيە بويىچە يادلاش تەلەپ قىلىنىدىكەن. چۈنكى كورىيانلار پەقەت ئاشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كلاسسىك ئەسەرلەرنى پۇختا ئىگىلىگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

بۇ مەكتەپكە ئادەتتە تولۇق كۇرستىن يۇقىرى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن كىرىپ ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن، ھەم بۇ مەكتەپكە خىلمۇ خىل كەسىپتىكىلەر كىرىپ ئوقۇسا بولىدىكەن. مىسالەن، سېئۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن شىن چېگرۇڭ ئىسىملىك ئوقۇغۇچىدىن نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ كلاسسىك نەرسىلەرنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا: "زامانىمىزدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، تۈرلۈك- تۈمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كلاسسىك ئەسەرلەردە چوڭقۇر پەلسەپىۋى قائىدىلەر سۆزلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇنى ئۆگەنسەم كۆزىتىش ئىقتىدارىمنى ئاشۇرۇشۇمغا پايدىلىق"

دەپ جاۋاب بەردى.

كورېيىدىكى كلاسسىكلارنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك ستېخىيىلىك ھادىسە ئىكەن.

دۇرۇس، غەربنىڭ جەلپكار مەدەنىيىتى بۈگۈنكى دۇنيادا ھەممىنى يېڭىپ چۈشكىدەك ئۈستۈنلۈكى بىلەن يەر شارىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتتى، نەتىجىدە ماددىچىلىق يادرولۇقىدىكى غەيرىي دۇنياقاراش ۋە ئۇنىڭ ھاسىلاتى بولمىش ئىنكارچىلىق ئېڭى خىلمۇ خىل ئىرقتىكىلەرنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورنىدى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھۇررا سادالىرى ئىچىدە قالغان باشقا مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى بىچارە قىياپىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر پەشۋاسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى سولۇپ خازان بولدى. بۇ، بىر خىل مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى تەڭپۇڭلۇقىنى رەھىمسىزلەرچە بۇزۇپ تاشلىغانلىقمۇ، قانداق؟ ھالبۇكى، كورېيانلارنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە تۇتقان كامالىي ئىشەنچىسى ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، كورېيانلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا قەستەن كۆز- كۆز قىلىش نىيىتىدىكى ساختىلىق ئەمەس، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ بېسىمىدىن تۇغۇلغان ئىسيان پىسخىكىسى ۋەجىدىن قەستەن مەمەدانلىق قىلغانلىقىمۇ ئەمەس.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كورېيان زىيالىيلىرىنىڭ ئەتمىشلىرى — ئەنئەنىگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئىشەنچ ۋۇجۇتقا چىقارغان ئاقىللارچە ئەمەل، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىپ كەتكەن ساداقەتمەنلىك ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىنىڭ ھەرىكەت قىلمىشى شەكلىدە ئىپادىلىنىشى، خالاس. چۈنكى كورېيانلار سانجاق- سانجاق بىنالار پەلەك بىلەن بوي تالاشقان، تېز سۈرئەتلىك يوللار ئۆمۈچۈك تورىدەك تەرەپ- تەرەپكە تۇتاشقان ئاشۇنداق زامانىۋى دۇنيادىمۇ بىر خىل

ئەزىزانىلىكنى ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن خەق.

تېلېۋىزىيىدىن ياپونىيە پادىشاھىنىڭ ئەنگلىيىدە زىيارەتتە بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ قالىمىز. ئۇنىڭدا ساھىبخان يىراق شەرقتىن كەلگەن مېھمانىنىڭ ئالدىغا قەدىمكى تۆت چاقلىق مەپە بىلەن چىقىدۇ. خان جەمەتى قاراۋۇللىرى ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەربىي فورمىسىنى كىيىدۇ. ھەتتا بۇككىنگھام سارىيى ئالدىدىكى قاراۋۇل ئالمىشىش مۇراسىمىمۇ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كونا يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھىندىلار دىپلوماتىيە مۇراسىملىرىدا مېھمانلارنى پىل مىنگەن ھۆرمەت قاراۋۇلى بىلەن قارشى ئالىدۇ. كورىيانلار بىلەن ياپونلار ئەنئەنىۋى بايراملىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىدۇ. ھىندونېزىيىلىكلەر دىپلوماتىيە سورۇنلىرىدا بېشىغا شۇ مىللەتنىڭ قارا تەقىيىسىنى كىيىدۇ. تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدە زىيارەتكە كەلگەن ئافرىقىلىق مېھمانلارنىڭ غەلىتە تونلارنى كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز... ئۇلار ئۆز دۆلىتىدە ئېھتىمال ئۇنداق كىيىنىپمۇ يۈرمەس. لېكىن دىپلوماتىيە سەھنىسىگە چىققاندا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى بىر خىل سالاپەت بىلەن كىيىشىدۇ. بۇ پەقەت شۇ مىللەتكە خاس بولغان بىر تۈرلۈك روھنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا، خالاس.

شۇنداق، مەرھۇم ماۋ زېدۇڭمۇ "ئادەم دېگەندە ئاز- تولا روھ بولۇشى كېرەك " دېگەنىدى. دېمەك، بىر مىللەتتىمۇ شۇ مىللەتكە خاس بىر خىل روھ ئۇرغۇپ تۇرۇشى كېرەك- تە!

**(7)**

كورىيانلار ئارىسىدا كونا ئۆرپ- ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇلار ئەنئەنىۋى ئەخلاق مەدەنىيىتىگە تېۋىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار بەيئەت قىلىدىغان ئەخلاق مەدەنىيىتىنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ساداقەتمەنلىك ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى مەنبە

قىلغان. ئىلىمىزدە ئىلگىرىكى زامانلاردا ساداقەتمەنلىك ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك تەشەببۇس قىلىناتتى. لېكىن، ئۇ ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە ھاكىمىيەت ئالماشقان چاغلاردىكى يېگانە ھەققانىيەتچىلەردە ئىپادىلىنىدىغان قانلىق ئابىدىگە، ئاددىي پۇقرالارنىڭ بالىلارچە ئۆكتىلىرىگە، مەدداھلارنىڭ ھېكايە- قىسسىلىرىگە ھەتتا مۇتتەھەم ھاراقكەشلەرنىڭ شىركەيىپ بولغاندىن كېيىنكى دەبدەبىلىك قەسەملىرىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، "ساداقەتمەنلىك ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك"نىڭ چىرايلىق ئەمما گېپى كەلگەندە بىر بۇردا نانغا يارىمايدىغان مەنىۋى بېزەكلا ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئاۋام ئۇنى چۆرۈپ تاشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قورساقنىڭ غېمىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن بۇنى جۇڭگولۇقلارنىڭ دىشۋارچىلىقلارنى بەك جىق تارتىپ، ئازاب- ئوقۇبەت، ساختىلىق، ئالدامچىلىق، نەيرەڭۋازلىق دېگەنلەرگە تويۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن. چۈنكى بىر پارچە سىيلىق قەغەزنى بەك پۇرلىشۋەتسە كېيىن ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سىيلىقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ؛ دەريا ئۇزۇن بولسا ھەم بەك بۇلغىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تىنىقلىقى ئاخىرى يوقايدۇ.

يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىر ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەنلىكى يادىمغا كېلىپ قالدى: "چىن سۇلالىسى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇپ باقىدىغان بولساق، شۇ زامانلاردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ نەقەدەر مەردانە ئۆتكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئادىمىي ياشىغانلىقىنى، شەرق مەدەنىيىتىگە ئەمىنىيە(ئەمىنىيە دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن) روھى ۋە ئەمىنىيىچە خىسلەت بىلەن جان كىرگۈزگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. چۈنكى، ئەمىنىيىچە خىسلەت كىشىلەردىكى غۇرۇر، ئار- نومۇس، پىداكارلىق ۋە خالىسانىلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ."

ئۇ ماقالىنىڭ مۇئەللىپى ئاخىرىدا كورىيانلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى بوھرانى يۈز بەرگەن چاغدىكى ئىپادىسىنى تىلغا

ئېلىپ "ئەمىنىيە روھى تەدرىجىي شەرققە قاراپ كۆچكەنمۇ- قانداق؟" دەپ سوئال قويىدۇ.

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەك، ئەمىنىيە روھى ھەرگىزمۇ شەرققە قاراپ كۆچكىنى يوق، بەلكى ئۇ جۇڭگو ۋە كورىيىدە ئەزەلدىنلا بار ئىدى. ھالبۇكى ئۇ خىل روھ چاگبەيشەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جاھان غەۋغالىرىدىن مۇستەسنا ئۆتكەن كورىيىدە بولغانماي ساقلىنىپ قالغانىدى.

# جۇڭگولۇقلار بىلەن كورىيىلىكلەرنىڭ مىللەت خاسلىقىدىكى پەرقلەر

پەۋقۇلئاددە مىللەت

ناۋادا كۆرۈۋاتقىنىڭىز جۇڭگو كوماندىسى بىلەن كورىيە كوماندىسىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى بولسا، ھەمىشە دەككە- دۈككە ئىچىدە تۇرىسىز. ھەتتا جۇڭگو كوماندىسى قارشى تەرەپتىن ئۇزۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاشۇنداق ئەندىشىدىن قۇتۇلالمايسىز. چۈنكى جۇڭگو كوماندىسىنىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە قارشى تەرەپكە ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا تەشۋىش ئىچىدە كۆزىڭىز يېتىدۇ.

شۇنداق ئەمەسمۇ! جۇڭگو كوماندىسى بىلەن كورىيە كوماندىسى ئارا ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق پۇتبول مۇسابىقىسىدە جۇڭگو كوماندىسى ئارقا- ئارقىدىن "ۋەھىيمىلىك ئاخىرقى ئۈچ مىنۇت" شەرمەندىسىگە قالدى.

2002- يىلى دۇنيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى كورىيە كوماندىسىنىڭ كۈچلۈك كارامىتى ۋەجىدىن تۇنجى قېتىم "دۇنيادىكى تۆت كۈچلۈك كوماندىنىڭ بىرى" دەيدىغان شەرەپلىك نامدىن مەھرۇم قالدى. چۈنكى جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى ھەر مەيدانلىق مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە مىنۇتىدا كورىيە كوماندىسىغا ئۇتتۇرۇپ قويغانىدى.

فېكتىيەن لوگقىسىنى تالىشىش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن قورشاۋ شاھمات مۇسابىقىسىدە ئەمدىلا 20 ياشتىن ئاشقان، مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ۋاڭ لېي 50 ياشلىق ساۋ شۈنشۈەننىڭ ئالدىدا

ئېچىنىشلىق مات بولۇپ قالدى...

ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، جۇڭگو تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئوخشاش بىر خىل سەۋەنلىكنى تەكرار- تەكرار سادىر قىلىشى ئاخىرى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. 2002- يىلى كورىيىنىڭ بۇسان شەھىرىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان جۇڭگو ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى مەيدانىغا چۇشۇشكە بىر كۈن قالغان چاغ ئىدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆز كوماندىسىغا ئىشەنچىسى بولغاچقا «تەنتەربىيە مۇنبىرى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا مەزكۇر كوماندا بولغۇسى مۇسابىقىدە ئالىدىغان ئالتۇن مېدالنىمۇ ئالتۇن مېدال ئومۇمىي سانىغا ئالدىنئالا قوشۇپ باش ئېلان قىلغانىدى. ئەتىسىدىكى مۇسابىقىدىمۇ جۇڭگو كوماندىسى ئىزچىل ناھايىتى ياخشى ئوينىدى. مەنمۇ جۇڭگو كوماندىسىنىڭ ئۇتۇۋېلىشىنى كۆڭلۈمدە جەزم قىلىپ بولدۇم. شۇڭا مۇسابىقە تۈگەشكە ئاز قالغاندا تېلېۋىزور ئالدىدىن قوپۇپ كەتتىم. كىم بىلسۇن، مۇسابىقە ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى تەنتەربىيە خەۋەرلىرىدە "جۇڭگو كوماندىسى مۇسابىقە تۈگەشكە 52 سېكۇنت قالغاندا كورىيە كوماندىسىغا ئۇتتۇرۇپ قويدى" دېگەن خەۋەر بېرىلدى.

شۇنداق، جۇڭگو كوماندىسى يەنىلا ئەڭ ئاخىرىدا يېڭىلىپ قالدى.

جۇڭگولۇقلار بىلەن كورىيانلارنىڭ تەقى- تۇرقى پەرقسىز بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دۆلەت تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ بىر- بىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.

دۇنيادىكى يۈز نەچچە دۆلەت ئىچىدە جۇڭگو بىلەن كورىيىدەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان دۆلەت بولمىسا كېرەك.

شۇنداق، جۇڭگو بىلەن كورىيە نۇرغۇن تەرەپلەردە ھەم ئوخشايدۇ، ھەم ئاسمان- زېمىن پەرق قىلىدۇ.

20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى كورىيىنىڭ تاغلىرى گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاس ئىدى. مانا ھازىر ھەممە يېرىنى يېشىللىق قاپلاپ

تۇرۇپتۇ؛ مەيلى شەھەردە بولسۇن، مەيلى سەھرادا بولسۇن ھەممىلا يەرنىڭ ئەينەكتەك پاكىزلىقىدىن كۆڭلىڭىز باشقىچە بوپ قالىدۇ.

كورىيانلار مۇھىت ئاسراشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان خەق. شۇڭا، ئاشخانىلاردا كىراخمالدىن ئىشلەنگەن بۇلغاندىسىز چىش كولىغۇچ ئىشلىتىلىدۇ، ھەتتا ئالىي دەرىجىلىك مېھمان سارايلاردىمۇ بىر قېتىملىق مىسۋاك، بىر قېتىملىق چىش پاستىسى، بىر قېتىملىق ساپما كەش دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلمايدۇ. كورىيە دۇكانلىرىدىن نەرسە- كېرەك سېتىۋالسىڭىز يالتىراق خالتا بېرىلمەيدۇ، ئەگەر لازىم بولسا ئۆزىڭىز قەغەز خالتا سېتىۋالىسىز. قىسقىسى، كورىيانلار دۆلەت دىيارىنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ياسىداق ساراي ئۆيلىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ.

لېكىن جۇڭگونىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىنى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن پويىز بىلەن ماڭغىنىڭىزدا، تۆمۈر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىنىڭ ئەخلەت- بۇلغاندىلار بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرۈسىز، يالتىراق خالتا، پاسىلداق قۇتا دېگەنلەر پۇتىڭىزغا پۇتلىشىپ تۇرىدۇ. پويىز بىلەن شىمالىي جۇڭگوغا سەپەر قىلىپ باقسىڭىز تۆمۈر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاقىر تاغلارنى كۆرۈپ ئىچىڭىز پۇشىدۇ.

شى شۇاڭبەننانىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەسلىدە 60 پىرسەنت ئىدى، بۇ نىسبەت مانا ھازىر 30 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. جۇڭگودىكى ئوتلاقلار يىلىغا 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ئازىيىپ، ئۈچتىن بىر قىسمى يوقىلىپ بولدى. مەملىكەت بويىچە يىلىغا ئېقىپ كېتىدىغان سۇ ۋە تۇپراق 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا، ھەر يىلى كۆپىيىدىغان قۇملۇق 2460 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. لېكىن جۇڭخۇا مۇھىت ئاسراش فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرى مۇھىت ئاسراش دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىكەن، 33 پىرسەنتكە يېقىن جۇڭگولۇق ئېلىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىت مەسىلىسىنى چۈشەنمەيدىكەن.

شۇنداق، بىز خەق "تۆت كىتاب، بەش دەستۇر"، "ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق" دېگەنلەرنى "فېئودالىزمنىڭ داشقىلى" دەپ ئاتىدۇق؛ ئىبادەتخانا سېلىش، نەسەبنامە يېزىش، ئەجدادلارغا ئاتاپ نەزىر- چىراغ بېرىشنى "فېئوداللىق خۇراپاتلىق" دەپ قارىغاچقا، كۆڭزى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا كۆمپەيكۇم قىلىۋەتتۇق؛ قەدىمكى كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتۇق. لېكىن، كورېيىدىكى كۆڭزى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرغىچە بار. بىر قىسىم كورېيانلار ھازىرمۇ ھەر يىلى 2- ئاي ۋە 8- ئاينىڭ باشلىرى كۆڭزىغا ئاتاپ نەزىر قىلىدۇ. كورېيانلار ھازىر ئورتاق ئەمەل قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرى يەنىلا ئىلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تەشەببۇس قىلىنغان "ۋاپادارلىق، قەدىردانلىق، ساداقەت، ئىخلاس، ئەدەب، ئىنساپ، پاكلىق، نومۇس"نى ئۆز ئىچىگە ئالغان "سەككىز ئىلتىپات"نى مەنبە قىلىدۇ. كورېيانلار نەسەبنى ئىنتايىن مۇھىم بىلىدۇ، شۇڭا تاۋۇز چاغنىدا مەملىكەت بويىچە ئۈچ كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆيىدە نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئەجدادلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

جۇڭگولۇقلار ئىلگىرى ئامېرىكا فىلىملىرىگە ئامراق ئىدى، مانا ھازىر كورېيە كىنولىرى بىزدە مودا بولۇپ كەتتى. «تىتانىك» ناملىق كىنو قويۇلۇۋېدى، ئېلىمىزدە كىنو بېلىتى كىرىمى بويىچە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. قىسقىسى، بۇ فىلىم جۇڭگودا قويۇلغان ھەرقانداق فىلىمگە قارىغاندا جىق پۇل تاپتى، دېگەن گەپ. لېكىن ئۇ چاغدا كۈرمىڭلىغان كورېيىلىك «تىتانىك»نى كۆرۈشكە قارشىلىق بىلدۈردى، بۇنىڭدىكى مۇددىئا ئىنتايىن ئاددىي. ناۋادا كورېيە ئاھالىسىنىڭ بەش پىرسەنتى بۇ فىلىمنى كۆردى دېسەك كورېيىدىكى تاشقى پېرېۋوت زاپىسىنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشەتتى. كىنوشۇناسلار تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا

كورىيانلار ياۋروپا فىلىملىرى ۋە ھوللىۋود فىلىملىرىگە مايىلراق. لېكىن كورىيە فىلىملىرىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.“

جۇڭگولۇقلار باللىرىغا كىچىكىدىن باشلاپلا ”زىيان تارتمايدىغان ئادەم“ بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاشخانىلىرىدا ئوقۇغۇچىلار غىزالىنىشتا ھەمىشە ئۆرىتوپ بولۇۋېلىپ بىر-بىرىنى قىستىشىدۇ. لېكىن كورىيىگە ئوقۇشقا چىققان جۇڭگولۇقلار ئۇ يەردىكى ئوفۇغۇچىلارنىڭ غىزالىنىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، ئۆچىرەتنىڭ ئالدىغا بارغاندا تاماق بېلىتىنى قاچىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئاشپەزلەرگە سۇنۇدىغانلىقىنى، ئاشپەزلەرنىڭ تاماق بېلىتىنى ساناپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. كورىيىدە تۇرۇپ باققان بىر جۇڭگولۇق مۇنداق دەيدۇ: ”كورىيە باغچىلىرىدا ئويناپ يۈرگەن باللار يەۋاتقان نەرسىلىرىنى ياندىكى ناتونۇش باللارغا بېرىدىكەن. مەن دەسلەپتە بۇ ئىشقا سەل-پەل ئادەتلىنەلمىگەنىدىم. كېيىن مەنمۇ بالامغا بارا-بارا يەۋاتقان نەرسىسىدىن ياندىكى ناتونۇش باللارغىمۇ بېرىشنى ئۆگەتتىم.“

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ پۇتبولنى قويۇپ تۇرۇپ، توپ مەستانىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى: دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدە كورىيە كوماندىسى بىلەن ياپونىيە كوماندىسى مەيدانغا چۈشكەن كۈنى، كورىيە توپ مەستانىلىرى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچىكى، ئەسۋابلىرى، توۋلىغان شوئارى بىردەك ئىدى. ئۇلار تۈمەن كىشىلىك ھەيۋەتلىك دولقۇن ھاسىل قىلىپ، ”بۈيۈك كورىيە“ دېگەن گۈلدۈرمامىدەك شوئارلىرى بىلەن، كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ چاغدا جۇڭگودىن نۇرغۇن توپ مەستانىلىرى بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار 40- 50 تىن بىر توپ بولۇشۇۋېلىپ ئۆز ئالدىغا توۋلاشتى؛ كىيىم-كېچىكى، توۋلىغان شوئارلىرى خىلمۇ خىل بولغاچقا قالايمىقان كۆرۈنەتتى. مۇسابىقە ئاخىرىدا كورىيە توپ مەستانىلىرى يېنىدىكى

ئۈششاق- چۈششەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. لېكىن جۇڭگو توپ مەستانىلىرى تۇرغان جاينىڭ ھەممىسىدە ئەخلەتلەر چېچىلىپ ياتاتتى، ئەخلەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەتتا بەش يۇلتۇزلۇق كىچىك قىزىل بايراقلارمۇ بار ئىدى.

## رەت قىلىشقا بولمايدىغان بىر تەرەپلىمىلىك

بولىۋىيە تەۋەلىكىدىكى بىر جۇڭگولۇق ئىنتېرنېت تورىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكىدا كەمستىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر بايانىنامە ئېلان قىلىدى. ئۇنىڭ يېزىشىچە بولىۋىيىلىكلەر ياپونىيىلىكلەرنى ئۇچراتسا ئىززەت- ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت قىلىدىكەن؛ كورىيانلارنى ئۇچرىتىپ قالسا ئۇنىڭغا خۇددى قەدىناسلاردەك يېقىنلىشىپ "كورىيىنىڭ ماللىرى بەلەن" دەپ ماختاپ كېتىدىكەن؛ ناۋادا سىز جۇڭگولۇق بولسىڭىز چىرايىغا دەرھاللا مەسخىرىلىك كۈلكە يۈگۈرتۈپ "Polloreco" (توخۇ كاۋپىي ساتقۇچى) دەپ قىقاس سېلىشىپ كېتىدىكەن. چۈنكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار بولىۋىيىگە ئوغرىلىقچە كېلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى سادىر قىلغانىكەن.

بۇ بايانىنامىنى كۆرۈپ خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. چۈنكى بۇرۇن "تەرەققىي تاپقان ئەللەر جۇڭگولۇقلارنى 'ئېگىز ئېسىلغان قىزىل پانۇس' فىلىمىدىكى ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان 'چىڭ دۆلىتى'نىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىتىپ مەسخىرە قىلارمىش" دەپ ئاڭلىغانىدىم. جۇڭگولۇقلارنى ھەتتا ئۈچىنچى دۇنياغا تەۋە ئالىقانچىلىك دۆلەت كىشىلىرىنىڭمۇ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ تۇرۇۋېتىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرلارغا ئانچە- مۇنچە

دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئاڭلىغانسېرى غەزىپىم كېلەتتى. ئامېرىكىدا يېرىم يىل تۇرغان بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى مۇنداق دەپ يېزىپتۇ: "10 نەپەر جۇڭگولۇقتىن 'ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى كىم؟' دەپ سورىسىڭىز ئۇلاردىن توققۇزى دەرھال جاۋاب بېرەلەيدۇ. لېكىن 10 نەپەر ئامېرىكىلىقنىڭ توققۇزى جۇڭگو رەئىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ."

بىر غەرب دۆلىتى تۈزگەن «جۇڭگو ساياھەت قوللانمىسى»دا ساياھەتچىلەرنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ: "جۇڭگولۇقلار تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن بىزدىن پەرقلىنىدۇ: بىرىنچى، ئامموۋى ئەخلاق قارىشى تۆۋەن بولغاچقا، كۆرۈنگەنلا يەرگە بىر نەرسىلەرنى تاشلاپ ماڭىدۇ، بېلەت ئالغاندا ئۆچىرەتتە تۇرمايدۇ؛ ئىككىنچى، قانۇن ئېڭى ئاجىز بولغاچقا، قاتناش قائىدىسىگە ئەمەل قىلمايدۇ؛ ئۈچىنچى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ناچار، ئىش ۋاقتىدىمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ..."

بۇنداق مىساللارنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، چۈنكى ئۇنداق گەپلەر ھەددى- ھېسابسىز. يەنە مىسال ئالسام ئېھتىمال تېخىمۇ قاملاشمىغان نام- ئاتاقلارنى دەپ سېلىپ، يۈرىكىڭىزنى ئېچىشتۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەن ئاخىرى شۇنى چۈشىنىپ يەتتىم: چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ھەرگىزمۇ رادىئو- تېلېۋىزىيىدىن توختىماي ياڭراپ تۇرىدىغان دوستلۇق ۋە ئىناقلىق خۇسۇسىدىكى ئىبارىلەرگە، جۇڭگونىڭ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئوقۇلغان ئايىغى چىقماس مەدھىيىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن.

دۇرۇس، يۇقىرىقى گەپلەر پەقەت ئاز بىر قىسىم چەت ئەللىكلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى، خالاس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇچراتقىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا. شۇڭا ئۇنداق كەمسىتىش ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەرگە قايناشقا، ئۇنى سۆكۈشكە ۋە ئۇ ھەقتە پاكىت كۆرسىتىپ چۈشەنچە بېرىشكە ھەقلىقمىز.

لېكىن، ئۇنى پىسسەنتىمىزگە ئالماي، بىپەرۋا يۈرسەكمۇ قاملاشمايدۇ. دېمەك، چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى پەردازلىق مەدھىيىلىرىگىلا قۇلاق سېلىپ، ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلىرىگە قۇلاق سالماي يۈرسەكمۇ بولمىغۇدەك. مېنىڭچە، يۇقىرىقى زەھەردەك گەپلەر ھەتتا ھاقارەت سۆزلىرى يانپاشقا ئۇرۇپلا تاپقان گەپلەر ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ. شۇڭا ئاشۇ گەپلەر ئۈستىدە ئويدانراق ئويلىنىپ بېقىش، چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزگە زادى قانداق قارايدىغانلىقىنى راۋۇرۇس چۈشىنىپ، ئۆزىمىزنى ئەينەن بىلىۋېلىشىمىزغا پايدىسى بولسا كېرەك.

بىز خەقتە راستتىنلا ئاشۇنچىۋالا ئېغىر ئىللەتلەر بارمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئورنىدا مۇنداق مىسالدىن بىرنى ئىختىيارىي كۆرسىتىپ قويساقلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە:

جۇڭگونىڭ نەرىگىلا بارماڭ، كوچا- كويىنىڭ ھەممىسىنى قاپلاپ كەتكەن "ساختا گۇۋاھنامە ياسايمىز" دەيدىغان ئېلان كۆزىڭىزگە ھەممىدىن بەك چېلىقىدۇ. ئىشقىلىپ جۇڭگونىڭ چوڭ- كىچىك شەھەرلىرىدىكى ھەر قانداق تام، ستولبا تۈۋرۈكلىرى ئاشۇنداق ساختىچىلارنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى ئوچۇق- ئاشكارا جاكارلاپ تۇرىدۇ. بۇنداق مەنزىرە دۇنيا بويىچە پەقەت جۇڭگوغىلا مەنسۇپ بولسا كېرەك.

شۇنداق، كەمسىتىشلەرگە نەپرىتىمىز تاشىدۇ. لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى — نېمە ئۈچۈن كەمسىتىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىپ بېقىش. چۈنكى، خەق مېنى كەمسىتتى دەپ، بوغۇلۇش- ئاچچىق يۇتۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ- دە!

## جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەر

”قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ“ دېيىشىدۇ. لېكىن، مىللەت خاراكتېرى دېگەن نەرسىمۇ ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ بارىدىغان ئوخشايدۇ. «ئەمىنىيە دەۋرىدىكى بەگلىكلەر قىسسىسى»ناملىق كىتابنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولسىڭىز ئۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ناھايىتى جىگەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسىز. بۇ كىتابتىكى تەسىرلىك ھېكايىلەردىن خىيال دېڭىزىغا غەرق بولىسىز. ئۇ ھېكايىلەر شۇ زامانلاردىكى ئوغلانلارنىڭ مەردانە ۋە كەسكىنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ؛ ئەۋلادلارغا نېمىنىڭ ئادالەت يولىدا جاندىن كېچىش، نېمىنىڭ ھايات- ماماتلىق پەيتلەردە ھەمدەم بولۇش ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

قوشنا مىللەتلەر تېخى نادانلىق ئۇيقۇسىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان چاغدا، جۇڭگولۇقلار ئىدىيىۋى ئويغىنىشنى ئاللىقاچان باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ روھى ئۇرغۇغان، ئەقلى بالقىغانىدى؛ ئالىم- ئۆلىمالار تۇشمۇتۇشتىن يېتىشىپ چىققانىدى. ئىدىيىۋى قىرانلىقىغا قەدەم قويغان ئاشۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈرىكىدە ئىجادىيەت ۋە بايانات ئىستىكى تېپچەكلەيتتى. شۇڭا ئۇلار قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پايانسىز ئاسمىنىدا نۇرانە تاڭ شەپقىنى پارلاتقانىدى.

ئەپسۇس، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. قارىماققا پالۋان، ئەمما نادان، شەپقەتسىز چىن شىخۇاڭ جۇڭگونىڭ ئىدىيىۋى قىرانلىقىنى بەك بالدۇر نابۇت قىلىۋەتتى. چىن شىخۇاڭنىڭ خاتالىقى، سەددىچىننى سوقتۇرۇپ ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگولۇقنى ئۆزىنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىدا. چىن شىخۇاڭنىڭ ئۇستازى خەن فېيزى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىكەن: ”ئادەم

دېگەن رەزىل ھايۋان بولغىنى ئۈچۈنلا ئىنتىلىدىغىنى نەپ، قورقىدىغىنى زوراۋانلىقتۇر. شۇڭا ئادەم دېگەنگە ھۆرمەت قىلما، ئىشەنمە؛ ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئامالى شۇكى، قولۇڭدىكى قامچاڭنىڭ دەستىسى ئۇزۇن بولسۇن؛ ئاۋامنى سېھىر، جادۇ، كۈچ- قۇدرەت بىلەن ئىلكىڭدە تۇتقۇنكى، ئۇلار ئالدىڭدا گويا ھارۋاڭغا قوشقان ئۇلاغدەك باش كۆتۈرمەي ماڭسۇن!"

ئەلمىساقتىن بېرى، جوڭگولۇقلار ئاقىللارنىڭ باھادىرى دەپ تونۇپ كەلگەن بۇ كاتتا زات زوراۋانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاساسىنى ئورنىتىپ، جوڭگولۇقنىڭ ھەممىسىنى قۇل ۋە ئات- ئېشەككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ "كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۈش"، "ئەمەلدارلارغا باش قويۇش"، "نادانلار جاھان سوراش" ھۈنىرى بىلەن ئاۋامنى ئەركىنلىكتىن ۋە پىكىر قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاخىرى ھەتتا "لام دەپ ئېغىز ئېچىپ قويغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قورسىقىدا غۇم ساقلىغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ھەرقانداق ئادەمنى يۈرەكئالدى قىلىۋېتىش" دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ جوڭگولۇقلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ئومۇمىيۈزلۈك دەھشەتلىك ئاياغ ئاستى قىلىندى؛ ئادىمىي ئىززەت- ھۆرمەتنىڭ كۆرسى قالمىغاچقا، ھەممىگە چىدايدىغان، ھەممىگە خوش- خوش دەپ تۇرىدىغان، بىپەرۋا- لايغەزەللىك بۇ ئەلدە بازار تېپىشقا باشلىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى لىيۇ باڭ بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلىشىچە، لىيۇ باڭ چۇ- خەن يېغىلىقىدا پۈتۈنلەي يېڭىلىپ قېلىپ ئاخىرى قېچىپتۇ. ھارۋىدا ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ۋە مەسلىھەتچىسى تېڭ گوڭمۇ بار ئىكەن. لىيۇ باڭ تېزراق قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھېلىقى ئىككى بالىسىنى بىر نەچچە قېتىم ھارۋىدىن تاشلىۋەتمەكچى بوپتىكەن، تېڭ گوڭ ئۇنى توسۇۋاپتۇ. بۇنىڭغا تېرىكىپ جان- ئىمانى چىقىپ كەتكەن لىيۇ باڭ

ھارۋىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز قېچىپ كېتىپتۇ.

شياڭ يۈ ليۇ باڭغا "ئاتاڭنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىدە قىيما ئېتىمەن" دەپ تەھدىت سالغاندا، ليۇ باڭ كۈچۈكلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: "ئاشۇ قىيمىدىن ماڭىمۇ بىر قاچا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا" دېگەنىكەن.

تارىخنامىلەردە مۇنداق پۈتۈلگەن: "ليۇ باڭ نەزمىگە نائۇستا بولغىنى بىلەن مىجەزى ئۇچۇق، پىكرى ئۆتكۈر، رايىش ئادەم ئىدى؛ قاراۋۇل- لەشكەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپلا قەدىناسلاردەك چىقىشىپ كېتەتتى." دۇرۇس، ئۇ ئاشۇنداق ھەتتا ئىشىك باقارلار بىلەنمۇ ئىچقويۇن- تاشقويۇن بولالايدىغان چىقىشقاق ئادەم ئىدىيۇ، لېكىن ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ھەممىدىن يۈز ئۆرۈپ ۋاپاغا جاپا قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ تەختكە چىققان ھامان، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشقان سەپداشلىرىنى بىرىنى قويماي قىرىۋەتكەنىدى. دېمەك، ئۆزىنى "مەردۇ مەردان" ئاتىۋالغان مۇتتەھەم ليۇ باڭ ئەمەل كۇرسىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، "شياڭ يۈچە ئالىيجانابلىق، توخۇ يۈرەكلىك ۋە غايىپەرەسلىك جاھان سوراشقا باب كەلمەيدۇ" دەپ قاراپ، ھەممىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا ۋاستە تاللىماي ھەرقانداق ئىشنى قىلىدىغان رەزىللىك، ھارامزەدىلىك، مەككارلىق يامراپ كەتتى.

بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى — جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئاداققى ئەسلىمە. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا جۇڭگو دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇرى ھەتتا ياۋروپاغىچە يېتىپ بارغانىدى. قوشنا ئەللەر جۇڭگوغا يۈكسەك ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ھەرقانداق ئىشتا جۇڭگونى ئۈلگە قىلاتتى. چاڭ ئەن رەستىلىرى ياۋروپا- ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ماللىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، ھەممىلا يەردە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودىگەر ۋە تالىپلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ مىجەز- خۇلقى شىجائەت، ئۇچۇق- يورۇقلۇق، ئۈمىدۋارلىق، دۇرۇسلۇق ۋە ئىنتىلىشچانلىق بىلەن

خاراكتېرلىنەتتى. ئۇلار پۇتىنى بوغۇش، تەرىقەتچىلىك، شەخسكە ئابىدە تىكلەش دېگەندەك ئەمىر- مەرۇپ ۋە قائىدە- يوسۇنلاردىن مۇستەسنا ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار قايتا ياتلىق بولسا، چىقىشالمىغان ئەر- خوتۇنلار ئاجرىشىپ كەتسە، شائىرلار نەزمىلىرىدە مۇھەببەتنى مەدھىيىلەپ ھاياتنى كۈيلىسە بولىۋېرەتتى. جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنسانىي خىسلىتى ئەڭ دۇرۇس پادىشاھ — تاڭ تەيزۇڭ دەل تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا جاھان سورىغانىدى. بۇ ئاقىل پادىشاھ ھەم رەھىمدىل ھەم قابىلىيەتلىك بولۇپ، پۇقرانىڭ ھالىغا يېتەتتى. بۈيۈك شائىر لى بەي دەل تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا داڭق چىقارغانىدى، ئۇ ھەم پەقەت تاڭ سۇلالىسىدىلا شۇنداق قىلالايتتى. لى بەينىڭ مىسرالىرىدا شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ غايە- ئىستەكلىرى ۋە ساغلام روھى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئەپسۇس! بىز خەقنىڭ پېشانىسىگە بالا- قازا جىق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى 1000 يىل مابەينىدە، جۇڭگو زېمىنىدىكى ھاكىمىيەت توختاۋسىز ئالمىشىپ تۇردى، يات مىللەتلەرنىڭ سانسىز قېتىملىق تاجاۋۇزى بىزنىڭ پسىخىكىمىز ۋە خاراكتېرىمىزگە ئاجايىپ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

"ھاكىمىيەت ئالمىشىش" دېگەن بۇ كەلىمىنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەھمىيىتى ئىنتايىن ئۆزگىچە بولسا كېرەك. "ئەخلاق" ئۇقۇمى جۇڭگودا "ساداقەتمەنلىك" ۋە "ۋاپادارلىق"نى تۈپكى مەنبە قىلىدۇ. يەنى ئۇ خان بىلەن تەڭ ياشاپ تەڭ ئۆلۈش، بىر خوتۇن ئىككىنچى بىر ئەرگە تەگمەسلىك، بىر قۇل ئىككىنچى بىر خوجايىنغا خىزمەت قىلماسلىقتەك قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت تۇسىنى ئالىدۇ. شۇڭا، ھاكىمىيەت ئالمىشىش، جۇڭگودىكى ھەربىر پۇقرا، بولۇپمۇ ھەربىر مەنسەپدار ئۈچۈن ئېغىر سىناق بولىدى. جۇملىدىن ھەر 100- 200 يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ھاكىمىيەت ئالمىشىش گويا ئالەمشۇمۇل جازا قورالىغا ئوخشاش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قېنىدىن دەريا ياسىدى،

يەنى ئاشۇ جازا قورالى ئىجتىمائىي ھوقۇقنى بىر جەمەتنىڭ تېنىدىن سويۇپ ئېلىپ، يەنە بىر جەمەتنىڭ تېنىگە كۆچۈردى. ھەربىر قېتىملىق ئاشۇنداق تالاپەتتە، سانسىزلىغان ئەزىمەتلەر قارشىلىق روھىنىڭ دالالىتىدىن جېنىدىن جۇدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ سانلىق كىشىلەر خورلۇق ئىچىدە جان ساقلاش يولىنى تاللىدى. چۈنكى، بۇ خىل جەڭگە- جېدەل كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنسانىي قەدىر- قىممەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ۋە ئۆز- ئۆزىنى ئىنكار قىلىش جەريانىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

يامان يېرى، جۇڭگودىكى خانلىق تەختنى ئاجايىپ جەلپكار بولغاچقا، تارىختا ئۆتكەن شاھلار ئۆزىنىڭ تەختى- بەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو دۇنيادا ھاكىمىيەت ئالمىشىشنىڭ كۆپلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىپ كەلدى. جۇڭگودىكى خانلىق ھاكىمىيتى ياپونىيە ھاكىمىيىتىدەك ”تۈمەنمىڭ يىل“ ھۆكۈم سۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قەدىمكى چاۋشيەن ھاكىمىيتىچىلىكمۇ مۇقىم بولالمىدى. جۇڭگودا تاڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندىن كېيىن بەش دەۋر ئون پادىشاھلىق ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىغىچە بولغان قىسقىغىنا 54 يىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا لياۋ، تاڭ، جىن، خەن ۋە جۇدىن ئىبارەت بەش سۇلالە ھاكىمىيەت سۈرۈپ باقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كېيىنكى خەن سۇلالىسى پەقەت تۆت يىللا ئەل سورىيالىدى.

پولات ھەرقانچە پۇختا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئالدى- ئارقىسىغا قاتلاۋەرسە ھامان بىر كۈنى كاردىن چىققىنىغا ئوخشاش، ھەرقانچە چىداملىق مىللەتمۇ يۇقىرىقىدەك ھاكىمىيەت تالىشىشنىڭ تۈگىمەس تالاپەتلىرى ۋەجىدىن ئاخىرى پەرۋاسىز ۋە گاراڭلاردىن بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋىجدانى غۇرۇرى ۋە ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ئەسلىدە ”ساداقەتمەنلىك“ ۋە ”ۋاپادارلىق“نىڭ يادرولۇقىدىكى ئەخلاقنى مەنبە قىلاتتى. لېكىن ھەر قېتىم ئالماشقان ھاكىمىيەت

"ساداقەتمەن"لەرنى جازالاپ، "تەسلىمچى"لەرنى تارتۇقلاش بىلەن ئۆزىنى مۇستەھكەملىدى. شۇڭا جۇڭگودىكى «يىگىرمە تۆت تارىخ»[1]نى يىگىرمە تۆت قېتىملىق بالايىئاپەتنىڭ دەلىلى دېيىشكە بولىدۇ. توختاۋسىز يېڭىلىنىپ تۇرغان خانلىق تەختىنىڭ ھەممىسى ئىنسانىي ۋىجدانىنى مەسخىرىگە كۆمدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ سانلىق كىشىلەردىكى قايتماس روھ، ئىرادە- جاسارەت، ئىشەنچ ۋە راستچىللىق تەدرىجىي يوقاشقا باشلىدى؛ ساپ دىللىق ۋە ئىرادە ھەر قېتىملىق ئاشۇنداق دىشۋارچىلىقلار داۋامىدا ئاستا- ئاستا ئاجىزلاپ، جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەخلاق ۋە ئەركان-ئەھكاملار بارا- بارا قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالدى. ھەرقانداق بىر قوشۇن نەدىن سەپ تارتىپ كەلمىسۇن، پەقەت ئۇ مۇشۇ تۇپراققا قەدەم قويغان ھامان بويىنىغا "ئىتائەتمەن"لىك بەلگىسىنى ئېسىپ، كوچە ئۇستىلى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، "خۇش كەپسىلەر"دەيدىغانلار ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇردى. دۇرۇس، ئۇنداقلار ئاز ساندىكى مىللىي مۇناپىقلار، خالاس.

ئۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىق ھېكايىلەرگە ئەمدى كېلىمىز، تېخى. سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، ھەيۋەتلىك ئاتلىق قوشۇنى يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قارشى ئېلىۋاتقان يەرلىك پۇقرالار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقىنى بويسۇندۇرغان بۇ ئاتلىق ئىستىلاچىلارنىڭ ئەسلىدە شىمال تەرەپتە ياشايدىغان چارۋىچى قەۋم ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پۇقرالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنە بىر قېتىملىق پىسخىكىلىق ئېغىر زەربە بولدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پۇقرالار ھەيۋەتلىك موڭغۇل قوشۇنى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ "ئەبگاھ خەق"ئىكەنلىكىنى خورلۇق ئىچىدە قوبۇل كۆرۈپ، موڭغۇل

[1] سى ماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»ىدىن تاكى جاڭ تىڭيۈنىڭ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»غىچە بولغان 24 يۈرۈشلۈك تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، جەمئىي 3213 جىلد، 40 مىليون خەت، ـــ تەرجىماندىن.

ئىستېلاچىلىرىنىڭ 100 يىلغا سوزۇلغان مۇستەبىتلىكىگە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ چىداشلىق بەردى. مانجۇلار جەنۇبقا باستۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، خەنزۇلار ئاتا- بوۋىسىدىن ئۇدۇم قالغان چېچىنىڭ چۆرىسىنى قىرقىپ، چاچقانىنىڭ قۇيرۇقىدەك بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالدى.

خورلۇققا چىداپ جان ساقلىغان ئادەمنىڭ ئىنسانىي قەدىر- قىممىتى دەپسەندە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. سۇڭ سۇلالىسى گەرچە زەئىپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا ياڭ جياجياڭ، يۆ فېي، ۋېن تيەنشياڭغا ئوخشاش مىللىي قەھرىمانلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى؛ ئاۋامنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرىمۇ تېز ئەۋج ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر روھ بىلەن تەننى، چوڭ قائىدىلەر بىلەن ئەمەلىيەتنى بىر- بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا ئادەتلەندى. بۇنىڭ بىلەن "مەردلىك قىلىپ ئۆلگەندىن كۆرە، قۇلاقنى يوپۇرۇپ جان ساقلىغان تۈزۈك"، "ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ"، "ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر"، "ئارقاڭغا يانساڭ ئامان قالىسەن"، "ئۆزۈڭنى بىل ئۆزگىنى قوي" دېگەندەك ئاللىقانداق جۇڭگوچە ئەقىل- پاراسەتلەر بارلىققا كەلدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ساماندەك ساتقىننى كىممۇ تارىخىي تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى دېيەلىسۇن؟

ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئەگىشىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتتى.

چىن شىخۇاڭدىن باشلاپ ھەر قېتىم نەختكە چىققان پادىشاھ ئالدى بىلەن "قانداق قىلسام تەختنى- بەختىمنى ئەبەدىي ئامان ساقلىيالارمەن؟" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىدىغان بولدى.

بۇ مەسىلە چىن سۇلالىسىدىن كېيىن جۇڭگو سىياسىيسىنى نەق 1300 يىل پاراكەندە قىلدى. ھەربىر پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئاشۇ مەسىلە ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇش بىلەن ئۆتتى.

بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي. ئۇ بولسىمۇ ”ئاۋامنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بوغۇپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي ’قۇلاق تىنچ‘لىقنى قوغداش“تىنلا ئىبارەت. شۇنداق بولغانىكەن، ئەلۋەتتە پۇقرانىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىنى تەقىپ قىلىپ، ئاۋامنى ئۆملىشىپ قېلىشتىن توسۇپ، خانلىق ھوقۇقىغا تەھدىت يەتكۈزۈدىغان ھەرقانداق كۈچنى دەرھال ئۇجۇقتۇرىدىغان گەپ- تە!

ھۆكۈمران سىنىپ نوپۇس جەھەتتىن ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، ئۇ مۇتلەق ھوقۇقنى ئىلكىگە ئالغانلىقتىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىكى يۆنىلىشكە قاراپ بۇرايدۇ. ئۇ يۆنىلىش كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن ھەرقانچە بىمەنە، ھەرقانچە ئورۇنسىز بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت ئاشۇ يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىمەي قالمايدۇ. دېمەك، ئاشۇ 1300 يىل مابەينىدە، جۇڭگو جەمئىيىتى ئاشۇنداق مۇستەبىتلىك ۋە ئاشۇنداق قاتماللىقتا ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

چىن شىخۇاڭنىڭ ھېچكىم غىڭ قىلالمايدىغان مۇستەبىت تۈزۈمىدىن كېيىن، خەن ۋۇدىمۇ ئاۋامنىڭ كۆڭزى تەلىماتىدىن باشقىنى ئېغىزغا ئېلىشى مەنئى قىلىنغان ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىكنى يۈرگۈزدى. تاڭ تەيزۇڭ فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەقىل- پاراستىنى نام- ئاتاق سۈيۈرغاللىقىدىن ئىبارەت نوقۇل يۆنىلىشكە مۇجەسسەملەپ، ئەقلىي پائالىيەتنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشىنى ئۈنۈملۈك توستى. يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرى مەھەللە تۈزۈمى ۋە بىر- بىرىگە پايلاقچى قويۇش تۈزۈمىنى ئىشقا سېلىپ، خەنزۇلارنىڭ قورال- ياراغ ھەتتا پىچاق ئىشلىتىشىنىمۇ مەنئى قىلدى. جۇ يۈەنجاڭ باش ۋەزىر قويۇش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق كارامىتىگە تايىنىپ، پۈتۈن جۇڭگونى غايەت زور ”كەنت“كە ئايلاندۇردى؛ ئۆزى بولسا يېپىدىن- يىڭنىسىغىچە ھەممىنى باشقۇرۇدىغان ”كەنت باشلىقى“ بولۇۋالدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە

پۇقرالارنىڭ قانداق كىيىم كىيىدىغانلىقى، قانداق ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلىقى، ھويلىغا قانداق كۆچەت تىكىلىدىغانلىقى، ھەربىر ئائىلىدە قانچىدىن توخۇ بېقىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھ ئۆزى بەلگىلەيتتى. چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، دىۋان بېگىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەرقانداق يارلىقنى پادىشاھ ئۆزىلا چۈشۈرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭ شى، يۇڭ جېڭ، چيەن لۇڭ قاتارلىق داڭدار ئۈچ پادىشاھى كىشىلەرنىڭ نېرى-بېرى گەپ قىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەلەم تەقىپچىلىكىنى[①] ئەۋجىگە چىقاردى. مىسالەن، كاڭ شى "ئادەم يۈرىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى كاللىسى بىلەن پىكىر قىلىدۇ" دەپ قويغان راھىبنى "خەتەرلىك بەندە" دېگەن گۇناھنى ئارتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ھەتتا كېسىلى تۇتۇپ قالغان چاغدا "مەن دېگەن پادىشاھ" دەپ قويغان ساراڭنىڭمۇ كاللىسىنى ئالغانىدى. قەلەم تەقىپچىلىكىنىڭ ئەدەپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئوردىدىكى ۋەزىر- ۋۇزرالار پۈتۈكلەردىن ئىۋەن تېپىۋالسا كاللا كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، ھەتتا بىر- بىرى بىلەن خەت ئالاقە قىلىشىشمۇ، خاتىرە يېزىشىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

پادىشاھلارنىڭ ھوقۇق مىراسخورلۇقى جۇڭگودىكى مۇستەبىت تۈزۈمنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ، جۇڭگونى ئاخىرى بىر پارچە تۆمۈر تاختىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەرقانداق ئامال- چارە بىلەن "قۇلاق تىنىچ"لىقنى ساقلاش، قېلىپنى بۇزماقچى بولغانلارنى قىلچە رەھىم قىلماي ئۇجۇقتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى "ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي 'قۇلاق تىنىچ'لىقنى ساقلاش" مابەينىدە شەكىللىنىپ، يىغىلىپ قالغان كۆرمىگىلىغان ئىللەت ۋە نۇقسانلار ئاخىرى بېرىپ تۈزۈتمەن دەپمۇ

[①] قەلەمدارلارنىڭ يازمىلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، "قەلەم بىلەن خانغا قارشى چىققان" دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ جازالاش ئۇسۇلى، — تەرجىماندىن.

تۈزەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېرىپ يەتتى. مىڭلىغان- مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئەقىل- پاراسىتى كىشەنلەندى؛ ھاياتىي كۈچى ئۇجۇقتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەربىر پۇقرا پۇت- قولى بوغۇلغان مەھبۇسقا ئوخشاپ قالدى. بۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى جۇڭگونى كۆزىتىپ باققان ئەجنەبىيلەر "جۇڭگولۇقلار ھەددىدىن زىيادە گاراڭلىشىپ، ئاخىرى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قاپتۇ" دەپ تەسۋىرلىگەنىدى.

جۇڭگونىڭ تارىخىنى ۋاراقلىغانسېرى ئادىمىلىكنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلاپ بارغانلىقىنى، ئالىيجانابلىق، رەھىمدىللىك، سەمىمىيلىك، راستچىللىق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئىززەت- ھۆرمەت دېگەنلەر تەدرىجىي ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئاخىرى گۇمانخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، كاززاپلىق، مەككارلىق، رەزىللىك ۋە ئىپلاسلىقلارغا ئورۇن بوشىتىشقا باشلىغانلىقىنى بايقايسىز. مىسالەن، جۇ يۈەنجاڭنىڭ ئوغلى خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، رەقىبلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى پاھىشىخانىغا ئاپىرىپ بەرگەنىكەن. بىر كۈنى ئاغۋات بېگى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ "بۇ قىزلارنى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 ئادەم نۆۋەتلىشىپ ئويناۋاتىدۇ؛ ئۇ قىزلاردىن بىرىنىڭ بالىسى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرىپتۇ!" دەپ مەلۇمات يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خان: "نېمە قىلسا قويۇپ بېرىڭلار، كىچىكى چوڭ بولسا كېيىن جىق پۇلغا يارايدۇ" دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئوردىدىكى غەيرىي ھوقۇقچىلىق شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئاغۋات بېگى ۋېي جۇڭشيەن بۈيۈك مىڭ دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى ئالقىنىدا ئوينىتىدىغان شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. قىمار بىلەن ھاراقتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدىغان بۇ ساۋاتسىز ئاغۋات پۈتكۈل مىڭ دۆلىتىنى زۇلمەت ئىچىگە بەنت قىلىپ قويدى. كېجۈي ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئەمەل تۇتقان، نۇرغۇن- نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق ۋەزىر- ۋۇزرالار بۇ ئاغۋاتنىڭ ئايىغىغا

باش قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىز يۈزەكى، ھېسسىي، خام ۋە چالا، ئەلۋەتتە. لېكىن، مۇنداق بىر نۇقتا ئۆز- ئۆزىدىن مەلۇم: ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ ئاخىرى قانداق ھالەتكە كىرىشى ئۇنىڭدىكى گېنغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش، جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىدىكى سەلبىي تەرەپلەرنىڭ يىلتىزىنى دەل جۇڭگونىڭ تارىخىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن جىگەرلىك ئەزىمەتلەر بۇ خىل قاتمۇقات ئىجتىمائىي كېسەلگە چىداپ تۇرالماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ باققانىدى. ھالبۇكى، ۋاڭ ئەنشىنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى ۋە جاڭ جۈجېڭنىڭ يېڭىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىدىن تارتىپ كاڭ يۇۋېينىڭ يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ كەتتى. لېكىن، ئاشۇ ئىسلاھاتلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئاز- تولا ئالغا سىلجىتقانلىقىغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

زوراۋانلىق ۋە مۇستەبىتلىككە چىداپ تۇرالمىغان ئەجدادلىرىمىز جەسۇرانە كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. جۈملىدىن جۇڭگو تارىخىدا سانسىزلىغان ھەيۋەتلىك قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ، مۇستەبىت خانلىقلارنى بىر بىرلەپ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەھرى- غەزىپى ھەرقانچە قايناپ تاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا تىز پۈكۈش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. سانسىزلىغان قوزغىلاڭلاردا ئاۋام پۇقرانىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاققان بولسىمۇ، لېكىن پۇقرا تۆلىگەن بەدىلگە چۈشلۇق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەشەددىي مۇستەبىتلىك ئاستىدا قالدى.

شۇڭا، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگوغا كەلگەن غەربلىك تەكشۈرگۈچىلەر مۇنداق دەپ يازدى: ”جۇڭگولۇقلاردىكى چېكىدىن ئاشقان سەۋر- تاقەت ئاجايىپ بىر خىل ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى

شەكىللەندۇرۇپتۇ: بايلار قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدىكەن، ئالدىدىن ئاش- تاماق ئېشىپ- تېشىپ تۇرىدىكەن؛ لېكىن ئۇلارنىڭ بېقىنىدىلا كۆرمىگىلىغان پۇقرا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. جۇڭگولۇقلار بۇ خىل غەلىتىلىككە كۆنۈپ كېتىپتۇ. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى، پۇقرالار ھەتتا قەھەتچىلىك بولغان يىللىرىمۇ يىغلىماپ بىرىپ يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ياردەم سورىمايدىكەن. بىز ئۇلاردىن نېمىشقا داد ئېيتمايسىلەر، دەپ سورىساق، ئۇلار: ‹بېشىمىز ئون ئەمەس› دەپ جاۋاب بېرىشتى.»

جۇڭگو تارىخىدىكى ئەمەلدارلار سورۇنىدا: "پاك ئەمەلدار مەنسەپ تۇتالماس" دەيدىغان قىممەتلىك قانۇنىيەت بولغان. چۈنكى، پاك ئەمەلدارلار ھە دېسىلا پۇتلىكاشاڭغا ئۇچراپ، پارىخور- خىيانەتچىلەرنىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ ئوڭغا تارتاتتى. شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر "ئىش دېگەننى بولۇشىغا قىلىپ قويغۇلۇق؛ بەك زىغىرلاپ كەتكەننىڭ پايدىسى يوق" دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگولۇقلار ئىشنى مۇرەسسە- مادارا بىلەن سىلىق- سىپايە ئەپلەشكە ئادەتلەنگەن. چۈنكى، يۇقىرىقىدەك ئەمەلدارلار سورۇنىدا پەقەت سۆلھى- سالاغا ئۇستا، ياپسا ئادەملەرلا ئاندىن كۆن ئالالايدۇ- دە!

بىر قىسىم جۇڭگولۇقلاردا ئېتىقاد ئاجىز. چۈنكى، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، پۈتكۈل جۇڭگو نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە نامەردلەرچە تۇتۇشىدىغانلارنىڭ "دوئىل مەيدانى" بولۇپ كەلدى. شۇڭا، لىۇ باڭ، جۇ يۈەنجاڭ، سىشىغا ئوخشاش قانچىكى رەزىللىك، ۋاپاسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلغانلار شۇنچىكى نۇسرەت قازاندى( دۇرۇس، بۇنداق قىلىش ئۆچۈنمۇ ئارتىسلاردەك سايا بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە)؛ يۈز ئاياشنى بىلىدىغان شياڭ يۇ، ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھ جۇ يۈنۋېنگە ئوخشاش قانچىكى پاك ۋە رەھىمدىل بولغانلار شۇنچىكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە قالدى. پادىشاھلارنىڭ شەرمەندىلەرچە ئويۇنغا سېلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن "ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەير-

ساخاۋەت"، "ئۈچ ئەركان- بەش ئەھكام"نىڭ رولى ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى. بىز خەق تارىختىن بۇيان بەك جىق ئالدىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ھېچقانداق نەرسىگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيمىز، ھەتتا بىر- بىرىمىزگىمۇ ئىشەنمەيمىز. مەسىلەن، پادىشاھ خانلىق ئۈچۈن پايپاسلاۋاتقان ۋەزىر- ۋۇزرالاردىن "تەختىمنى قەستلەۋاتامدىكىن" دەپ گۇمانلىنىپلا تۇرۇدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاندىن كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ، ھەتتا ئەڭ رەھىمدىل پادىشاھ دەپ ئاتالغان لى شىمىنمۇ ئۆز ئىنىسىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ ئوغۇللىرىنىمۇ پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغانىدى.

شۇڭلاشقىمۇ بىز خەقتە ھەمكارلىشىش ئىقتىدارى بەك ئاجىز. ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلغان يار- بۇرادەرلەر ئاخىرىدا پۇل ۋەجىدىن دۈشمەنلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپتىن "ماڭا قارىغاندا جىقراق نەپ ئالدىمىكىن" دەپ گۇمانلىنىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئائىلىلەردە كىشىلەر پىت ئۈچەيلىك قىلىپ بىر- بىرىگە ئورا كولاش بىلەنلا ئۆتەتتى. شۇڭا، "جۇڭگولۇقلار يالغۇز تۇرسا ئەجدىھاغا، ئۈچى بىرلەشسە قۇرتقا ئايلىنىدۇ" دېگەن گەپ بىكارغا چىقمىغان.

خۇددى لۇ شۈن ئەپەندى ئېيتقاندەك، جۇڭگو تارىخىدا پەقەت ئىككىلا دەۋر ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىرى، قۇل بولاي دەپمۇ بولالمىغان دەۋر؛ يەنە بىرى، قۇل بولۇش ئارزۇسىغا ۋاقىتىنچە قانغان دەۋردۇر. ئىلگىرىكى جۇڭگولۇقلاردا ئەزەلدىن خوجايىنلىق تۇيغۇسى بولۇپ باقمىغاچقا، بۇ دۆلەت باشقىلارنىڭ شەخسىي مۈلكىلا بولۇپ كەلدى. چۈنكى، قۇل بولغان ئادەمدە خوجايىنىنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئاسراش ئېڭى بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ھويلىسىنىڭ ئىچىدىكى تەئەللۇقاتىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ- يۇ، لېكىن ھويلا تېمىنىڭ تېشىدىكى نەرسىلەرنى بۇزۇۋشقا ئىنتىلىدۇ. كوچا چىرىقى بىزگە قىلچە دەخلى

قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۇرۇپ چىقىشىنى كويىدا بولىمىز؛ ئەينەكتەك پاكىز ۋە چىرايلىق كۆكۈل مەيدانلارنى خالىغانچە بۇزىۋېتەلەيمىز؛ ئېرىشكىنىمىز گەرچە بىر پارچە خىش بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ خىش ئۈچۈن لېي فېڭ مۇنارىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىگىمۇ قاراپ تۇرىمىز.

## "مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش" يولىدىكى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلار

جۇڭگونى كۆرۈپ باقمىغان ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى جۇڭگو — پەقەتلا بىر گۈزەل تەسەۋۋۇر. مىسالەن، ۋولتاي "جۇڭگولۇقلار دۇنيادىكى ئەڭ ئەدەبلىك مىللەت سۈپىتىدە، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى كېرەك" دېگەنىكەن. چۈنكى، جۇڭگو كىتابلىرىنى كۆرگەن ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدە جۇڭگو ماددىي جەھەتتە باياشاد، مەدەنىيىتى گۈللەنگەن، پادىشاھلار ئەلنى ئاجايىپ ئوبدان ئىدارە قىلغان، پۇقرالىرى ئەدەب- قائىدىلىك، ئەخلاق- پەزىلەتلىك غايىۋى دۇنيا ئىدى.

ھالبۇكى، ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغاش ئۈچۈن كەلگەن ئەجنەبىيلەر جۇڭگونى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى، ئۇلار شەھەرلەرنىڭ ئاجايىپ مەينەتچىلىكلەر بىلەن تولغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ كىتابلاردا يېزىلغاندەك ئۇنچىۋالا ئەدەبلىك ۋە ساپالىق ئەمەسلىكىنى كۆردى. شۇڭا، ئۇ ئىستىلاچىلار دەرھال قەددىنى رۇسلاپ، كىتابلىرىدا جۇڭگولۇقلارنى "كويزا- كىشەن سېلىنغان مەھبۇسقا ئوخشايدىكەن"، "ئەقلى ئاجىز، ئىجادچانلىقى يېتەرسىز ئىكەن"، "نەپسانىيەتچىلىكى كۈچلۈك ئىكەن"، "كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋالىدىكەن"، "ئەقلى- ھوشى جايىدا ئەمەس ئىكەن"، "ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ئۇقمايدىكەن"، "ھەرقانداق ئىشنى خامۇشلارچە خوجىكۆردىگە قىلىدىكەن"، "ھېسداشلىق دېگەننى ئۇقمايدىكەن"، "يالغانچى

ئىكەن"، "لەۋزىدە تۇرمايدىكەن"، "ئىككى يۈزلىمىچى ئىكەن"... دەپ يېزىشتى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان مىسسىئونېر سمىت ئەپەندى جۇڭگولۇقلار بىلەن نەق 30 يىل باردى- كەلدى قىلغاندىن كېيىن ئاخىرى "جۇڭگونىڭ ئېھتىياجى ھەرتەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىم ۋە تەخىرسىز ئېھتىياجى مىجەز- خاراكتېر ۋە ۋىجدان مەسىلىسىنى ئۆزگەرتىشتە ئىكەن" دېگەن يەكۈنگە كەلدى.

جۇڭگو دەرۋازىسىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئالدىن كۆرەر كىشىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىدىكى نۇقسانلارنى بايقاپ يەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قايتا كۆزىتىش دۋامىدىكى ئېچىنىشلىرى چەت ئەللىكلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەھلىل ۋە تەنقىدلىرى چەت ئەللىكلەرنىڭكىدىن ئۆتكۈر ۋە كۆپ بولدى. يەن فۇ، لياڭ چىچاۋ، سۈن جۇڭشەن، لۇ شۈن، خۇ شى، بەي ياڭ ۋە لۇڭ يىڭتەي قاتارلىقلار ھەسرەتلىرىدىن داستانلار يېزىشتى ۋە گويا دېيىشىۋالغاندەكلا "مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش" بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئالدى بىلەن تۈزۈمنى ئۆزگەرتەمدۇق ياكى ئادەمنى ئۆزگەرتەمدۇق، دېگەن مەسىلىدە نۇرغۇن كىشىلەر كېيىنكىسىنى تاللىدى. ھەممە ئېتىراپ قىلغان بايراقدار — لۇ شۈن 1925- يىلى "ئەڭ مۇھىمى — جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەيلى مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرمايلى، مەيلى جۇمھۇرىيەت قۇرمايلى ۋە مەيلى ئاللىقانداق ئىزم- پىرىنسىپلارنى قۇرمايلى ھەممىسى بەرىبىر، قاش- كۆزنى بوياپ قويۇپلا بولدى قىلغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ!" دېگەن داڭلىق بايانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىدىكى مەسىلە — ھەممە ئىللەتنىڭ ئانىسى ئىدى، جۇڭگولۇقلارنى تۈپتىن

ئۆزگەرتىپ باشقىدىن ئادەم قىلغاندىلا، ئاندىن جۇڭگودا زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئائىت تۆرلۈك تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشتىن ۋە جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش - قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولاتتى. ئۇنداق قىلمىغاندا ھەرقانچە ئىسىل نەرسىمۇ جۇڭگوغا كەلگەن ھامان "ئاتام ئىيتقان بايىقى"غا ئايلىنىپ قالاتتى.

خوش، ئۇنداق بولسا، زادى قانداق قىلغاندا جۇڭگولۇقلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە مىسسىئونېر سمىت ئەپەندى جۇڭگودا خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئارقىلىق، جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا سەمىمىي پەزىلەت، خالىسانە روھ ۋە تەۋرەنمەس ئېتىقادنى تۇرغۇزۇپ چىقىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. لياڭ چىچاۋدەك كونا زامان ئىسلاھاتچىلىرى "يېڭىلىققا كۆچۈش تەلىماتى" بويىچە ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ كاللىسىدىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان چۆكمە بولۇپ قالغان كىر - قاسماقنى ئىرادىنىڭ كۈچى بىلەن پاك - پاكىز تازىلاپ تۆكۈۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ لۇ شۈن، چېن دۇشيۇ قاتارلىق رادىكالىزمچىلار "جۇڭگو كىتابلىرىنى ئوقۇماسلىق" تەدبىرى بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاسارەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جۇڭگولۇقلاردىكى مىللەت خاسلىقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مەدەنىيەت خۇرۇچىنى يوقىتىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ماۋ زېدۇڭمۇ دەسلەپكى چاغلاردا، جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ كاتتا بايراقدارلىرىدىن ئىدى. ئۇمۇ قىران چاغلىرىدىلا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەندە، ئاندىن جۇڭگونى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ، دېگەننى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: "جۇڭگولۇقلارنى كونا ئۇللەتلەر چىرمىۋالغاچقا ئىدىيىسى قاتماللىشىپ، ئەخلاقى بۇزۇلۇپ كەتتى؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىنى 'ساختا' دېگەن بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، شۇڭا، بەش مىڭ يىلدىن بۇيان چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بۇ خىل ئىللەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ

قىلماي بولمايدۇ."

ھالبۇكى، يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرى ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى. لىياڭ چىچاۋ كۆز يۇمۇش ئالدىدا جۇڭگونىڭ ھالىنى كۆرۈپ تۇغۇلغان چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ھەسرەتلەنگەنىدى. لۇ شۈنمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرى قالدۇرغان ھەسرەت-نادامەتلىرى بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى. ۋەھالەنكى، زامانىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرى ئەكسىچە ئۈنۈملەرنى بەردى. مىسالەن، "ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش" ھەرىكىتى، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" قاتارلىق زور كۆلەملىك ھەرىكەتلەر ساداقەتمەنلىكنى يەنىمۇ خاراب قىلىپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ بىر- بىرىدىن گۇمانلىنىدىغان، بىر-بىرىنى دۈشمەن سانايدىغان قىلىۋەتتى؛ كىشىلەر غايە، ئالىيجانابلىق ۋە پاكلىق دېگەنلەردىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. قىسقىسى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ساپاسى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەڭ زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

ئېلىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا پۇقرالار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كېتىش، ئېتىقاد، ئەخلاق، سەمىمىي ساداقەت كرىزىسقا ئۇچراش، نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئىچكى نىزا ئەۋج ئېلىش، جەمئىيەت ئەخلاقى بۇزۇلۇش... قاتارلىق مىللەت خاسلىقىغا ياتىدىغان نۇقسانلار ئەدەپ كېتىشتەك يادرولۇق مەسىلىگە دۇچ كەلدى.

گەرچە ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان، ئالەمشۇمۇل يېڭىلىق بارلىققا كەلگەن، ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىبىر خەۋەرلەر ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدۇ.

مىسالەن، «چىلۇ كەچلىك گېزىتى» 2002- يىلى 8- ئاينىڭ 31- كۈنىدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، لى فامىلىلىك بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يولدا ياشقا چوڭراق بىر كىشىنى سوقۇپ ئېغىر يارىلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ- دە، ھېلىقى يارىدارنى جىلغىغا تاشلىۋېتىپتۇ، يارىدار شۇ يەردە ئۆلۈپتۇ. لېكىن قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىنىڭ ماشىنىسىدىكى 10 مەدىكار بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ، غىڭ قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. «تۈرمۇش گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 9- ئاينىڭ 2- كۈنى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ليۇياڭ شەھىرىدىكى بىر تورخانىدا بەش نەپەر ياش بالا 16 ياشلاردىكى بىر قىزنى چاناپ ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئاشۇ قىزنى چاناپ بولغۇچە ئەتراپتىكى ئون نەچچە ئادەم گويا زوراۋانلىق فىلىملىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپتۇ، بىرەرسىمۇ بېرىپ ساقچىغا تېلېفون قىلماپتۇ.

شېنياڭ شەھىرىدە «مۇ ما پەۋقۇلئاددە دېلوسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، شېنياڭلىقلار دېلو سادىر قىلغان بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا بەك نەپرەتلىنىپمۇ كەتمىگەن. ئۇلار "باشقىلاردىن پارا ئېلىپ ئىشنى پۈتتۈرۈپ بەرگەن ئەمەلدار، ئىش قىلماي ئورۇن ئىگىلەپ ئولتۇرغانلاردىن ياخشىراق، ئۇلار گەرچە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن شېنياڭلىقلارغا ئىش قىلىپ بەردى" دېيىشكەن. بەزىلەر ھەتتا "ئۇلارنى بەك خىيانەتچى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ھەتتا ئەمەلدارلار ئىچىدە پاكىراقلىرى ئىدى. پالاكەت بېسىپ تورغا چۈشۈپ قاپتۇ، شۇ!" دېيىشكەن.

بۇنداق گەپلەر قۇلىقىڭىزغا كىرىپ قالغان چاغلاردا، ئېھتىمال، لۇ شۈن ئەينى زاماندا ئېيتقان "تاماشىبىنلار پسىخىكىسى" دېگەن سۆز يادىڭىزغا كېلىشى مۇمكىن. شۇنىسى مەلۇمكى، ھازىرقى "تاماشىبىنلار"ىمىز لۇ شۈن زامانىسىدىكىدىنمۇ ئۆتە بىپەرۋا بولۇپ كەتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ نۆۋەتتىكى بىر پۈتۈن ئەخلاق ساپاسىغا

ئوبيېكتىپ باھا بېرىشتە، ناۋادا لۇ شۈن ھازىرمۇ ھايات بولغان بولسا، ئۇ نېمە دەر بولغىيدى؟ ئۇ يەنە بىر قېتىم "باللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى" دەپ "چۇقان" سالار بولغىيمىدى؟ قىسقىسى، گېزىت- ژۇرناللاردىكى ئۇمىدسىزلىك پۇراپ تۇرغان ئۇنداق ئاچچىق تەنقىدلەر ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بەرگەن خىلمۇ خىل سەلبىي باھالىرىنىڭ ئاساسى يوق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## ھەيران قالارلىق مىللەت

چىڭخەينىڭ لۇڭ ياڭشيا بوغۇزىدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ بېشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن ئېقىپ كەلگەن خۇاڭخې سۈيىنىڭ دەريانىڭ تېگى كۆرۈنگىدەك سۈزۈك ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالغانىدىم. دۇرۇس، خۇاڭخېنىڭمۇ باللاردەك پاك چاغلىرى بولغان. لېكىن، بۇ ئەزىم دەريا تۆۋەنگە قاراپ ئاققانسېرى ئۇنى باغاشلايدىغان تۇپراق شۇنچە زەئىپلەشتى، ئۇنىڭغا يېرىم يولدىن قوشۇلىدىغان ئېقىنلار شۇنچە كۆپەيدى، ئاخىرى بۇلغىنىپ دۇنياغا داڭلىق پوتوماچ دەرياغا ئايلىنىپ قالدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىمۇ دەل ئۆزىنىڭ سىمۋولى بولغان خۇاڭخېغا ئوخشاش ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى زامان كەلتۈرمىشلىرى ۋەجىدىن زەئىپلىشىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ جەسۇرلۇقىنى يوقىتىپ قويدى.

كوربيلىكلەر بىلەن ئاز- تولا ئارىلىشىپ باقسىڭىز شۇنى ھېس قىلىسىزكى ، كوربيلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەمنىيە دەۋرىدىكى مىجەز- خۇلقى ساقلانغان، ئۇلار ساددا، تۈز، جەسۇر كېلىدۇ، ھەققانىيەتنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىدۇ، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئانچە بۇلغىنىپ كەتمىگەن.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ تارىخىي مەنبەسى جۇڭگونىڭكى بىلەن ئىرماش- چىرماش باغلىنىپ كەتكەن.

«خەننامە»دە مۇنداق دېيىلگەن: "خەن سۇلالىسىدا خانلىق تەختىنى تالىشىدىغان قىر- چاپلار ئەدەپ كەتكەچكە نەچچە تۈمەن پۇقرا ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ چاۋشيەنگە بېرىۋالدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋېي مەن ئىسىملىك بىرەيلەن جى جەمەتىنىڭ ئۇرۇق- ئەۋلادىنى سۈر- توقاي قىلىپ، ئاخىرى ۋېي جەمەتىنىڭ چاۋشيەن دۆلىتىنى قۇردى."

خەن سۇلالىسىنىڭ ئىستېلاسىدىن كېيىن، چاۋشيەن خەن سۇلالىسىگە قاراشلىق تۆت ۋىلايەتكە ئايلاندى.

خەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ پادىشاھلىق ئارىسىدىكى ئۇرۇش-نىزا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن چاۋشيەن جۇڭگودىن تەدرىجىي بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل بولدى. بىراق، چاۋشيەن ئەزەلدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەچكە، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا، چاۋشيەنىنىڭ نۇرغۇن زىيالىيلىرى جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتناشقان، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىرى جۇڭگودا ئەمەل تۇتقانىدى. سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە جۇڭگودا روھچىلىق تەلىماتى مودا بولدى، چاۋشيەنمۇ جۇڭگونىڭ تەرىقەتچىلىك تەلىماتىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەخلاق مىزانى قىلدى.

قىسقىسى، ئوخشاش خاراكتېردىكى جەمئىيەت ۋە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەدەنىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان جۇڭگو بىلەن كورېيىدىكى مىللەت خاسلىقى نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئورتاقلىقلارغا ئىگە. ئەدناسى چاۋشيەنىنىڭ پادىشاھلىرى جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش تاكتىكىسىنى تولۇقى بىلەن ئۆگەنگەنىدى. مۇبادا ئىككى ئەلنىڭ ھاكىمىيەتچىلىكىدە پەرق بار دېيىلسە، بۇ پەرق دەل كورېيىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى تېخىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدە، خالاس. مىسالەن، جۇ يۈەنجاڭ ئاۋامنىڭ

سوراقسىز سىرتلارغا چىقىشىنى توسۇش ئۈچۈن، پۇقرالارنى دەرىجىگە ئايرىپ، يول خېتى تۈزۈمىنى ئىشقا سالغان بولسا، چاۋشيەن پۇقرالارغا خۇددى مەھبۇسلاردەك نومۇر سالدى. پۇقرالار ئادەتتە بويىنغا نومۇر تاختىسىنى ئېسىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. تاختىغا پۇقرالارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، يېشى، سالاھىيىتى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنى يېزىپ قويۇلاتتى. دورغىلار پۇقرالارنىڭ بويىندىكى نومۇر تاختىسىنى خالىغانچە تەكشۈرۈپ كۆرەتتى؛ چاۋشيەندىمۇ جۇڭگوغا ئوخشاشلا فېئوداللىق ئىمتىيازات تۈزۈمى، "ئېپپەتلىك ئايال"لارنى تارتۇقلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان؛ ئەمەلدارلار جۇڭگونىڭكىگە ئۇخشاشلا چىرىك، زىيالىيلار مۇتەئەسسىپ ۋە قاتمال ئىدى.

يىن باۋيۈن «كورىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش يولى»ناملىق كىتابىدا قەدىمكى چاۋشيەن جەمئىيىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "ئاۋام- پۇقرا فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتىدە ئىزچىل ئىنتايىن قالاق ۋە نادانلىقتا قالغانىدى؛ ئۇلار كۆرگەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ قورساق تويغۇزۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدىلا ئۆتەتتى. ئۇلار قەدىمكى جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى كۇڭزىچىلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك ئەندىزىسى بويىچە ئادەمگەرچىلىك، شەخسىي مۇناسىۋەت دېگەنلەرنى قانۇن ۋە پرىنسىپنىڭ ئۈستىگە قوياتتى؛ ئاۋام بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسا باشپاناھ قىلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىش ۋە ئۇلارنى مېھمان قىلىش ئارقىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا، ئەمەلدارلارمۇ خەقنىڭكىنى يەپ- ئىچىش، پارا ئېلىش دېگەنلەرگە كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار زىياپەت شىرەلىرىدە دۆلەتنىڭ چوڭ- چوڭ پرىنسىپلىرىنى سېتىۋېتەلەيتتى، كىمكى ئەمەلدار- تۆرىلەردىن بىرەر يۆلەنچۈك تېپىۋالالىسا، ئۇنىڭ كۈنلىرى ئوبدان ئۆتەتتى، تۆلەيدىغان باجلىرى كېمەيتىلەيتتى، كەچۈرۈم قىلىناتتى، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلارمۇ ئەمەلدارلارنى سېتىۋالالىسا كەچۈرۈلىككە ئېرىشەتتى."

بۇ گەپلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئېھتىمال، قايسىسىنىڭ جۇڭگو،

قايىسىنىڭ كورىيە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قېلىۋاتقانسىز؟

ۋەھالەنكى، جۇڭگولۇقلار بىلەن كورىيانلار يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئوخشاش بولغىنى بىلەن كىچىككىنە بىر جەھەتتىكى پەرقى بىلەن يوشۇرۇن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇ پەرق دەل كورىيانلارنىڭ جەسۇر، جۇڭگولۇقلارنىڭ بولسا مۇلايىملىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، كىلىماتى خىلمۇ خىل، جايلاردىكى ئاۋامنىڭ مىللەت خاسلىقىمۇ ئاسمان- زېمىن پەرق قىلىدۇ. جۇڭگولۇقلار نەچچە ئېرادىن بۇيانقى سان- ساناقسىز كۆچۈش- قوشۇلۇشلار مابەينىدە، ئۆزلىرىدە كەڭ قورساقلىق بىلەن ئارامخۇدا ياشايدىغان، زۇلۇم- سىتەمگە يولۇقسىمۇ چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلىپ ئۆتىدىغان بىر خىل ئورتاق خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسىچىلىكلا كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك شارائىتى جۇڭگونىڭكىدىنمۇ بېكىنمە بولغاچقا، نەچچە ئېرادىن بۇيان نوقۇل بىرلا مىللەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلدى. چاۋشيەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا قوشنا بولغاچقىمۇ، كورىيانلارنىڭ مەردانە، خۇش خۇي، ئېگىلمەس مىجەزى شەرقىي شىماللىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا كورىيانلار بېكىنمە تاغلىق رايوندا ياشىغاچقا، پەۋقۇلئاددە تەرسالىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ساقلاپ قالغان.

جۇڭگولۇقلار تارىختىن بۇيان كۈرمىڭ تالاپەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگىنى قالمىغان خەلق. شۇڭا جاھانسازلىققا كامىل، مۇرەسسەگە ئۇستا، ماسلىشىشقا ماھىر، كۈچى يەتسە ئېلىشىدۇ، كۈچى يەتمىگۈدەك بولسا، قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىدۇ.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئەزەلدىنلا سىرت بىلەن كۆپ ئالاقىدە بولمىغاچقا، تارىخى گويا بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ تۈگەتكىدەك دەرىجىدە ئىخچام. شۇڭا كورىيانلارنىڭ مىللەت خاسلىقىدا

قەدىمكىلەرنىڭ مىجەز- خۇلقىدىكى تۈزكۈڭۈللۈك ۋە ساپلىق، قىيىندا جاسارەت بىلەن تىرمىشىپ ياشاشتەك قەدىمكى زامان كىشىلىرىگە خاس قەيسەرلىك ساقلانغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان ئىككى ئېرا مابەينىدە چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ياتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا توختاۋسىز ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كورىيانلار يات مىللەتنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاپ باقمىغان. ئۇلار خەۋپ- خەتەر ۋە خىرىس ئالدىدا ھېچ ئىككىلەنمەي كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېلىشىشنىلا بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئەزەلدىنلا ئۆزلىرىدىكى جەسۇرلۇقنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈپ كەلدى. مىلادى 612- يىلى شۆھرەتپەرەس سۈي ياڭدى 1 مىليون 133مىڭ 800 لەشكەر بىلەن چاۋشيەنگە قۇرۇقلۇق ۋە سۇدىن ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇمغا ئۆتكەن لەشكەر سانى ئالاھەزەل شۇ چاغدىكى چاۋشيەن نوپۇسى بىلەن باراۋەر كېلەتتى. ئۇ چاغلاردا سۈي سۇلالىسى توختاۋسىز قۇدرەت تېپىپ، قوشنا ئەللەرنى بىر بىرلەپ ئىستېلا قىلىپ، شەرقىي ۋە غەربىي خەن زامانىسىدىكى تېررىتورىيىنى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغانىدى. شۇڭا غايەت زور لەشكىرىي كۈچى بار ئىستېلاچى قوشۇن ئۇچۇن ئېيتقاندا ئالىقانچىلىك چاۋشيەننى بويسۇندۇرۇش ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش ئىدى. شۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقلى بويىچە بولغاندا كورىيانلارغا قول كۆتۈرۈپ ئەل بولۇشتىن ئۆزگە يول يوق ئىدى. ھالبۇكى، "زامانغا باققان دانىشمەندۇر" دېگەن "ئەقىل"دىن بىخەۋەر كورىيانلار "تۇخۇمنى تاشقا ئۇر"ماقچى بولدى. نەتىجىدە ئۇلار ئالەمشۇمۇل جاسارىتى بىلەن سۈي ياڭدى قوشۇنىنى دەريا بويىدىلا توسۇپ، ئاخىرى مات قىلدى.

ئار- نومۇستىن غەزەپكە كەلگەن سۈي ياڭدى تەرەپ- تەرەپتىن لەشكەر توپلاپ، چاۋشيەنگە قايتا- قايتا ھۇجۇم قىلىپ باقتى. لېكىن چاۋشيەنگە بىر قەدەممۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى. دېمەك، سۈي

ياگدىنىڭ چەت ئەلگە كۆپلەپ لەشكەر تارتىپ دۆلەت كۈچىنى خورىتىۋەتكەنلىكىنى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ناھايىتى تېزلا ھالاك بولۇپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ شاھ — تاڭ تەيزۇڭ چاۋ شيەنگە تاكى پيوگيانگچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ باقتى. ئۇ، كورىيانلارنىڭ ئۇنچىۋالا جەسۇر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، سۇي ياگدى پەقەت ئۆزىنىڭ پەمسىزلىكى سەۋەبىدىنلا ئالىقانچىلىك چاۋشيەندىن يېڭىلىپ قالغانىدى. 18 يېشىدىن باشلاپلا ئەلەمدە نۇسرەت قازىنىپ كېلىۋاتقان بۇ باھادىر شاھ ئۆز قۇدرىتىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. ئەپسۇسكى، يىراق چاۋشيەنگە قىلغان ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ ھەممىسىدە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ كەتتى.

كورىيانلار گويا سۇنماس پولاتقا ئوخشاش ھەر قېتىملىق ياۋغا قارشى كۈرەشلىرىدە قاتتىق تاۋلىنىپ، توسقۇنسىز ئورۇنغا ئۆتتى. كورىيانلارنىڭ يۈرىكىدە يات مىللەتلەر سالغان زۇلۇم- سىتەملەر ۋەجىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭكىدەك ھاقارەتلىك ئەسلىمىلەر ۋە ساقايماس يارىلار قالغان ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار "تىز پۈكۈش"، "ئەلەمگە سەۋر قىلىش"، "كەڭ قورساقلىق"، "سۈلھى- سالا" دېگەنلەرنى ئۇقمايدۇ. بىلىدىغىنى — پەقەت قانغا قان، جانغا جان ئېلىشلا، خالاس. كورىيانلار فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاسارىتىدە نەچچە ئېرانى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جاسارىتى ۋە ئىرادىسى ئاجىزلاپ قالمىدى. 20- ئەسىرنىڭ گۈدۈك ساداسى ياڭرىغاندا بولسا كورىيانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇدۇم قالغان ئېگىلمەس جاسارەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى كۈرەش روھىغا، تەنھەرىكەت مەيدانلىرىدىكى جان تىكىپ ئېلىشىش ئاڭلىقلىقىغا ۋە خەلقئارا ئالاقىدىكى مۇستەھكەم ئىرادىگە ئايلاندى.

نەچچە ئېرادىن بۇيان، جۇڭگو ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە

كورىيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، نوپۇسى كۆپ، مەدەنىيىتى ئومۇملاشقان، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگودا ئەزەلدىنلا ئىجتىمائىي دولقۇن، كىشىلەر ئارىسىدىكى رىقابەت جاڭجاللىرى بېسىقمىدى. بۇ ھال جۇڭگولۇقلارنى بارا- بارا زېرەكلەشتۈرۈۋەتتى. ئەكسىچە، كورىيە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان، پۇقرالار ئۇزۇن مۇددەت بېكىنمىچىلىك ئىچىدە مەدەنىيەتتىن مۇستەسنا ياشىغان بولغاچقا، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ سەلبىيتىگە ئاز ئۇچرىدى. كورىيانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا گويا جۇڭگونىڭ چەت- يىراق رايونلىرىدىكىلەرگە ئوخشاش سەمىمىيلىك ۋە تەبىئىي خۇسۇسىيەت ساقلانغان.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېتىقادىدا راست بىلەن يالغان، تاللاش بىلەن شاللاش ئارىلىشىپ كەتكەن. جۈملىدىن، جۇڭگولۇقلار ئىشى ئوڭغا تارتقان چاغلاردا كۆزنىچىلىقا بەيئەت قىلىدۇ، پالاكەت باسقان چاغلاردا بولسا كۆزنى چۆرۈپ تاشلاپ، بۇددا بىلەن تەرىقەتچىلىككە تېۋىنىدۇ، باشقىلارغا چاقىرىق ۋە مۇراجىئەت قىلغان چاغلاردا ئۈچ ئەركان- بەش ئەھكامنىڭ ھەققانىيىتىنى دەبدەبە بىلەن كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىي مەسىلىگە ئۆتكەندە بولسا، ھەمىشە گەپنى ئەگىتىپ كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا نەپ ئىزدەيدۇ. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر پادىشاھ ياكى مەشھۇر ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق ئىككى بىسلىقى بىلەن داڭ چىقارغان، بىر قولىدا ھەققانىيەتنى، يەنە بىر قولىدا مەنپەئەتنى تۇتۇپ "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش" جەھەتتىكى تۆھپىلىرى بىلەن نام قازانغان كىشىلەردۇر.

ئەمما كورىيانلار جۇڭگولۇقلارغا قارىغاندا سەمىمىي كېلىدۇ، رايىشلىق ۋە مەيلىگە بېقىش دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار كۆزنى تەلىماتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇددادىن ئۇزۇل- كېسىل قول ئۈزەلىدى. جۈملىدىن كۆزنى تەلىماتى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا تارقالغاندىن كېيىن كۆزنى تەلىماتى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا

هايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشلار بولدى. ئاخىرى كورىيانلار بۇددا تەلىماتىنى ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدىن پاك ـ پاكىز تازىلاپ چىقاردى. مەلۇم بىر تەلىماتقا ئېتىقاد قىلغان هامان ئۇنى مۇتلەق پاك تۇتۇپ هەرگىزمۇ شالغۇتلاشتۇرۇپ قويمايدىغان كورىيانلار كورىيىلىك ئالىم خۇاڭ بىنتەيىنىڭ نەزىرىدە "كۈڭزى تەلىماتىنىڭ ئەسلىسىنى ساقلىغۇچى ئەزەلىيچىلەر"دىن ئىكەن. خۇاڭ بىنتەي مۇنداق دەيدۇ: "كورىيىدە دۇنيانىڭ هەممىلا يېرىگە باب كېلىدىغان تەرىقەتچىلىك تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىنغاچقا، كورىيانلار ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ ساداقەتمەنلىك بىلەن مۇتلەق ئەمەل قىلىپ كەلدى. چۈنكى كورىيىدىكى تەرىقەتچىلىك قانداقتۇر ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېهتىياجىنى قاندۇرۇشنىلا مەقسەت قىلىدىغان بىر خىل ئاددىي مەسلەك ئەمەس، بەلكى، كورىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە كورىيە پۇقرالىرىدىن ئەبەدىلئەبەد بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنغان تۈپكى ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە سىياسىي مىزان ئىدى. كورىيىنىڭ تەرىقەتچىلىك تەلىماتى گەرچە جۇڭگودىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ ئەينەن ئىدى."

جۇڭگودا كۈڭزى تەلىماتىغا هەقىقىي تېۋىنىدىغانلار پەقەت ئوقۇۋاتقان زىيالىيلار ۋە تەرىقەتچىلەرلا. چۈنكى، ئوقۇپ زىيالىي بولغانلار جەمئىيەتكە قەدەم قويغان هامان "ئەقىدىپەرەسلىك"نى چۆرۈپ تاشلاپ، "ماسلىشىشچانلىق"نى ئۆگىنىدۇ؛ تەرىقەتچىلەر بولسا ئەزەلدىن مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەھرىيلىك بىلەن كۆننىڭ سىرىقنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئاۋام پۇقرا ئۇنداق ئىدراكىي چوڭ قائىدىلەرنى ئەلمىساقتىن بېرى چۈشىنىشكە ئېلىپ باقمىدى.

لېكىن، كورىيىدە تارىختىن بۇيان ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىنى بۇزىدىغان ئۆتكۈنچى هەرىكەتلەر بولۇپ باقمىدى، هەربىر سۇلالە شۇنچە ئۇزۇن هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن

”سـاداقەتمەنلىك- ۋاپـادارلىق“تىـن ئىبـارەت قىمـمەت ئېگـى ئىزچـىل قەدىرلەندى. ئۇنـىڭ ئۈسـتىگە، چاۋشيەن ئىجتىمـائىي، ئىقتىسـادىي ۋە مەدەنـىيەت تەرەققىيـاتى ئاسـتا بولغاچقـا جۇڭگودىكـىدەك خىلمـۇ خىـل خۇپىيانە قائىدىلەر، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭكىدەك ئۇنداق غەلىتە ”ئەگىتمە پاراسەت“لەر ئەۋج ئېلىپ باقمىدى. قەدىمكى كـورىيە زىيالىيلىرىنىـڭ ھەممىسى بىزنىڭ گېپىمىز بويىچە ئېيتقانـدا ”قائىـدىلەرگە ئۆلـۈك ئەمەل قىلىدىغان“، ”كىتابنى ئۆلـۈك ئوقۇيـدىغان“لار ئىـدى. ئۇلار روھچىلىـق تەلىماتىنىـڭ ئەركـان- ئەھكاملىرىغـا چىـڭ يېپىشـىۋېلىپ، ئـۇنى كۆندىلىك تۇرمۇشىغا تەتبىقلايتتى، ھەرقانـداق ئەتمىشلىرىگە كىتـابتىن دەلىـل ئىزدەيتتـى. كورىيـدىكى تەرىقەتچىلىـك تەلىمـاتى ئاشـۇنداق زىياللىرنىڭ باشچىلىقىدا پۇقرالار تۇرمۇشىغا سىڭىپ، ئاخىرى ئاۋام پۇقرانىـڭ تۈپكى ئەخلاقـىي تۇرمـۇش مىزانىغـا ئايلانـدى. كورىيـدىكى ھـازىرقى زامـان كـۇڭزىچى، پروفېسـسور دۇ ۋېيمىـڭ مۇنـداق دەيـدۇ: ”كۇڭزىچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ كورىيدە پۇقراۋىيلىشىپ كېتىشى ئادەمنى ھەقىـقەتەن قىزىقتۇرىـدۇ. قىسقىسـى، كورىيـانلار ئارىسـىدىكى ’كۇڭزى تەلىماتىنىـڭ بۆشـۈكى كـورىيە‘ دېـگەن گەپ ئاساسـسىز ئېيتىلغـانمۇ ئەمەس.“

كورىيانلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاسلىقىدىكى يەنە بىـر پەرق — ئـۇلاردىن بىـرى چـۇس- قىزىققـان، يەنە بىـرى لايـغەزەل- بىغەم.

كورىيانلار قىزىققانلىقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ناۋادا كـورىيىگە بېرىپ قالغۇدەك بولسىڭىز كورىيانلارنىڭ ”ھە تېز، چاپسانراق“ دېـگەن گەپنـى بەك ئىشلىتىدىغانلىقىنى بايقايسـىز. شـۇنداق، كورىيانلارنىـڭ ھەممـە نەرسىسى تېـز — يـول مېڭىشـى تېـز، ماشـىنا ھەيدىشـى تېـز، ئىقتىسـادىي تەرەققىيـاتى تېـز، گاھىـدا سـالغان بىنالىرىنىـڭ ئۆرۈلـۈپ چۈشۈشىمۇ تېز، ئەلۋەتتە. سەۋرسىزلىك ۋە بىر تەرەپلىملىـك بىـلەن ھاپىلا- شاپىلا قـارار چىقىرىـپ قويۇش ئېھتىمـال، كورىيانلارنىـڭ ئەڭ

چوڭ كەمچىلىكى بولسا كېرەك.

جۇڭگولۇقلارمۇ بىغەم- لايىغەزەللىكى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. جۇڭگودا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرلەمچى ساپاسى "ئىغىر- بېسىق، ئېھتىياتچان" بولۇش ۋە ھەر قانداق ئىشنى "چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ" ئاندىن بىر تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. جۇڭگولۇقلار مەسىلىلەرگە قاراشتا ئىنچىكە پەرق ئېتىش ۋە ئىنتايىن پۇختا بولۇشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ماك سۆېن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگولۇقلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۇلار بىكار قالسا ھەرگىز ئىچى پۇشمايدۇ. بىرەر جۇڭگولۇققا كۆرۈشۈش ھەققىدە ۋەدە بېرىپ قويۇپ ئۇنى ھەرقانچە ساقلاتسىڭىزمۇ ئۇ ھەرگىز خاپا بولمايدۇ. جۇڭگولۇقلار روھىي جەھەتتىكى بىخۇدلۇق، بىغەملىك ۋە لايىغەزەللىك ۋەجىدىن كۆزلىگەن نىشانىغا يەتمەي قويمايدۇ. چۈنكى ئۇلار 'چېچىلغاق ئادەم ئۆزىنى ئۆپرىتىۋېتىدۇ' دەپ قارايدۇ."

بۇ خىل پەرقنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى يەنىلا جۇغراپىيىلىك ۋە تارىخىي نۇقتىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. كورىيە ئالىقانچىلىك دۆلەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە نوپۇسىمۇ ئاز بولغاچقا، مەسىلىلەرگە ناھايىتى تېز ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. بىر پارچە بۇلۇت كەلسە پۈتكۈل كورىيىگە يامغۇر ياغىدۇ، پادىشاھنىڭ پەرمانى ئەتىسىلا پۈتۈن ئەلنىڭ قولىقىغا يېتىپ بولىدۇ. كورىيانلارنىڭ تارىخى يىغىنچاق، مەدەنىيەت يىلتىزى تېيىز بولغاچقا، ھەم يۇرتىدە ئىزى قالغۇدەك تالاپەتلەرگە ئۇچراپ باقمىغاچقا، ئۆز غېمىنىلا يېيىش پسىخىكىسى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەس.

لېكىن، جۇڭگودەك كېلەڭسىز دۆلەتتە ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرمەي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى پىل يوغان ھەم كېلەڭسىز ھايۋان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ھەرقانچە چەبدەسلىك قىلسىمۇ يەنىلا كالامپاي كۆرۈنىدۇ-دە! ئۇچۇر دەۋرى باشلىنىشتىن ئىلگىرى بىرەر پەرماننى جۇڭگونىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا يەتكۈزۈش

ئۇچۇن بىر قانچە ئاي ھەتتا يېرىم يىل كېتەتتى. پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى ھەرقانچە جىددىي پەرمان بولسىمۇ، ئۇنى يەتكۈزىدىغان ئايغاقچىلار تۇلپاردەك يۈگۈرۈك ئاتلار بىلەن كېچە- كۈندۈز توختىماي چاپسىمۇ، لېكىن پەرمانىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بولغىچە پەرماننىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. قىسقىسى، جۇڭگو بەك چوڭ، ئەھۋالى بەك مۇرەككەپ. شۇڭا ھەرقانداق تەدبىرنى يولغا قويۇشتا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىپ تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرمىسە، يىغىشتۇرىۋالغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. جۇاڭزى نەچچە ئېرا ئىلگىرىلا بۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ مۇنداق دېگەنىدى: "چوڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئۇرۇنۇپ بېقىش كويىدا ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسا بېلىقنى ئۆرۈسە پارچىلىنىپ كەتكەندەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ."

دۆلەتنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېلەڭسىزلىكى تارىختىن بۇيان جۇڭگو سىياسىيونلىرىنىڭ ئىزچىل بېشىنى ئاغرىتىپ كەلدى. شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى ئالدىراپ ھەل قىلماي ئارقىغا سۆرەش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش ۋە ھەرقانداق ئىشنى كونا قېلىپ بويىچە بېجىرىش ئۇسۇلىنى ئادەت قىلدى. ئۇنداق سىياسىيونلارغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى چارە — كۆرۈلگەن مەسىلىنى ئالدىراپ ھەل قىلماي، ئېسىپ قويۇش ئىدى. نەتىجىدە مەسىلە- نۇقسانلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، قائىدە- تۈزۈملەر تەدرىجىي ئۆز ئىسكەتىنى يوقاتتى. خۇاڭ رېنيۇ ئەپەندى جۇڭگودا "رەقەملەشكەن باشقۇرۇش" ئۇسۇلىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلمىغىنىغا بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلى قول مەشغۇلاتىدىكى ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئەندىزىسىگە كۆنۈكۈپ كەتكەن غايەت زور جۇڭگونىڭ مۇرەككەپ ئەھۋالىغا باب كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ خىل ئىلمىي ۋە ئىدراكىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئاخىرىدا جۇڭگودەك بۇنداق كېلەڭسىز دۆلەتتە ئەمەس، بەلكى غەربىي ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتلەردە مەيدانغا

چىقتى. شۇنىڭدەك كورىيىمۇ بۇ خىل ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرەلىدى. ھالبۇكى، ئېلىمىز جۇڭگودا تا بۈگۈنگىچە يەنىلا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتەك كونا سەنەمگە دەسسەشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز.

## بوۋاي ۋە يىگىت

جۇڭگولۇقلار ئېغىزنى كۆيدۈرگۈدەك قايناق چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. بىر چەينەك چاي بىلەن يېرىم كۈننى ئۆتكۈزىۋېتەلەيمىز. لېكىن كورىيانلاردا چاي ئىچىش ئادىتى يوق، ئۇلار ھەتتا زىمىستاندىمۇ سوغۇق سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچەلەيدۇ.

جۇڭگو تارىختىن بۇيان، باي- باياشادلىق ئىچىدە دەۋران سۈرۈپ باققان، تەكرار- تەكرار خارابلىشىپمۇ باققان؛ ئۇزۇن زامانلارنى تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئىچىدە ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈپمۇ باققان، سان- ساناقسىز زوراۋانلىق، قالايمىقانچىلىق ۋە بالايىئاپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ باققان. قىسقىسى، ئىشقىلىپ جاھاندا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگودا كۆرۈلۈپ باقتى. دېمەك، جۇڭگولۇقلار دۇنيادىكى ھەرقانداق ئاچچىق- چۈچۈكنى تېتىپ باققان خەقمىز، شۇڭا ھەم جان ساقلاش پاراستىگىمۇ باي خەقمىز. ئادەم قېرىغاندا زەردىسى پەسىيىپ، نوچىلىقى تۈگەپ، جاسارىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىغان، ھېچنېمىگە ئالدىرىمايدىغان، ھەممىگە زىغىرلايدىغان، ھەرقانداق ئىشنى پۇختا، ئەتراپلىق قىلىشنى كۆزلەيدىغان، ھەممە ئىشتا "سۇ كەلگۈچە توغان سالىمەن" دەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ھالبۇكى، كورىيانلار دۇنيانىڭ ئىسسىق- سوغۇقىغا كۆپ ئۇچرىمىغاچقا ئىشەنچىنى يوقاتمىغان، قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان ھەم پۇت- قولى چەبدەس قىرانلارغا ئوخشايدۇ.

قېرى بوۋاي بىلەن ياش يىگىتنىڭ جاھان سەۋدالىرى ئالدىدىكى

ئىنكاسى ئەلۋەتتە پەرق قىلىدۇ.

ئەجنەبىيلەرنىڭ زەمبىرەك ئوقى جۇڭگونىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزدى. ئىغىر ھالاكەتكە ئۇچرىغان جۇڭگولۇقلار ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا كىچىكىپ تۇتۇش قىلدى. مىڭىسىنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىشلەتمىگەن، ئۆگە- ئۆگىلىرى "داتلىشىپ" ئىشلىمەس بولۇپ قالغان، ئۇدۇم قالغان ناچار ئادەتلەر بەك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن جۇڭگولۇقلارغا ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش جەريانى بەسى مۈشكۈل تۇيۇلدى. دۆلەت مۇنقەرز بولۇپ تالان- تاراج قىلىنىۋاتقان ئىغىر كۈنلەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنكاسى بەكمۇ قاشاڭ بولدى، ئۆتە زەئىپلىك جۇڭگولۇقلارنى بەكمۇ دىلىغۇل قىلىپ قويدى. شۇڭا ھە دېسىلا ئىلگىرىكى قاتمال تەجرىبىلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن نېرى كېتەلمىدى، ئادەتلىنىپ قالغان كونا يولدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. كەينى- كەينىدىن كەلگەن زەربىلەر ئاخىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۇزۇل- كېسىل بىتچىت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەمنىيە زامانىسىدىكى ئېگىلمەس- سۇنماس ئىرادىسى قانداقتۇر ئاجىزلىق ۋە چۈشكۈنلۈككە ئورۇن بوشاتتى.

پۈتكۈل دۇنيا تارىخىدا ھېچقايسى دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش يولى جۇڭگونىڭكىدەك ئەگرى- توقاي، جاپالىق ۋە ئازابلىق بولغان ئەمەس. بىر ئەسىردىن بۇيان بىز مەدەنىيەتنى "بالا- قازانىڭ ئانىسى" بىلىپ، بىرەر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ شامىلى چىقار- چىقمايلا ھە دېسىلا ئۇ "ئىزم"- بۇ "ئىزم"لار ھەققىدىكى تالاش- تارتىش، جەڭگە- جېدەلنىڭ پاتقىقىغا بەكمۇ چوڭقۇر پېتىپ كەتتۇق؛ ئەجدادلاردىن قالغان كۆڭزى مەدەنىيىتى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسى فېئودالىزمنىڭ ئەخلەتلىرى قاتارىدا ئاساسەن چۆرۈپ تۆگەتتۇق. نەچچە ئېرا مابەينىدە شەكىللىنىپ چۆكمە بولۇپ قالغان قاششاقلىق ئادىتى مانا ھازىرمۇ جۇڭگولۇقلارنى شىللىسىدىن مەھكەم بېسىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھال بىزگە "مەدەنىيەت" بىلەن "مىللەت خاسلىقى"نىڭ ئەمەلىيەتتە بىر- بىرىگە

تۇپتىن ئۇخشىمايدىغان ئىككى نەرسە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتۇپ قويىدى. چۈنكى "مەدەنىيەت" — بىر تۇرلۇك ئاڭ؛ "مىللەت خاسلىقى" — ئاڭسىز رەۋىشتە ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان بىر خىل ئادەت.

جۇڭگو چۆچۈپ ئويغانغان 1840- يىلى چاۋشيەن تېخىچە خورەكنى دۆڭ تارتىپ ئۇخلاپ ياتاتتى. جۇڭگو ئەجنەبىيلەر بىلەن بولغان سودا- سېتىقنى باشلىغان چاغدىمۇ، چاۋشيەن تېخى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنالمىغانىدى. ئۇلارنى پەقەت ياپونلارنىڭ قىر- چاپلىرى ئويغاتتى.

بۇنىڭ بىلەن كورىيانلارنىڭ قىرانلارغا خاس كۈچلۈك غۇرۇرى چىدىيالمىدى، يېڭىياچە خورلۇق ئۇلارنى كۈچلۈك لاۋا ئىچىدە ئۆرتىدى، قىزىققانلىق ئۇلارنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت نان تېپىدىغان يولنى تاللاشقا دالالەت قىلدى.

كورىيانلار ئېگىلمەس- سۇنماس قەيسەرلىكىنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا تولۇق نامايان قىلدى. ئۇلار زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا نەچچە ئېرا مابەينىدە شەكىللىنىپ قالغان ئېرىنچەكلىكىنى غايەت زور ئىرادە بىلەن تۈگىتىپ، ئۇدۇم قالغان كونا تۇرمۇش ئادىتىدىن "كونا ئىللەتنى تامامەن تۈگىتىپ، يېڭىلىققا پۈتۈنلەي ئادەتلىنىش" ئىرادىسى بىلەن ئۆزۈل- كېسىل قول ئۈزدى. قىسقىسى، ئۇلار دېگىنىنى قىلالىدى، قىلغانىدىمۇ چاقماق تېزلىكىدە قىلدى.

1961- يىلى پياۋ جېڭشى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ھەش- پەش دېگۈچە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى ۋە كورىيە قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيانقى سىياسىي جەھەتتىكى زەئىپلىك ۋە ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقنى بىراقلا ئوڭشىدى. پياۋ جېڭشى كورىيە ھۆكۈمىتىگە ھەربىيچە خىسلەتنى سىڭدۈردى. ئۇ چىرىكلىشىپ كەتكەن كونا كورىيە ھۆكۈمىتىنى قاتتىق تەدبىر ئارقىلىق ئۆزۈل- كېسىل تازىلاپ، بىر تۈركۈم ياش ئەسكەرلەرگە ھوقۇق تۇتقۇزدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ چىرىكلىككە

قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى ئارقىمۇ ئارقا قوزغاپ، ئەمەلدارلارنىڭ قەھۋە ئىچىشى، تانسا ئويىنىشى ۋە ياپونىيە مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىشىنى مەنئىي قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئازراق چىرىكلىشىپ قالغان ئەمەلدارلارنىمۇ ئالا قويماي تازىلىدى، ھەممە ۋاستىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق كۈچلۈك ئىرادە بىلەن پاك- دىيانەتلىك ئەمەلدارلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى.

كېيىن تەرققىي قىلغان ئەللەردە، بارلىق ھوقۇقنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان چىرىك ۋە بيۇروكرات ئەمەلدارلار تۈپى ئادەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ جاھىل پۇتلىكاشاڭلىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، پياۋ جېڭشى كورىيە جەمئىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن نوپۇز بەيئەتچىلىكى ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ، بيۇروكرات ھوقۇقچىلىق ھاكىمىيىتى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈرۈش قىلغان ھەربىيچە قوشۇنغا ئايلاندۇردى. كورىيانلارنىڭ بۇيرۇققا ئەمەل قىلىش، تەرتىپلىك ئىش كۆرۈش، دەرىجە پەرقىگە ھۆرمەت قىلىش ئېڭى ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشتە كاتتا رول ئوينىدى. كورىيە شىركەتلىرى ھەربىيلەشكەن تەشكىلاتلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭدا خادىملارنىڭ قىسقا چاچ قويۇپ، كۆلرەڭ فورما كىيىشى، سول كۆكسىگە ئىسىم- فامىلىسى يېزىلغان ئىزناك تاقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنداقلا شىركەتلەرنىڭ "بىز سانائەت جەڭچىسى ھەم قۇرۇلۇش قىلىمىز ھەم جەڭ قىلىمىز!"، "ئېكسپورت جېڭىنى قانات يايدۇرايلى!"، "10 مىليارد دوللارلىق ئېكسپورت رېكورتىنى يارىتايلى!" دېگەندەك شوئارلىرى بولىدۇ. كارخانىچىلار خادىملارنىڭ ئىدىيىسىنى كارخانا يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان بولغاچقا، خادىملار كارخانىغا خۇددى ئاتا- ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك سادىق كېلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ، ناھايىتى تۆۋەن ئىش ھەققى بەدىلىگە ئارتۇق ئىشلەشكە رازى بولىدۇ.

كورىيانلارنىڭ قىزىققانلىقى ۋە ئىجتىھاتچانلىقىنى ئىقتىسادىي

تەرەققىياتىنىڭ دېڭىز-ۋالىلى دېيىشكە بولىدۇ. 1960- يىلدىن ئىلگىرى كورىيانلار "ھورۇنلار" دەپ قارىلاتتى. مانا ھازىر ئۇلار دۇنياغا بىر خىل يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يۈزلەندى. كورىيانلار ئادەتتە شىياڭگاڭلىق ۋە توكيولۇقلاردىنمۇ تېز ماڭىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى ئادەتتىكى كورىيانلارمۇ ھەقسىز ئارتۇق ئىشلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئەڭ نامرات ئەللەردىن سانىلىدىغان كورىيە ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتەر- ئۆتمەيلا دۇنيادىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي تاپقان 11 كۈچلۈك دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

كورىيانلار ناھايىتى ئەستايىدىل ھەم ئىخلاسمەن مىللەت بولغاچقا، غەربنىڭ تەجرىبىسىنى يېپىدىن- يىڭنىسىغىچە ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئېلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ناھايىتى ياخشى تەتبىقلىيالىدى. ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا نۇرغۇن ئىقتىسادشۇناسلار "كورىيە ئاپتوموبىللىرىنى ئامېرىكا بازىرىغا سالارمىش" دەپ كۈلۈشكەنىدى. ئەمدى بۈگۈنكە كەلگەندە كورىيىنىڭ يىللىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى مىليون داندىن ئېشىپ كەتتى، «ھازىرقى زامان» گۇرۇھىنىڭ ئاپتوموبىللىرى تۈركۈم- تۈركۈملەپ ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىندى. كورىيە يانفون سانائىتىگە كېچىكىپ تۇتۇش قىلغان ئەللەردىن بولسىمۇ، لېكىن كورىيىدىكى ئىشلەپچىقىرىلغان «SAMSUNG» ماركىلىق يانفون دۇنيا يانفون سانائىتىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ھاسىلاتى ماددىي بايلىقتىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە قوشقان تۆھپىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئەينى يىللاردىكى پىياۋ جېڭشى ناھايىتى مۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۈزۈل- كېسىل بۇزۇپ تاشلاپ، پۈتكۈل سىياسىي سىستېمىنى تۈپ نېگىزىدىن ئۆزگەرتىپ چىققانىدى. بۇنىڭ بىلەن بيۇروكرات ئاپپاراتلار جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ تۇرىدىغان قورالدىن بىراقلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان زامانىۋى باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ئايلاندى. قىسقىسى، كورىيانلار

"تۆرىچىلىك"، "ئىزىم" ۋە "خام خىيال"غا چوقۇنۇشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئىلمىيلىك، ئىدراكىيلىق ۋە ئۆزگىچىلىككە ھۆرمەت قىلىدىغان شۇنداقلا ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان جەمئىيەت روھىنى بارلىققا كەلتۈردى.

مائارىپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ كورىيانلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئېڭى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئۇلار دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە مىللەتنىڭ كامالىي قۇدرىتى ئۈچۈن ئۆزگە خاس ئېگىلمەس- سۇنماس روھ بىلەن دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھارماي- تالماي كۈرەش قىلدى. كورىيە نوپۇسى گەرچە جۇڭگونىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئاز بولسىمۇ، لېكىن كورىيانلار دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىدە جۇڭگولۇقلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ قان تۆكتى. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە نامايىشلارغا قاتناشقان كورىيانلار ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئەسكىرىي ساقچىلار ۋە ياش ئاققۇزغۇچى بومبا ئالدىدا ھەرگىز چېكىنمىدى. ئاۋامنىڭ بەدەل تۆلەشلىرى ۋە بىر قىسىم ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىي داھىيلارنىڭ ئېقىمغا ماسلىششى بىلەن كورىيە جەمئىيىتى بەختىگە يارىشا نوپۇز سىياسىيسىنىڭ ئورنىغا دېموكراتىك سىياسىينى ئوڭۇشلۇق دەسسىتەلىدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتى كورىيانلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئالەمشۇمۇل ئۆزگەرتتى. مەسىلەن، 60- يىللىرى كورىيە دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتلەرنىڭ بىرى، كورىيانلار بولسا دۇنيادىكى ئەڭ كەمسىتىلىدىغان مىللەتلەردىن ئىدى. لياڭ چىچاۋ «چاۋشيەن ھالاكىتىنىڭ سەۋەبى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ سەۋەبنى مىللەت خاسلىقىغا مۇجەسسەملىگەنىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى كورىيانلار قۇرۇق گەپنى جىق ساتىدىغان، قورساق ئۇرۇشىغا ئۇستا، ئۆتە داپىۋاز، مەككار ۋە راھەتپەرەس مىللەت ئىدى.

كورىيانلارنىڭ ئۆزىمۇ مىللەت خاسلىقىدىكى ئەجەللىك نۇقسانلارنى

ئېتىراپ قىلىشقانىدى. جۇملىدىن پىياۋ جېڭشى تەختىكە چىقىش باياناتىدا ئاشۇ نۇقسانلارنى ئوچۇق- ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەنىدى: "بىز خەقتە مۇستەقىللىق روھى، ئىجادچانلىق روھى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى، شان- شەرەپ تۇيغۇسى ۋە ھۆكۇم قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل، ئەكسىچە قەبىھ نەپسانىيەتچىلىك ئاجايىپ ئېغىر."

"خەلقىمىز قۇمدەك چېچىلىپ يۈرۈش، تەخسكەشلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاقنانچىلىق، قۇلچىلىق ۋە باشقىلارنىڭ سايىسىدا كۈن ئېلىشقا ئادەتلىنىپ كېتىشتەك نۇقسانلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ."

"شۇڭا ئىنقىلابىمىز ئاتا- بوۋىمىزدىن ئۇدۇم قالغان ئۆز ئارا ئۆچمەنلىك، مەزھەپچىلىك، ئىسراپخورلۇق، يۇرتۋازلىق، لايغەزەللىك ۋە ھارامزەدىلىكنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ."

مانا ھازىر پىياۋ جېڭشى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويغان مەقسەت- مۇددىئالارنىڭ ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. چۈنكى، ھازىرقى زامان كورىيانلىرى ئۆزلىرىدىكى ئۆملۈك، مىللەتپەرۋەرلىك، ئىجتىھاتچانلىق، پاكىزلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇنياغا داڭ چىقاردى.

## كورىيانلاردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مىللەت خاسلىقىنى ئۆزگەرتىشكە نەزەر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كورىيىگە ساياھەتكە بارىدىغانلار تەدرىجىي كۆپەيدى، ئۇلاردىن كورىيىنىڭ ھاجەتخانىلىرى ھەققىدە سۆزلەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. ئىشقىلىپ كورىيە ساياھىتى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كورىيىدىكى "پەردازخانا"لار ھەققىدە گەپ بولماي قالمايدۇ.

ھاجەتخانا بۇ يەردە جۇڭگو بىلەن كورىيە ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە باھا بېرىدىغان ئۆلچەم بولۇپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ. كورىيىگە بېرىپ

باققان نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار "كورىيانلار تازىلىققا ئاجايىپ ئەھمىيەت بېرىدىغان خەقكەن"، "كورىيانلار ئىنتايىن رەتلىك ۋە پاكىز مىللەتكەن" دېگەندەك يەكۈنلەرنى چىقىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ھاجەتخانا بىر مىللەتنىڭ مىللەت خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئەينەكلىك ئورنىغا ئۆتتى.

دۇرۇس، بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى، ئېلىمىزنىڭ لەشكىري ئەمەلدارى نىي شىچېڭ شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يول ئۈستىدە چاۋشىيەنگە كىرىپ ئۆتكەن ۋە چاۋشىيەننىڭ "مەينەت، رەتسىز، ناچار" قىياپىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى.

بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى جۇڭگو، ياپونىيە ۋە كورىيە سەھرالىرىدىكى ھاجەتخانىلار ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئاساسەن ئورەكنىڭ ئۈستىگە ئىككى تال تاختاي تاشلاپ قويۇلغان ئوچۇق ۋە سۇسىز ھاجەتخانىلار ئىدى.

ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياپونلار يېڭى بىر ھاجەتخانا ئۇسكۇنىسىنى كەشىپ قىلدى. بۇ خىل ئۇسكۇنە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھاجەتخانىلاردا ئېرىتىش، يۇيۇش، قۇرۇتۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتىك ئىدى. ياپونىيىدىكى ئۇ خىل ھاجەتخانىلار بەئەينى ھەشەمەتلىك سارايلارغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئىچى ئەتىر پۇراپ تۇرغاندىن باشقا، ئۇنىڭغا خۇددى چىرايلىق بېزەلگەن قىرائەتخانىلارغا ئوخشاش گۈل قاتارلىق بېزەكلەر تىزىپ قويۇلاتتى.

كورىيانلارمۇ 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى ئىچى سۇ بىلەن ئاپتوماتىك تازىلىنىدىغان ھاجەتخانىلارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى باشلىدى. ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ بۈگۈنگە كەلگەندە كورىيە ھاجەتخانىلىرىمۇ تازىلىق جەھەتتە ياپونىيىنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كورىيانلار "ھاجەتخانا"نىڭ ئىسمىنى "پەردازخانا"غا ئۆزگەرتىپ، جۇڭگولۇقلارنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق سەھرا

ھاجەتخانىلىرىنىمۇ ئاساسەن زامانىۋىلاشتۇرۇپ بولدى. لېكىن، چەت-يېزاقتىكى قىسمەن رايونلاردا بۇرۇنقىدەك ئۈستى ئوچۇق سۈسىز ھاجەتخانىلار ھازىرمۇ بار.

جۇڭگونىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدىكى نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك ھاجەتخانىلار ياپونىيە ۋە كورېيىنىڭكىدىنمۇ ئېسىل ياسۇېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن سەھرالاردىكى ھاجەتخانىلارنىڭ ھالىتى يەنىلا 100 يىل بۇرۇنقى قىياپىتى بىلەن تۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ھاجەتخانا جۇڭگولۇقلارنى ئۆزىنى كەمستىشكە ئۈندەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى، جۇڭگوغا كەلگەن چەت ئەللىكلەرگە جۇڭگونىڭ سەددىچىن ۋە خان سارىيىدىن قالسىلا ھاجەتخانىلىرىدىكى سېسىقچىلىق ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى. نۇرغۇن ئەجنەبىيلەر بۇ ھەقتە كۆرگەنلىرىنى يېزىپمۇ باقتى. ئۇلارنىڭ يازغانلىرى «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گېزىتىگە كۆچۈرۈپ بېسىلغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇشتى-يۇ، لېكىن غىڭ- پىڭ قىلالمىدى.

جۇڭگو، ياپونىيە، كورېيىلەر دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە بىردەك "ئەخلاقسىز جامائە" دەپ قارالغانىدى. زۇدا سوكىككى 1916- يىلى يازغان «ئىدىيىمىز ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە "ياپونلار جامائەت ئېڭى ئاجىز مىللەتتۇر" دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كورېيىلىك پېداگوگ جىن زەيئېنمۇ "كورېيانلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا نوپۇز بەيئەتچىلىكى، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە تەرتىپسىزلىك يوشۇرۇنغان" دېگەنىدى.

جۇڭگو، ياپونىيە، كورېيە توپ مەستانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرى ئولتۇرغان يېرىگە كەلسە- كەلمەس ئەخلەت تاشلايدىغان ئادەت بار ئىدى. ئالدى بىلەن ياپونىيە توپ مەستانىلىرى غەربلىكلەردىن ئولتۇرغان يېرىدىكى ئەخلەتلەرنى تېرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئۆگەندى. ئاندىن ئەزەلدىن ياپونلارغا يېڭىلىپ قېلىشنى

خالىمايدىغان كورىيانلار ياپونلارنىڭ ئاشۇ ئادىتىدىن ئۆرنەك ئالدى.

قارىغاندا "مىللەت خاسلىقى" دېگەن گەپكە باشقىدىن تەبىر بېرىپ باقساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئاتالمىش "زېدىپەسلىك" ئەمەلىيەتتە زامانىۋىلىقتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي خاراكتېرنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. تۇتروقسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە يالقاۋلىق قاتارلىق شۈكۈر- قانائەت بىلەن بولۇشقا كۈن ئېلىش ئادىتى ناتۇرال ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش رېتىمىغا باب كېلىدۇ. مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا پېتىنالماسلىق، ئىجاتچانلىق كەمچىل بولۇش، مۇتەئەسسىپلىك قاتارلىقلارنى مۇستەبىت جەمئىيەت ئاپىرىدە قىلغان قۇلچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تۇغۇندىسى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، غۇرۇرسىزلىق، پرىنسىپسىزلىق، لەۋزىدە تۇرماسلىق ۋە قۇللارچە ياشاش ئىللىتى دەھشەتلىك تۇرمۇش شارائىتى ھامىلە قىلغان غەيرىي ئادىمىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. ھەممە ئىنتىلىدىغان "ئىنتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، پاكىزلىق، ئۇچۇق پىكىرلىك، ئىلىمخۇمارلىق" قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ كىشىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى، خالاس. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈكلىكى كىشىلەردىن ئۆزىنى ئوبدان ئىدارە قىلىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ھاسىلاتلىرى كىشىلەرنىڭ غۇرۇر ۋە ئىشەنچىگە شەرت- شارائىت ھازىرلاپ بەردى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى كۈچلۈك رىقابەت كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ بېرىۋاتىدۇ.

شۇڭا بىز "زېدىپەسلىك" ياكى ئاتالمىش "جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقى" دېگەن گەپنى "زامانىۋىلىقتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي خاراكتېر" دەپ ئۆزگەرتسەك بولامدۇ- قانداق؟

جەمئىيىتىمىز ئارىلاپ- ئارىلاپ "قائىدە- پرىنسىپنى ئۇقمايدىغان ئەخلاقسىز جامائە" دەپ تەنقىد قىلىنىپمۇ قالىدۇ. بۇ زادى نېمىلىكتىن؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، زامانىۋىلىقتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي تۈزۈلمە

ئاۋامنىڭ خوجايىنلىق ئېڭى ۋە قائىدە- پرىنسىپلارغا بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇشقا قادىر بولالمىغاچقا، ئۇلار ئۆزىنى ستىخىيلىك هالدا نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى هۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان پاسسىپ ئورۇندا كۆرۈپ كەلدى. شۇڭا، ئاۋامدا خوجايىنلارچە ئىپتىخارلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئاكتىپلىق ئەزەلدىن بولۇپ باقمىدى. ئۇلارنىڭ شەهەرلىك هۆكۈمەت مەيدانىغا كەلسە- كەلمەس ئەخلەت تاشلىشى دەل شۇ ۋەجىدىندۇر. يەنە كېلىپ ئاۋامنىڭ قارىشىچە، ئەمەلدارلار تاغاردا بىر پۇل كەتكەن ئۇنداق مەيدانلارنى ياساشتا ئاۋامنىڭ ئۇنى ياقتۇرىدىغان- ياقتۇرمايدىغانلىقى بىلەن قىلچە هېسابلاشماي هەم ئۇلارنىڭ پىكىر- تەلەپلىرىنى ئاڭلاپمۇ باقماي، قانداقتۇر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنىڭلا كويىدا بولغان؛ ئۇلارنىڭ ئۆتە سەۋر- تاقەتچان بولۇپ كېتىشىمۇ دەل ئاۋامنىڭ دەردىنى ئېيتىدىغان يولنى تاپالمىغانلىقى، تاپقان تەقدىردىمۇ قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ دىگەندەك هەل قىلىنمىغانلىقى ۋەجىدىندۇر. دېمەك، مېخانىزم ئۈنۈملۈك بولسا جۇڭگولۇقلارمۇ ئۇنداق گاراڭ ۋە سەۋرچان پېتىچە تۇرىۋەرمەيدۇ- دە! قىسقىسى، بىزنىڭ جان ساقلاش مۇهتىمىزدىكى نۇقسانلار ۋەجىدىن نەچچە ئېرادىن بۇيان سىڭىپ كەتكەن خۇي- پەيلىمىزنىڭ دەردىنى هازىرغىچە تارتىپ تۇرۇپتىمىز.

ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، خاراكتېر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، تەقدىر خاراكتېرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مىللەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، تارىخ خاراكتېرنى بەلگىلەيدۇ، خاراكتېر بولسا تارىخقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئادەم ئۆزىنىڭ نۇقسانلىق هەرىكەت ئەندىزىسىنى بۇزماي خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلىشى، بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلماي تۇرۇپ، قالاق مىللەت خاسلىقىنى ئوڭشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، زامانىۋى جەمئىيەت بولغاندىلا، ئاندىن زامانىۋى مىللەت خاسلىقىنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئالەمشۇمۇل داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان "ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش"، "تەشۋىقىي

تەربىيە"، "تىپلار ئارقىلىق يېتەكلەش" دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. بۇ خۇددى قۇمنىڭ ئۈستىگە ئىمارەت سالغانغىلا ئوخشايدۇ.

جۇڭگو تارىختىن بۇيان تالاپەتكە جىق ئۇچرىغان دۆلەت بولغاچقا، خاراكتېرىمىز پۈچۈلۈپ كەمتۈكلىشىپ كەتتى. لېكىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدى "ئەجەللىك كېسەل ۋىرۇسى" بىلەن يۇقۇملانغىنى يوق. يەنى جۇڭگولۇقلاردىكى ئۇ خىل كەمتۈكلۈك ھەرگىزمۇ ساقايماس "زېدېپەسلىك"مۇ ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ھەم ئۇنداق قىلىشقا ئاساسىمۇ يوق. قىسقىسى، باشقا مىللەت ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ "رېتسىپ"لىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلانغاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ خىل "كېسەل"نى تامامەن ساقايتقىلى بولىدۇ. دېمەك، جەمئىيەتنىڭ تۈزۈم مېخانىزمىدا ساقلىنىۋاتقان نۇقسانلار ۋە خىلمۇ خىل ئىللەتلەرنى پەقەت كورىيانلارغا ئوخشاش شىجائەت ۋە جاسارەت بىلەن تۈزىتەلىسەكلا مىجەز-خاراكتېرىمىزدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولىدۇ. جۈملىدىن، مىللەت خاسلىقىمىز ئۈستىدىكى قايتا ئويلىنىشلىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا چوقۇم تۈزۈم ۋە تارىخقا مۇجەسسەملىنىشى لازىم. چۈنكى، پەقەت ھەممە ئادەم باراۋەرلىك ۋە ئادىللىق ئىچىدە كۆكرەك كېرىپ يۈرەلەيدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالىساقلا، ئېلىمىز جۇڭگو دۇنيا سەھنىسىدە قەددىنى كېرىپ تۇرالايدۇ، جۇڭگولۇقلار ئەمنىيە زامانىسىدىكى ئېگىلمەس- سۇنماس جاسارىتى ۋە تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى ئۆزگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چوڭ دۆلەت پۇقراسىغا خاس تۈيغۇسىنى قايتا تاپالايدۇ.

# كورىيىلىكلەر ئەنئەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟

## كىشىنى چۆچۈتىدىغان يوقىتىش

ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو كامالەت مەنزىلىگە ھەيران قالارلىق سۈرئەت بىلەن قەدەم قويدى. ئەلمىساقتىن تارتىپ جۇڭگودا بۇنداق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ باققان ئەمەس. قىسقىسى، بۇ خىل تەرەققىيات سۈرئىتىدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

ھالبۇكى، زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى داۋامىدا بىز مەلۇم نۇقتىلارغا ئازدۇر- كۆپتۇر سەل قاراپ قالدۇق. ئادەمنى ئەڭ خاۋاتىرلەندۈرىدىغىنى شۇ بولدىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە ئېرالاردىن بۇيان جۇغلىغان غايەت زور مەدەنىيەت بايلىقى بىزنىڭ قولىمىزدا ناھايىتى تېز يوقىلىشقا باشلىدى. تارىخىي نۇقتىدىن دەڭسەپ باقىدىغان بولساق، بەزى جەھەتلەردە يوقاتقىنىمىز ئېرىشكىنىمىزدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

تارىختىن مىراس قالغان نۇرغۇنلىغان دۆلەت گۆھەرلىرى بارا- بارا چەت ئەللەرگە ئېقىپ كەتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ مۇزېي — «مەركىزىي شەھەر مۇزېيى» دىكى شەرق تەۋەررۈكلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جۇڭگودىن كەلگەن. ئامېرىكا مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان جۇڭگو تاش ئويمىلىرى بېيجىڭ خان سارىيىنىڭكىدىنمۇ كۆپ. دۇنيادىكى 47 دۆلەتنىڭ 200 نەچچە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان جۇڭگو تەۋەررۈكلىرى مىليونغا يېتىدۇ. دېمەك، ئەمدى

بىز ۋە بىزدىن كېيىنكىلەر ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈككلەرنى كۆرمەكچى بولسا، چەت ئەللەرگە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن گەپ.

ئەنگلىيىدىكى تەۋەررۈك سودىگەرلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر پارچىدىن جۇڭگو خەرىتىسى بولىدۇ. ئۇ خەرىتىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار كۆپ چىقىدىغان نۇقتىلارغا خىلمۇ خىل بەلگىلەر سېلىنغاچقا، ئۇ خۇددى ئەينى زامانلاردىكى "ئۇرۇش خەرىتىسى"گىلا ئوخشايدۇ. خېنەن، سەنشى، شەنشى قاتارلىق تارىخي تەۋەررۈكلەر كۆپ چىقىدىغان ئۆلكىلەردە كېيىن ئوغرىلىرى ۋە تەۋەررۈك قاراگغۇ بازارچىلىقى كەسپلىشىپ كەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن كېيىن ئوغرىلىقى دېلوسى 100 مىڭدىن، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قەدىمكى قەبرە 200 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ بالا- قازادىن ھەتتا تاڭ دەۋرىگە تەۋە داڭلىق تاش بۇت، سۇڭ دەۋرىگە تەۋە 11 قەۋەت تاش مۇنار ۋە ئاللىقانداق تاش ھەيكەللەر قاتارلىق قارىغۇچىلار كۆز- قۇلاق بولۇپ تۇرغان تەۋەررۈكلەرمۇ ئامان قالمىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەللەردىكى مۇزېيلارغا قاراپ غۇيۇلداپ "يول ئالدى"( "جەنۇب ئازنىسى" گېزىتىنىڭ 2003-يىلى 2- ئاينىڭ 27- كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ).

كېيىن ئوغرىلىرى بىلەن تەۋەررۈك قاراگغۇ بازارچىلىرى ئاۋامنىڭ قەھرى- غەزىپىنى قوزغايدىغان شۇنداقلا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشكە تېگىشلىك جىنايەتچىلەر، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىر ئەلنىڭ مەدەنىيەت ھالىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئەلنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنداقتا، ئاۋام پۇقرانىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداقتۇر؟

ئېلىمىزنىڭ سەددىچىنشۇناس ئالىمى دوڭ خۇيخۇي تونۇشتۇرغان ئەھۋاللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى سىمۋولى

ھېسابلىنىدىغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ نۆۋەتتە پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىلا ئاساسەن ساق ئىكەن؛ ئۈچتىن بىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ؛ قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلىپتۇ؛ سەددىچىن سېپىلىنىڭ بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر تاغقا جايلاشقان قىسمى ئارخېئولوگىيىدە تەتقىقات قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى تەۋەررۈك ئىكەندۇق، لېكىن، كىشىلەر ئۇنى بۇزۇپ خىشلىرىنى جىرىم كۆلچىكىگە ئىشلىتىپتۇ؛ سەنشى ئۆلكىسىدىكى مەلۇم بىر كەنت ئىككى خۇمدانىنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قىلىۋاتقاندا، سەددىچىن سېپىلىنىڭ دەل ئاشۇ ئىككى خۇمدانىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان قىسمى قۇرۇلۇشقا "دەخلى" قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەنت باشلىقىنىڭ بىر ئېغىز بۇيرۇقى بۇ تەۋەررۈكنى بىراقلا كۆزدىن يوقىتىپتۇ؛ كېيىن بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئۇلارغا 200 يۈەن جەرىمانە قويۇلۇپلا ئىش تامام- ۋەسسالام قىلىنىپتۇ.

قەدىمكى قەبرىنى بۇزغان كېپەن ئوغرىلىرى ئەلۋەتتە ئېغىر جازالىنىدۇ؛ سەددىچىن سېپىلىنى بۇزغان ھېلىقى كەنت باشلىقىغىمۇ ھەرھالدا جەرىمانە قويۇلۇپتۇ؛ لېكىن، قەدىمىي شەھەر ئىزنالىرىنىڭ ۋەيرىنىنى چىقىرىۋەتكەن شەھەر باشلىقى، ھاكىملارچۇ؟ ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا قەددىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈۋاتىمدۇ! مىسالەن، خۇبېيدىكى سۇڭ، مىڭ دەۋرلىرىگە تەۋە قەدىمكى سېپىل بۇزۇپ تاشلاندى؛ جېجياڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق جوۋشەن رايونىدىكى خەيدىڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ تارىخىي رەستىلىرى ۋە قەدىمكى ئولتۇراقلار ۋەيران قىلىۋېتىلدى؛ فۇجوۋدىكى "ئۈچ كاسىپلار مەھەللىسى، يەككە رەستە" سودا كوچىسىغا ئۆزگەرتىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ... دۇنياغا داڭلىق بىر ئارخىتېكتور بېيجىڭ قەدىمىي شەھىرى ناھايىتى داڭلىق بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامانىنىڭ بەتبەشىرە ئىمارەتلىرى قەدىمكى كۆركەم مەنزىرىلەرنى تامامەن توسۇپ ۋە ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىگە كۆپ قېتىم ئاھ ئۇرغانىدى.

شەكىللىك مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشىغا قارىغاندا، شەكىلسىز

مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشى ئادەمنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر "شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاددىيلاشتۇرۇپ دېسەك "شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى" لۇ شۈن يازغان «كوچا تىياتىرى»، «بەش ئىلاھ تاماشىسى»، "فېئودال خۇراپاتلىق" تۈسىنى ئالغان «شۈكرانىيە يىغىلىشى»، "پېرىخۇنلۇق"، كىچىك چاغلىرىمىزدا كۆرۈدىغان تېرە قورچاق ئويۇنى، چاغانلىق قىيما رەسىم، سىزما رەسىم دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئېھتىمال بۇنداق نەرسىلەرمۇ "شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى" ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇنداق توپا تەرەت سەھراچە نەرسىلەرنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ دېيىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق سوئاللارنىڭ ئۆزىلا ئېلىمىزدىكى شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئېغىر كرىزىسقا دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۇ شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى سەددىچىن، خان سارىيى قاتارلىقلاردىنمۇ مۇھىم مىللىي بايلىق سانىلىدۇ. چۈنكى، سەددىچىن بىلەن خان سارىيى مۇزېيدىكى دىنوزاۋرنىڭ ئەۋرىشكىسىگە ئوخشاش قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئىزناسى، ئەمەلىي قىممىتىنى يوقاتقان ئۆلۈك نەرسە. ھالبۇكى چاڭچىلە، ياڭگېر، قەغەز قىيما، كەشتە قاتارلىقلار تىرىك مەدەنىيەتلەردىن بولۇپ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، گۈزەللىكى ۋە سېھرىي كۈچىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا بىزمۇ ئاشۇ شەكىلسىز مەدەنىيەتنىڭ شاراپىتى بىلەنلا جۇڭگولۇق بولۇپ تۇرالايمىز.

جۇڭگونىڭ شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى دۇنيادا ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە مول ئىدى. ھالبۇكى، ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق سەنئەتكارلىرى شىددەت بىلەن ئازىيىپ كەتتى؛ يۇقىرىقى مەدەنىيەت تېز سۈرئەتتە يوقىلىپ، يۇقىرىقى

سەنئەت كۆندىن ـ كۈنگە خارابلىششقا قاراپ يۈزلەندى. مىسالەن، مەھەللە ـ كويلاردا بولۇپ تۇرىدىغان، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى يوقاپ كەتتى؛ مودا ناخشىلار ئەلنەغمىلەرنىڭ، كارتون فىلىملەر چۆچەك ۋە تېرە قورچاق ئويۇنلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ بولدى؛ بۇرۇن قىزلىرىمىز ياتلىق بولىدىغان چاغدا قىز مېلى سۈپىتىدە كەشتە ـ كىمخاپلارنى ئۆزى تىكەتتى؛ مانا ھازىر بازارغا چىقسىلا ناھايىتى قوپال ئىشلەنگەن سەگەز گۈللۈك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپلا پۈتتى قىلىدىغان بولدى. مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى پۇقراۋى گۈزەل سەنئەت تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جىن جىلىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئۇ شىمالىي شەنشىنىڭ كېمىر ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىدە پۇقراۋى قىيما رەسىملەرنى ناھايىتى نۇرغۇن ئۇچراتقانىكەن، ئەنسەي ناھىيىسىنىڭ ئۆزىدىلا 20 مىڭ ئايال زاتى قەغەز قىيمىچىلىقىنى بىلەتتىكەندۇق؛ ھالا ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بارسا پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىكى ھېلىقىدەك قىيما رەسىملەر پۈتۈنلەي دۇنياۋى چولپانلارنىڭ فوتو سۈرەتلىرىگە ئالمىشىپ بوپتۇ؛ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئەنسەي ناھىيىسىدە قەغەز قىيمىچىلىقى ئۇستىسىدىن 40 نەچچىسى بار ئىكەندۇق، ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ھايات قالغانلىرىمۇ قېرىپ قايچا تۇتالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، بەزىلىرى ھەتتا تىرىكچىلىك ئۈچۈن قىيمىچىلىقنى ئاللىقاچان تاشلىۋېتىپتۇ. جىن پروفېسسور پۇقراۋى قەغەز قىيمىچىلىقىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ”كېچە ئۇرغان ئىزغىرىن شامال، گۈلنى قىلدى يەر بىلەن يەكسان!“

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئېلىمىزدە كۈنگە بىر تۈرلۈك پۇقراۋى مەدەنىيەت يوقىلىۋېتىپتۇ. بۇ، جانلىقلار تۈرىنىڭ يوقىلىش سۈرئىتىدىنمۇ تېز ئىكەن. بۇنداق بولۇۋەرسە بۇنىڭ ئاقىۋىتى جانلىقلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىنمۇ ئېغىر بولىدىكەن. قىسقىسى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن خىلمۇ خىل پۇقراۋى مەدەنىيەت،

نەچچە ئېرا مابەينىدە پىشىپ تاۋلانغان يەرلىك سەنئەت، ئەنئەنىۋى ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى تېخى خاتىرىگە ئېلىنىشتىن بۇرۇنلا يوقىلىپ بولدى، دېگەن گەپ. يوقالغان ئۇنداق مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىۋى ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلەر ئەمدى ئەبەدىي پەيدا بولمايدۇ. جىن پروفېسسور مۇنداق دەيدۇ: "مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى 8000 يىلغا بارىدىغان پۇقراۋى مەدەنىيىتى يەر يۈزىدىن ئۆچۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ!"

## "تېرىقنى توگە بىلىدىغان" كورىيە

كورىيىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جۇڭگونىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا يوقنىڭ ئورنىدىلا.

كورىيە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جۇڭگودىن خېلىلا ئارقىدا تۇرىدىغان شەرقىتىكى ئالىقانچىلىك دۆلەت بولغاچقا، تەۋەررۈكلەرنىڭ كۆلىمى ۋە قاتلىمى جەھەتتە جۇڭگوغا يەتمەيدۇ. لېكىن، كورىيانلار ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئاشۇ تېرىقچىلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىمۇ ئاجايىپ قىممەتلىك بىلىدۇ.

كورىيانلار سېئۇل شەھىرىدىكى جىڭ فۇگۇڭ سارىيى، چاڭ دېگۇڭ سارىيى، چاڭ چىڭگۇڭ سارىيى، سۇڭ ئىبادەتخانىسى ۋە دې شوۋگۇڭ سارىيى قاتارلىق بەش سەيلىگاھنى "بەش خان سارىيى" دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن بۇ بەش سەيلىگاھنى قوشسا بېيجىڭدىكى خان سارىيىنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ھەممىلا يېرىگە "جاھاندا بىر دەپ پۈتۈپ قويۇلغان بۇ تەۋەررۈكلەرنى ھەتتا كورىيانلارنىڭ ئۆزىمۇ "بېيجىڭ خان سارىيىنىڭ پەردازخانىسىچىلىككىلا كېلىدۇ" دەپ ھەزىل قىلىشىدۇ. ئەمما، كورىيانلار بۇ ئالىقانچىلىك سەيلىگاھنىمۇ ئىنتايىن رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردە زەررىچىلىك چاڭ- توزاڭنى كۆرەلمەيسىز. چاڭ دېگۇڭ سارىيىنى ئېلىپ ئېيتساق، سارايىنىڭ

مۇھىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ يەرگە ساياھەتچىلەرنىڭ يەككە- يەككە كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ سانى مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەندە، ئاندىن ساياھەت يېتەكچىسى "ساراي ئىچىدە نەرسىلەرنى يېمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك، نەرسىلەرنى كەلسە- كەلمەس تاشلىماسلىق" قاتارلىق پرىنسىپلارنى تەكىتلىگەندىن كېيىن ئاندىن باشلاپ كىرىدۇ. سارايىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە ھېچقانداق يەردە پارچە قەغەز، خەپرۇك دېگەندەك نەرسىلەرنى چېلىقتۇرمايسىز. كۆكۈل قويۇپ لايىھىلەنگەن ھەم پاك- پاكىز رەتلەنگەن چىملىقلار سىزنى ئاجايىپ ھوزۇرلاندۇرىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بېيجىڭدىكى خان سارىيىنىڭ باشقۇرۇشى ناھايىتى ئەركىن. قايسى بىر يىلى بېيجىڭ خان سارىيىغا كىرگىنىمدە بىر ساياھەتچىنىڭ تەيخې قەسىرىنىڭ ئىشىكىگە نەقىشلەنگەن ئەجدىھا ھەيكىلىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن ھەلنى پىچاق بىلەن قىرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم؛ ئۇ ئالتۇن ھەلنى قىرىش بىلەن ئالاھەزەل ئون نەچچە مىنۇت ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئارىلىقتا بىرەرسى كېلىپ ئۇنىڭغا "ھاي" دېمىگەنىدى. ئېلىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر سەيلىگاھىنى پارچە- پۇرات قەغەزلەر قاپلاپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا ھەم كۆنۈپمۇ كەتتۇق. سەددىچىنىنىڭ بادالىڭ ۋە مۇتيەنيۇ بۆلىكىگە ئادەتتە ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ تاش ۋە خىشلىرى ئاللىقاچان بوشاپ كەتتى، ھەممىلا يېرىنى "پېقىر كۆرگەن مەنزىلگاھ" دېگەن ئويما خەتلەر زېدە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەممە يەرنى قاپلىغان ئەخلەت- چاۋار، سودا- سېتىقنىڭ غەۋغا سادالىرى ۋە ماشىنىلاردىن چىققان ئىس- تۈتەكلەر سەددىچىنىنىڭ بىر پۈتۈن سىياقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە.

سېئۇلدىكى دې شوۋگۇڭ سارىيىنىڭ بىر تەرىپى ئاۋات كوچىغا، يەنە بىر تەرىپى ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە ئىشخانا بىنالىرىغا ياندىشىدۇ. لېكىن سېئۇللۇقلار بۇ كىچىككىنە تەۋەررۇكنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ياندىكى بىنالارنى چېقىپ، كوچىنى يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

چىم تەردى. سېئۇلنىڭ كوچىلىرىدا ماشىنىلىق ماڭسىڭىز سېئۇلنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىمۇ بىرەر كونا سېپىل قوۋۇقى ياكى بىرەر ئېغىزلىق قەدىمىي ئىبادەتخانىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، ئېگىز- ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە تەۋەررۈكلەرگە يول بەرگەنلىكىنى، ئاشۇ تەۋەررۈكلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوڭ- چوڭ يوللارنىڭ ئەگىتىپ ياسالغانلىقىنى كۆرىسىز. دېمەك، كورېيىدە مەدەنىيەت سودىغا قارىغاندا ئىنتايىن قەدىرلىك.

كورېيانلارنىڭ تەۋەررۈكلەرنى قوغداش جەھەتتىكى ئۆتتەك قىزغىنلىقى جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە "ئىش كۆرمىگەنلەرنىڭ تېرىقنى تۆگە دەپ بىلگىنى"گە ئوخشايدۇ. چۈنكى كورېيىدە كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىرەر ئۆڭكۈرنىڭ ئىزناسى، ئەسكى- تۈسكى تاش- تۇپىلار دۆۋىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمىي شەھەر خارابىسى، كىچىككىنە ئىبادەتخانا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ مۇھىم " شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى" دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەخسۇس خانا قۇرۇپ قوغدىلىدۇ. كورېيىگە بارغان نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ساياھەت خەرىتىسىدە "مۇھىم تەۋەررۈك ئىزناسى" دېگەن يەرلەرگە ئالدىراپ- تېنەپ بارىدۇ- دە، ئۇ يەردىكى تەۋەررۈك ئاتالغان نەرسىلەر قانداقتۇر كىچىككىنە بىرەر راۋاق ياكى بىرەر دانە قورام تاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىشىدۇ. لېكىن كورېيانلار بولسا ئۇنىڭدىن تولىمۇ ھەۋەس بىلەن زوقلىنىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى لىخۇا قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى جياڭيۈەنداۋ دېگەن جايدا گۈزەل مەنزىرىلىك بىر جىلغىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، تاغ قاپتىلىدا يەنە "دەريا- ئېقىنلار مەكتۇبى"، "مۇنەججىملەر رەمباللىقى" دېگەن خەتلەرنىڭ ئىزناسى بارلىقىنى بايقىدى. بۇ بايقاش پۈتكۈل كورېينى زىل- زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە بۇرۇن ئۆتكەن بىر روھچىلىق تەلىماتى ئۇستىسىنىڭ پىنھان تۇرالغۇسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ بىلەن شۇ جايدىكى

پۇقرالار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ئۇ يەرنى كۆكلۈل قويۇپ قوغدىدى. بىر نەچچە ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۇ يەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەپسىلىي تەتقىق قىلدى. كورىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇن مەبلەغ بىلەن ئۇ يەرنى ئەسلىي قىياپىتىنى قوغداش شەرتى بىلەن ساياھەتچىلەرگە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئېچىۋەتتى. نەتىجىدە ئادەمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇ جىلغا مانا ھازىر «بۇلۇتلۇق جىلغىدىكى نەغمە» نامى بىلەن كورىيىنىڭ شىمالىدىكى داڭلىق مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندى.

## مەدەنىيەتنى قوغدىغانلىق تەۋەررۈكنى قوغدىغانلىق ئەمەس

كورىيانلار تەۋەررۈكلەرنى قوغداشتا، شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

شۇڭا كورىيىگە بارغان ساياھەتچىلەر كورىيىدىكى ساقلىنىپ قالغان تەۋەررۈك ئىزلىرىغا قارىغاندا خىلمۇ خىل شەكىلدىكى ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيەت كۆرگەزمىلىرىگە ھەيران قالىدۇ.

سېئۇلغا بارسىڭىز نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەت مۇزېيلىرىنى كۆرىسىز. دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئۆرپ-ئادەت مۇزېيلىرىدا ئادەتتە كورىيانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئەلنەغمە، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ قاتارلىق ئېتنوگرافىيىسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلاردىكى كۆرۈنۈش ۋە ماددىي بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەر شارى ئۆرپ-ئادەت مۇزېيى، يېپەك كەشتىچىلىكى مۇزېيى، كورىيە تەڭگە پۇللىرى مۇزېيى، دېھقانچىلىق مۇزېيى، چىلىما كۆكتات مۇزېيى، فار-فۇر قاچىلار مۇزېيى قاتارلىقلار بار. بۇ مۇزېيلارغا قويۇلغان تەۋەررۈكلەرگە قارىغاندا ئەمەلىي كۆرسەتمىلەر تېخىمۇ جەلپكار. مەسىلەن، جىنگفۇ سارىيىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە

ئۆتكۈزۈلىدىغان سارايىنى ئېچىش ۋە تاقاش مۇراسىمىنى كۆرسىز . بۇنداق مۇراسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم- كېچەك ۋە قورال- ياراغلارنىڭ ھەممىسىدە قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ مۇراسىم پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇسلۇبتا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئېلىمىزدىكى قەدىمكىنى زورىغا دوراپ خوجا كۆردىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

كورىيىدە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە خىلمۇ خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرى، كورىيانلار ئارىسىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ياڭگېر ۋە ئەجدىھا قېيىق مۇسابىقىسىگە ئوخشاش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇدۇم قالغان مەھەللىۋى ئۆرپ- ئادەتلەر تاماشىسىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا ئاللىقاچان يوقىلىشقا قاراپ ماڭغان بۇنداق پۇقراۋى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى كورىيىدە ئىنتايىن داغدۇغا بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق پائالىيەتلەرنى پۈتۈنلەي پۇقرالار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئېلىپ بارىدۇ.

يەنە بىرى، كورىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان مېھرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇددىئاسىدىكى تەشەببۇسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان خىلمۇ خىل يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئۆرپ- ئادەت بايرىمى، پۇقراۋى مەدەنىيەت بايرىمى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مىسالەن، «چۈن شياڭ قىسسىسى» ناملىق كلاسسىك رومانىدىكى چۈن شياڭنىڭ يۇرتىغا "چۈن شياڭ سارىيى" قۇرۇلغان بولۇپ، كىشىلەر ھەر يىلى شۇ يەرگە كېلىپ چۈن شياڭغا ئاتاپ نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزىدۇ؛ مىللىي قەھرىمان لى شۇنچېننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇرتى ۋېنياڭدا "ۋېنياڭ مەدەنىيەت بايرىمى" ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى كورىيىدە "شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى" دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى 100 خىلدىن، يەرلىك ئەنئەنىۋى شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى 200 خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇلار كورىيانلارغا خاس يۇقىراۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار يەنە بۇنداق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مۇزېيلارغا ئۆلۈك ئەۋرىشكە پېتى تىزىپ قويماي، ئۇنىڭغا ئەمەلىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇلارنى كورىيانلار مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغان. كورىيانلار ئۇنداق كونسېرتلارغا ناھايىتى قىزىقىدۇ، ئۇنداق كونسېرتلارنىڭ بەزىلىرى ھەقسىز قويۇلىدۇ. لېكىن بەزىلىرىنىڭ بېلىتى ناھايىتى قىممەت بولسىمۇ، ناھايىتى نۇرغۇن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېلەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئوقۇشۇمچە ئۇنداق كونسېرتلارنىڭ ھەر كۈنلۈك بېلىتى چەكلىك بولارمىش، ئۇنداق قىلمىغاندا تاماشىبىنلار بەك جىق كېلىۋېلىپ باس- باس بولۇپ كېتىدىكەن.

كورىيانلار مىللەتنىڭ ئەنئەنە تەربىيىسىگە مائارىپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مىسالەن، بىر جۇڭگولۇق ساياھەتچى كورىيىنىڭ ناھايىتى يىراق بىر يېرىدىكى كۇلالچىلىق مۇزېيىدا نۇرغۇن ياش ئاتا- ئانىلارنىڭ باللىرىنى يېتىلەپ ئەكىلىپ، مۇزېيدىكى تەۋەررۇكلەرنى باللىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. كورىيىدىكى ئاۋام پۇقرانىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىغا ئېتىبارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلارغا شۇ ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز مەرىپەت تەربىيىسى بېرىدىغانلىقى ھېلىقى جۇڭگولۇق ساياھەتچىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق مەنزىرىنى كورىيىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەمما جۇڭگودىچۇ؟ مۇزېيلار دەرۋازىسىنىڭ ئادەتتە چۆلدەرەپ

تۇرىدىغانلىقىدىن باشقا مۇزىيدىكى تەۋەررۇكلەرنىڭ توپا- چاڭ ئىچىدە ياتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. گاھىدا ھۆكۈمەت تەرەپ ئايدا- يىلدا ئۇيۇشتۇرۇپ قالىدىغان ئۆرپ- ئادەت كۆرگەزمىلىرىنىڭ بىلىتى ھەقسىز تارقىتىلىدۇ، ئىدارە- ئورۇنلار خادىملارنى كۆرگەزمە كۆرۈشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ. لېكىن ئۇ يەرگە بارغانلارنىڭ ئالدى كىرىپ كەينى يېنىپ چىقىدۇ.

## ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى بىلمىسىزلىك

يۇقىرىقىدەك بىر- بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ھالەتنىڭ ئارقىسىدا ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تۇتىدىغان ئىككى خىل پوزىتسىيىسى مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ بابنىڭ بېشىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر شىددەتلىك سودا دولقۇنلىرىنىڭ كەلتۈرمىشلىرى ۋە بىزدىكى بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈدىغان كالتىپەملىكنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئەنئەنە جەھەتتىكى بىلمىسىزلىكىمىزنى شۇنداقلا ئۇنىڭغا بەكمۇ سەل قارايدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە كونا قورۇ- جاي قانداقتۇر ئىسكەتىدىن كېتىپ بولغان ئەسكى ئۆيدىن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىغا تەۋە سېپىل شەھەر قاتىنىشىغا كاشىلا قىلىۋاتقان بىر دۆۋە توپا- تاشتىن، كوچا ئويۇنى، قەغەز قىيمىچىلىقى، تېرە قورچاق ئويۇنى قاتارلىق قىممەتلىك پۇقراۋى مەدەنىيەت قانداقتۇر قالاقلىق ۋە "فېئوداللىق"نىڭ سىمۋولىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دۇرۇس، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت — "قالاقلىق" ۋە "فېئوداللىق"تىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ بېشىغا ئارقا- ئارقىدىن كەلگەن كۆلپەتلەر تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم كىشىلەردە

"بىزدىكى قالاقلىق ۋە زامانىۋىلىشىش يولىمىزدىكى پۇتلىكاشاڭلارنىڭ مەنبەسى — ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىكەن" دەيدىغان خاتا ئىدىيە شەكىللىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشتىن گۇمانلانغۇچىلار: "تارىختا ئۆتكەن خانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر — تۇتامى يوق يالغان چۆچەكلەر؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى شانلىق تارىخى — چويلىدا تۇرمايدىغان قۇرۇق گەپ" دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. 4- ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن، لۇ شۈن، بەي ياڭ قاتارلىق جۇڭگو زىيالىيلىرى كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىدە ئانىنىڭ تېنىدىكى ئەيدىزگە ئوخشاش "ئەجەللىك كېسەل ۋىرۇسى"نىڭ بار ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ چىقتى. لۇ شۈن ئۆتمۈشتىن مىراس قالغان جۇڭگونىڭ كونا كىتابلىرى ئاشۇنداق ئەشەددىي ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغاچقا، ياشلارنى ئۇنداق كىتابلارنى ئوقۇماسلىققا دالالەت قىلدى. بەي ياڭ "تۇغۇلۇشىدىنلا جىياڭيۇ ئىدىشىغا چۈشۈپ كەتكەن شور پېشانە جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئاشۇنداق 'كېسەللىك ۋىرۇسى'نى ئۈزۈل- كېسىل تازىلاپ، باشقىدىن ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك" دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرنىڭ كەينىدىن بىرى قوزغالغان ئىجتىمائىي دولقۇنلار ۋەجىدىن، زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋە يۇقىرىقىدەك پىكىرلەر بارا- بارا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق ئېڭىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلار شىنخەي ئىنقىلابىدىن تاكى 1949- يىلىغىچە "ئۆتمۈش پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ يېپيېڭى زامان يارالسىكەن"، "جۇڭخۇا مىللەتلىرى قەدىمكى ئۆتمۈشى بىلەن ئۈزۈل- كېسىل خوشلىشىپ، سۇمۇرغقا ئوخشاش يېڭىچە پەرۋاز قىلسىكەن"، "جۇڭگولۇقلار كونا ئەنئەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، گويا ئاپئاق قەغەزگە ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزغاندەك باشقىچە ھاياتقا ئېرىشسىكەن" دېگەندەك ئارزۇ- ئارمانلاردا بولۇپ كەلدى.

شۇڭا ئۇ زاماندىكى جۇڭگولۇقلار ئەجدادلىرىدىن قالغان

تەۋەررۇكلەرنىڭ ۋەيرانىنى چىقارغاندا ئىچىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خۇشاللىقىدا قىن- قىنىغا پاتماي قالغانىدى. 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سىپىل چېقىش دولقۇنى قوزغالدى؛ شەھەر ئاھالىلىرى "سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش ئۇلۇغۋار غايىسى"نىڭ تۈرتكىسىدە كېچە- كۈندۈز دېمەي "ئۆزى خالىغان مەجبۇرىيەت ئەمگىكى"گە خالىسانە قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بارماي نەچچە مىڭ يىللىغان قەدىمكى سىپىللارنى چېقىپ تۈگەتتى. شۇ چاغلاردا بەزىلەر ھەتتا بېيجىڭدىكى خان سارىيىنىمۇ تۈزلىۋەتمەكچى بولۇشقانىدى. 1958- يىلى تۈزۈلگەن «بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى ھەققىدە ئىزاھ»تا "كونا بېيجىڭ شەھىرىنى ئۈزۈل- كېسىل ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قورشاۋ ۋە ئاسارەتلىرى قەتئىي بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. جۈملىدىن خان سارىيى ئۆزگەرتىلىپ، چۆرىسىدىكى سىپىل ۋە پەشتاقىنىڭ قورشاۋ تاملىرى بىردەك چېقىپ تاشلىنىدۇ؛ سىپىل ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سىرتىدىكى خەندەك ئىككىنچى ئايلانما يولغا ئۆزگەرتىلىدۇ" دەپ بېكىتىلگەنىدى. تەلىيىمىزگە ئۇ لايىھە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى. ناۋادا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولسا، ھازىرقىلار خان سارىيىنىڭ سىرتىدىكى بىنەپشە سىپىل، قىرلىق راۋاق ۋە خەندەك سىپىلنى ئەبەدىي كۆرەلمىگەن بولاتتۇق.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا كەلگەندە تازا ئەۋجىگە چىقتى. قىسقىسى، 4- مايدىن تارتىپ تاكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جۇڭگولۇقلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن يىراقلاپ كەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارغا "جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ئەنئەنە ــ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى، ئۇلاردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق نەرسىلەر" دېگەن تەربىيە سىڭدۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن "تۆت كىتاب"، "بەش دەستۇر" قاتارلىقلار "زەھەرلىك چۆپ" قىلىۋېتىلىپلا قالماي، ھەتتا بېيجىڭ

قەدىمىي شەھىرىمۇ جىنايەتنىڭ سىموۋلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن "بېيجىڭ قەدىمىي شەھىرى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىشنى مۇھىم نىشان قىلغان؛ شۇڭا ئۇنىڭدىكى ئىمارەتلەر خان سارىيى يادرولۇقىدىكى ئوردا ۋە ئىبادەتخانىلارنى ئاساس قىلىدۇ؛ قەسىرنىڭ سىرتىدىكى قاتمۇ قات سېپىللار ئۆزىنى ھەممىدىن ئەزىز چاغلاپ ئۆزىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى قوغداشنىلا ئويلايدىغان فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دېھقانلارنىڭ 'ئىسيان'لىرىدىن مۇداپىئەلىنىش قورالى" دېگەن ئىدىيە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. دېمەك، 60 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، 40- 50 ياشلار چامىسىدىكى زىيالىيلار، ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ياشلار، قىسقىسى، جەمئىيىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تىزگىنىنى ئىلكىدە تۇتقان نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دەل يۇقىرىقىدەك تەربىيە ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىكى كلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت تېكىستلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىگە بولغان قارىشى مۇجەسسەملەنگەن. بۇ بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كۆكرى، مېگىزلار چىرىك ئەقىدىلەرنىڭ قاتمال قەسىدىچىلىرى؛ "ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىق، رەھىمدىللىك، ئىنساپ- دىيانەت"، "چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش" دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر فېئوداللىق ئەخلاق ئېتىكىسىنىڭ ئىپادىلىرى؛ نەسەب تەزكىرىسى تۈزۈپ، ئەجدادلارغا ئاتاپ نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈش قانداقتۇر چىرىكلىكنى يامرىتىدىغان فېئودال خۇراپاتلىق؛ چاڭچېلە، يەرلىك تىياتىر دېگەنلەر قانداقتۇر ھاڭ- ھاڭ دەپ ھاڭراشتىن ئۆزگىنى ئۇقمايدىغان زېرىكىشلىك نەرسىلەر؛ "تۆت ئىدىيە سەككىز ئېتىقاد"، "تەرىقات تەلىماتى"، "ئىدىئالچىلىق تەلىماتى" قاتارلىقلار قانداقتۇر چۈشەنگىلى بولمايدىغان يات نەرسىلەر ھېسابلاندى.

شۇڭا، بېيىغان دېھقانلىرىمىز ئالدى بىلەن ئۇزاق يىللىق

تۇرالغۇسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا مۇز يېغىپ تۇرىدىغان سېمونت ئۆيلەرنى سالىدىغان، نەچچە ئون ئەۋلاد ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تەۋەررۇك ئۆي جاھازلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پەنەركىلىك سايمانلارنى ئالماشتۇرىدىغان بولۇۋالدى. شەھەر باشلىقى، ھاكىم ۋە بازار باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلەر "خەلققە بەخت- سائادەت يارىتىش" شوئارى بىلەن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا تېرىپېرەن قىلىۋېتىپ بارىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز تەۋەررۇك ئوغرىلىرىغا زەربە بېرىش پائالىيەتلىرىدە ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغانچىلىك كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئەنئەنىۋى بايراملارنىڭ كەيپىياتى بارا- بارا سۇسلىشىپ، چوڭ- كىچىكنىڭ ھەممىسى گەرچە نېمىلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ روژدېستۋوغا ئوخشاش ئەجنەبىيلەر بايرىمىنى داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كەتتى. قىسقىسى، 1 مىليارد 300 مىليون جۇڭگولۇقتىن زادى قانچىلىكىمىز تارىختا دەھشەتلىك يوقىتىشلارغا ئۇچرىغانلىقىمىزنى ھېس قىلالىدۇق؟ زادى قانچىلىكىمىز مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىز ۋەجىدىن ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا مەڭگۈ ئورنىغا كەلمەيدىغان گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى، ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا نەقەدەر ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتەلىدۇق؟!

## بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ ئاقىۋىتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۇقراۋى مەدەنىيەتنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بىر زات مۇخبىرغا ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېدى:

"نۆۋەتتە بىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تۇخۇمى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدۇق. تۇخۇمى قۇرۇپ كەتكەن نەرسىنى قايتا

كۆكلىتىش ناھايىتى تەس. 'مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى' مەزگىلىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە بولغان بۇزغۇنچىلىق تازا ئەۋجىگە چىقتى. بېيجىڭدا نەق 60 يىل تۇرغان بىر چەت ئەللىكنى تونۇيتتىم. ئۇ بۇ يىل 80 گە كىردى. ئۇ، ماڭا 'مەن بېيجىڭدا بەش ئەۋلاد جۇڭگولۇق بىلەن تونۇشتۇم؛ مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بولۇپمۇ جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ بىلىم دائىرىسى، ۋەزنى، ساپاسى ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم' دېگەنىدى. دېمىسىمۇ 50 يىلدىن بۇيان بىز جۇڭگولۇقلار ئارىسىدىن جۇڭگو بىلەن غەربنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئۇستازلارنى چىقمىدى دېسەكمۇ بولىدۇ. 4- ماي ھەرىكىتىنىڭ ئىزچىللىقى ئۈزۈلۈپ، ئاخىرى مەدەنىيەت مۇنبىرىمىزدە ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغۇدەك نەرسىلەر قالمىدى."

بۇ زاتنىڭ بايانى ئەنئەنىنى ۋەيران قىلىش پوزىتسىيىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئېغىر تالاپەتكە دۇچار قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى.

ئەنئەنىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ بىرىنچى ئاقىۋىتى ئۆزىمىزنى كەمسىتىش تۇيغۇمىزنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدە ئىپادىلەندى.

ۋەتەن دەرۋازىسى ياتلارنىڭ توپ- زەمبىرەكلىرى بىلەن ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەجنەبىيلەر ئالدىدىكى پوزىتسىيىمىز ئۆزىمىزنى قارىغۇلارچە چوڭ تۇتۇشتىن بىراقلا ئۆزىمىزنى قارىغۇلارچە پەس كۆرۈشكە ئالماشتى. يەنە كېلىپ بۇنىڭغا "مەدەنىيەت ۋىرۇسى تەلىماتى" نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن "بىز خەق ئەسلىدە تۇغۇمىمىزدىنلا ئەجنەبىيلەرگە يەتمەيدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ ھە دېسىلا ئىلگىرى كېتىپ بىزنىڭ ئارقىدا قېلىشىمىز بىكار ئەمەسكەن" دېگەن ئويغا كەلدۇق.

ھەر كۈنلۈك تېلېۋىزىيە خەۋىرىدىن ياۋروپا- ئامېرىكا سىياسىيونلىرىنىڭ كاستۇم- بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ يۈرگەنلىكىنى، يۇمۇلاق شىرە يېنىغا قاتنىشىۋاتقان ئەرەب ئەللىرى كاتتىۋاشلىرىنىڭ

ئۇزۇن پەرەنجە ۋە ئاق تەقىيە كىيىۋالىدىغانلىقىنى، ئافرىقا ئەللىرى باشلىقلىرىنىڭ يېشىل تون كىيىپ چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ھىندىستان پرېزىدېنتىنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى پىل مىنگەن ھۆرمەت قاراۋۇلى بىلەن قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى، ياپون ئاياللىرىنىڭ ئۇچىسىغا كىمونو كىيىپ كوچىلارغا كېلىپ كىشىگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ يۈرگەنلىكىنى... قىسقىسى، دۇنيادىكى ئەنئەنىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغان مەدەنىيەتلىك چوڭ ئەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان روشەن مەدەنىيەت بەلگىسى بىلەن ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

پەقەت دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي ئەلنىڭ پۇقرالىرىدىن بولمىش بىز جۇڭگولۇقلار دۆلەت مۇراسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە پۈتۈنلەي "خەلقئارا ئۆلچەم" بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۇچىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيمەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، خاسلىقتىن مەھرۇم قېلىۋاتىمىز.

ئەنئەنىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ ئىككىنچى ئاقىۋىتى مىللىي تەرەققىياتىمىزدىكى مەۋقەسىزلىك ۋە ئىجتىمائىي ئېتىكا ھەققىدىكى قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئېغىر قالايمىقانلىشىپ كېتىشىدە روشەن ئىپادىلەندى.

خۇۋ رېنجى ئاقساقال بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇغان ئادەمنىڭ ئەسلىمىسى بولمايدۇ؛ ئەسلىمىسى بولمىغان ئادەم مۇكەممەللىكتىن مەھرۇم قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ: مىللەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش؛ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى چۈشەنمىگەن مىللەتنىڭ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى راۋاجلاندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس."

دېمەك، بىز "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" چۈشى بەربات بولغاندىن كېيىن، كۆرەش قىزغىنلىقى ۋە ئەنئەنىنىڭ ھىماتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى بايقىدۇق. "قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى

كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش" دېگەندەك غايىۋى شوئارلارنى ئاغزىمىزدىلا توۋلىدۇق- يۇ، لېكىن "ئاددىي- ساددا ۋە كەمتەر بولۇش"تەك ئەقەللىيلىكنى ئاللىقاچان تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈپ تاشلىۋەتتۇق. ئەخلاقنىڭ ئۇنۇملۇك كونتروللۇقىدىن ئايرىلغان بازار ئىگىلىكىمىز چىرىكلىك ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئەخلاق جەھەتتە بەربات بولۇشقا يۈزلەندى. ئىقتىساد قانچىكى گۈللەنگەن جايلاردا ئوغرىدىن ساقلىنىش دېرىزىلىرىنى شۇنچە ئېگىز ۋە پۇختا ياساشقا مەجبۇر بولدۇق. بازاردىكى مىتە چۈشكەن گورۇچ، سوپۇن پارىشوكى ئارىلاشتۇرۇلغان پىلتە قويماق دېگەنلەر بىلەن بىر- بىرىمىزگە زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈشكە باشلىدۇق.

ئەنئەنىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ ئۈچىنچى ئاقىۋىتى ياشلارنىڭ ئەجدادلاردىن مىراس قالغان قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقىدىن ياتلىشىپ كېتىشىدە ئىپادىلەندى. مەدەنىيەت تارقىتىش — كۆز بىلەن كۆرۈپ، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش جەريانىدۇر. شۇڭا ئۇ بەلگىلىك مۇھىت ۋە شارائىتقا موھتاج. ھالبۇكى، ياشلىرىمىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھىر ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. شۇڭا، ئۇلار ئەجنەبىيلەرنىڭ "ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمى"نى بىلىدۇ- يۇ، لېكىن شەرقلىقلەرنىڭ 7- ئاينىڭ 7- كۈنىدىكى يىگىت- قىزلار جەم بولۇش بايرىمىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايدۇ؛ ئۇلار ئۆزىچە سىمفونىيىلەرنى ئاڭلاپ كېتىدۇ- يۇ، لېكىن ئېزىپ- تېزىپ چاڭچىلە ئاڭلاپ قويۇشنى خالىمايدۇ؛ ياش سەنئەتكارلار ھە دېسىلا غەرب سەنئىتىنىڭ چوققىسىغا چىقىشقا ئىنتىلىپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ- يۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى سەنئەت ئۇستىدە كاللا قاتۇرۇپ بېقىشنى خالىمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ياشلار بارا- بارا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ياتلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى

ياشلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە "باشقىلارنىڭ نەرسىسى"گە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ.

## كورىيانلار بىزگە شۇنى تونۇتتى

كورىيانلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىمىزدا، ئۇلاردىكى مىللەت ئىپتىخارلىقى تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن بايقايسىز. ئۇلاردىكى بۇ خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللەت تارىخى ۋە مىللەت مەدەنىيىتىگە بولغان سۆيۈنۈشلىرىنى مەنبە قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، باشقا ئەل خەلقلىرى كورىيانلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەكلا كۆپتۈرۈۋېتەمدىكىن، دەپمۇ قالىدۇ. مىسالەن، بىر جۇڭگولۇق يەنە كورىيان بىلەن پاراڭلىشىپ قالغۇدەك بولسا، ھېلىقى كورىيان ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ يېزىقنى، مىخ مەتبەئەنى، ياپون قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىشتە تاشپاقىسىمان كېمىنى كەشىپ قىلغانلىقىنى زوقلىنىپ سۆزلەپ كېتىدۇ؛ ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمانلىرىدىن لى شۇنچېن، ئەن چوڭگېنلارنى، شەرقنىڭ كۈڭزى- مېڭزىسى دەپ تەرىپلىنىدىغان مۇتەپەككۇرلىرىدىن لى تۇيشى، لى لىگۇلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. كورىيانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كورىيە مەدەنىيىتىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ۋە ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور مەدەنىيەت دەپ، كورىيانلارنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق مىللەت دەپ بىلىدۇ. كورىيانلار ئېھتىمال ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدىغاندۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ مىللەت روھىنى ئۇرغۇتۇش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.

كورىيىگە بېرىپ باققانلار ئۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇلىرىدا ئوغرىدىن ساقلىنىش ئىشىكى، قوغدىنىش رىشاتكىسى دېگەنلەرنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ زادى قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ؛ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن كورىيىنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە مائارىپتا ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيدۇ. دېمەك، بۈگۈنكى كورىيە — ئىسمى- جىسمىغا لايىق "ئەدەپ- يوسۇنلۇق ئەل"دۇر.

كۈڭزى تەلىماتى ئەنئەنىسى كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى روشەن رول ئوينىدى. يەنى "خەنجىياڭ مۆجىزىسى"نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، كورىيانلار كۈڭزى ئېتىكىسىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەجايىپ رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى؛ كورىيە زىيالىيلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۆملەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇڭا، مانا ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى كورىيە تەتقىقاتچىلىرى "كورىيىدىكى تېز تەرەققىياتنىڭ مۇھىم سەۋەبكار ئامىلى — كۈڭزى ئېتىكىسىدۇر" دېگەن ئورتاق تونۇشقا كەلدى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا، كورىيىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش مەنزىلىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم قويالىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش بىلەن ئۈزۈل- كېسىل خوشلىشىپ، "فېئوداللىق مەدەنىيەت"نى گويا جۇڭگولۇقلاردەك قەتئىي نىيەت بىلەن پاچاقلاپ تاشلاپ، پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن يېپيېڭى تۈس بىلەن ياۋروپا- ئامېرىكا پەدىسىگە چۈشەلىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى لازىم ئىدى.

بىراق، بىز "فېئوداللىق"، "قالاقلىق" دەپ بىلىپ ئاللىقاچان چۆرۈۋەتكەن شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئەنئەنىلەرنىڭ كورىيىدە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى نەدىن بىلەيلى!

كورىيىگە بېرىپ باققان جۇڭگولۇقلار كورىيانلارنىڭ تاۋۇز چاغنىنى شۇنچىۋالا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا ھەيران قالىدۇ. دۇرۇس، تاۋۇز چاغنى بىزدە قانۇنىي بايرام ئەمەس، شۇڭا، ئانچە قىزىمايدۇ. لېكىن كورىيىدە بولسا، تاۋۇز چاغنىدا پۇقرالار ئۈچ كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ مەملىكەت بويىچە تەنتەنە قىلىنىدۇ؛ شۇڭا بۇ چاغدا كورىيىدە چاغان مەزگىلىدىكى جۇڭگوغا ئوخشاشلا قاتناش قىستاڭلىشىپ كېتىدۇ؛ ھەممە ئادەم ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ ئەجدادلىرىنىڭ ھېممىتىگە شۈكۈر ئېيتىپ نەزىر- چىراغ قىلىشىدۇ. دېمەك، كورىيانلار چاغان، چوكانتال بايرىمى، تاگۇزۇگزا بايرىمى ۋە تاۋۇز چاغنى قاتارلىق ئەنئەنىۋى بايراملارغا روزدېستۋوغا ئوخشاش ئەجنەبىيلەر بايرىمىغا قارىغاندا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەنئەنىۋى بايراملار ھەقىقىي "بايرام"، ئەجنەبىيلەر بايرىمى بولسا پەقەت بىر كۆڭۈلخۇشلا، خالاس.

كورىيىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئائىلە باشلىقىنىڭ شۇ ئائىلىدىكى نوپۇزى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بەزى كورىيانلار ھەر يىلى 2-ئاينىڭ ۋە 8- ئاينىڭ 1- كۈنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە كۇڭزى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، كۇڭزىغا ئاتاپ نەزىر بېرىدۇ؛ بېشىغا ئۆلىمالار تەقىيىسى، ئۇچىسىغا تون كىيىپ، كۇڭزى- مېڭزىلارغا ھۆرمەت بىلەن باش قويىدۇ. ئېلىمىزدە فېئوداللىق زامانىسىغا تەۋە بىلىم يۇرتلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. لېكىن كورىيىدە ھازىرمۇ مەھەللە مەدرىسىلىرىدىن 281 ى، بىلىم يۇرتىدىن 84 ى بار. بۇ ئورۇنلاردا "ساداقەتمەنلىك- ۋاپادارلىق تەربىيىسى سارىيى" تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا كۇڭزى تەلىماتىغا ئائىت ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. كورىيىنىڭ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت ئەخلاقى "ۋاپادارلىق، قەدىردانلىق، ساداقەت، ئىخلاس، ئەدەپ، ئىنساپ، پاكلىق، نومۇس"نى ئۆز ئىچىگە ئالغان "سەككىز ئىلتىپات" ئاساسىغا قۇرۇلغان.

دېمەك، يۇەن سۇلالىسى زامانىسىدا جۇڭگودىن كىرگەن «جۇزى — ئائىلە ئەدەپ- ئەخلاقى» تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ كورېيىدە ئائىلە ئېتىكىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق، نەچچە ئەسىرلىك تارىختا ئىگە كۇڭزى تەلىماتى جۇڭگودا ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بىراق كورېيىدە بولسا ئاز- تولا ساقلىنىپ قاپتۇ. شۇڭا، ھازىر كۇڭزى تەلىماتىغا ئائىت كونا قائىدە- يوسۇنلارنى بىلىپ باقماقچى بولغان جۇڭگو ئالىملىرى كورېيىگە بېرىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

مۇشۇ قۇرلار قىسمەن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئېھتىمال غەرىبلىكلەرگە ئوخشاش يېڭىياچە تۇيۇلۇۋاتقاندۇر. بىر قىسىم غەرب ئالىملىرى كورېيىنى: "كۇڭزىچى ئەللەرنىڭ تىرىك شاھىدى" دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ، جۇڭگونىڭ سارغىيىپ كەتكەن كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى بىر قىسىم خاتىرىلەرنىڭ قىسمەن رېئاللىقىنى كورېيىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

دېمەك، كورېيانلار بىرگە ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ بىر- بىرىگە زىت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. قىسقىسى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇ ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنى زامانىۋىلىققا جۈنەيدىغان مۇھىم ئېنېرگىيىدۇر.

كورېيانلاردىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشقا بەل باغلىغان مىللەت چوقۇم ئىچكى كۈچ- قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى لازىم، بۇ كۈچ- قۇدرەت ئۆزىنىڭ تارىخى ۋە ئەجدادلىرىغا بولغان ھۆرمەتتىن كېلىدۇ؛ بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىقى ئۇنىڭ ماددىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىلا ئەمەس، مۇھىمى مەنىۋى يېتۈكلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## ئىككى خىل سۈرئەت

دۈرۈس، كورىيانلار ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى دانىشمەنلەردىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇلارمۇ بەزى تاسادىپەن سەۋەنلىكلەر ۋەجىدىن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئۆزلەشتۈرەلىدى.

بىرىنچىدىن، كورىيە چەت- ياقىغا جايلاشقان ئارال دۆلەت بولغاچقا، تارىختا جۇڭگوغا قارىغاندا ئۇزۇن مۇددەت قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگولۇقلار ئەجنەبىيلەر بىلەن باردى- كەلدىنى باشلاپ غەربتىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ بولغان چاغلاردا، كورىيە يەنىلا قاتتىق بېكىنمىچىلىك ئىچىدە قەدىمكى ئەنئەنىدىن بىر قەدەممۇ تايماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالدى. جۇڭگو تارىخىدا بىر قىسىم زىيالىيلار ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاش خۇسۇسىدىكى زور كۆلەملىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئارقىمۇ ئارقا ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ئەنئەنىۋى ئامىلنى ئاساسەن دېگۈدەك سۈپۈرۈپ تۆگەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، كورىيانلار گەرچە مۇنقەرز بولۇپ ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە يېڭىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى ئاڭنى مەقسەتلىك يېڭىلاش ھەققىدە سىستېملىق ھەرىكەت قوللانمىدى.

ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ چەت- ياقا سەھرالىرى ياكى ئىلگىرى بىر مەھەل گۈللەنگەن بولسىمۇ كېيىن قاتناش قاتارلىق چەكلىمىلەر ۋەجىدىن كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەس بولۇپ كەتكەن بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىدا مىللىي يوسۇن ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يەنىلا قېيۇق ساقلىنىپ قالدى. مىسالەن، گۇاڭدۇڭ بىلەن فۇجيەن چېگرىسىدىكى يەرلىك خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى ھازىرقى كورىيىنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، كورىيىنى بېسىۋالغان ياپونىيە ئىستېلاچىلىرى

ئەينى چاغلاردا كورېيانلارنىڭ ئۆرپ- ئادەت ۋە تىل- يېزىقىنى يۇتۇنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەممىدە ياپونلاشتۇرۇشنى يولغا قويغانىدى. لېكىن، بۇ ھەرىكەت كورېيانلارنىڭ مىللەت ئەنئەنىسىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئەكسىچە ناھايىتى كۈچەيتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن كورېيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، كورېيىدە مىللەتپەرۋەرلىك مىللەت روھىنى ئۇرغۇتىدىغان مۇھىم مەنىۋى يېتەكچىگە، مىللەت غۇرۇرى مىللىي مائارىپنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا، مىللەت ئەنئەنىسى ۋە مىللەت ئالاھىدىلىكى كورېيانلاردىكى مىللەت ئېيتىخارلىقىنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندى.

دېمەك، جۇڭگو بىلەن كورېيە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىدە تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى كورېيە ئىقتىسادى دەسلەپكى قەدەمدە گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان، ھەمدە كورېيە زىيالىيلىرىمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقانىدى. جۈملىدىن نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى پۈتكۈل كورېيە خەلقىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ كاشىلىسى بولمىش ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلاشقا دەۋەت قىلىشقانىدى. لېكىن كورېيانلارنىڭ تەلىيىگە چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن بىر قىسىم كورېيانلار كورېيە دۆلىتىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پەرقى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇق كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى خارابىلىشىشتىن ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالىدى.

كورېيانلارمۇ شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەسىلىسىدە بىر مەھەل ئەگرى يولدا مېڭىپ باققانىدى. جۈملىدىن 20- ئەسىرنىڭ 60- ، 70- يىللىرى ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كورېيىدىمۇ شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى بىر مەزگىل سولۇپ كېتىش خاھىشى كېلىپ چىقتى. لېكىن، بىر قىسىم

دانىشمەنلەرنىڭ قاتتىق تەشەببۇسلىرى بىلەن پۈتكۈل كورىيە جەمئىيىتى تېزدىن ھەرىكەتكە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن كورىيە شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

نۆۋەتتە، مانا بىز جۇڭگولۇقلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-، 70-يىللىرىدىكى كورىيانلارغا ئوخشاش، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش جەھەتتە ئەگرى يولدا مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ يەتتۇق. جۇملىدىن پۇقرالاردىن تارتىپ ھۆكۈمەتكىچە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقتە ئويغىنىشقا باشلاپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە كىرىشتى.

لېكىن، كورىيانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چاقماقتەك ھەرىكىتىگە سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ ئويغىنىشىمىز بەك ئاستا بولىۋاتىدۇ.

نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار ئىكەنلىكىنى بارا-بارا تونۇپ يەتتى. ھالبۇكى، بەزى جايلاردا تەۋەررۈكلەرنىڭ سودا قىممىتىنىلا قوغلىشىدىغان خاھىش كېلىپ چىقتى. نۇرغۇن جايلار قەدىمكى ئىمارەتلەرنى قۇرت-قوڭغۇزلارغا يەم قىلىپ بەرگەننى ئاز دەپ، يەنە ئۇ يەرلەرنى كونا پاسوندىكى كىنوخانىلارغا ئايلاندۇرۇۋالدى. يەنە بىر قىسىم جايلار "ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىش" داۋامىدا مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەۋەررۈك تۇرالغۇلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بۇزۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەۋەررۈكلەر يا كونىسىغا، ياكى يېڭىسىغا ئوخشىمايدىغان بىر نېمىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

ھازىر نۇرغۇنلىغان ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە بىر قىسىم مەشھۇر زاتلار يەر ئاستىدىكى تەۋەررۈكلەرنى قوغداپ قېلىشنى مۇراجىئەت قىلىشماقتا. لېكىن، بىر قىسىم جايلاردا ھۆكۈمەتلەر بۇ جەھەتتە كۈچلۈك تەدبىر ۋە ئاكتىپ ھەرىكەت قوللانمىدى. مىسالەن، 2001-يىلى ئېلىمىزدىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور ھەيتىلىك گېزىت —

«جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان شىنجاڭ تەكلىماكانىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقلارنىڭ ئوغرىلىنىپ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. لېكىن 2003- يىلىغا كەلگەندە بولسا ئۇ يەردىكى بۇ بۇزغۇنچىلىقنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاشتى. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ يۈجۇڭ بۇ ھالەتنى "ھەممىنى ئوغرىلاپ تۈگەتتى" دېگەن بىر جۈملىگىلا يىغىنچاقلايدۇ.

نۇرغۇن جايلاردا شەكىللىك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەت تۈسىدىكى شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى تېخىچە نەزەرگە ئېلىنغىنى يوق. نەچچە ئون ئۇنىۋېرسىتېت ھەتتا ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەرسلىك پىلانىدىن چىقىرىپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت ۋازارىتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەنئەنىۋى تىياتىرلارنى كۆرستىش لازىملىقىنى، نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى ھەر بىر نورۋېگىيىلىكنىڭ 15 ياشقا كىرگىچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ماھارىتىدىن بىرنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. ئەمما ئېلىمىزدە بولسا شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا تېخىچىلا پۇقرالارنىڭ ئىستېخىيىلىك ھەرىكىتىگە تايىنىۋاتىمىز.

قىسقىسى، شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئالدىراۋاتىمىز- يۇ، لېكىن نەچچە ئەسىردىن بۇيان كۆنۈپ كەتكەن "تەپسە تەۋرىمەس" ئادىتىمىز بويىچە لايغەزەللىك قىلىۋاتىمىز. مۇشۇ بويىچە ماڭساق بىز ئويغىنىپ بولغىچە ئېھتىمال ئويغىنىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئەي! جۇڭگولۇقلار، بالدۇرراق ئويغىنايلى. ئۆلگەندىن كېيىن ئوقۇغان ياسىنىڭ نېمە پايدىسى!

# كورىيىلىكلەردىكى مىللەتپەرۋەرلىك

## (1)

”ئىتتىپاقلىق — كۈچ“ دېگەن گەپنى بىلمەيدىغىنىمىز يوق. لېكىن، نۇرغۇن چاغلاردا ئۇنىڭغا دېگەندەك ئەمەل قىلىپمۇ كەتمەيمىز.

بۇ ھەقتە باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇنداق ئىككى مىسالنى دەپ بەرسەملا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بىر تەيۋەنلىك جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كورىيىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەرقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن بۇ يىل كۈزدە ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىدىن قۇرۇلۇش مېخانىكىسى فاكۇلتېتىغا ئالماشماقچى بولغانىدىم. ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بولغان تەيۋەنلىك دوستلىرىمدىن ئىلگىرىكى ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرماقچى بولغانىدىم. لېكىن ئۇلار ‹بىرىگە بېرىپ تۇرغانىدىم، كىمگە بەرگەنلىكىم يادىمدا يوق›، ‹ئىمتىھان تۈگىگەندىلا تاشلىۋېتىپتىمەن› دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. بۇ يەردە ئۇلارنى راست ئېيتتى ياكى يالغان ئېيتتى دەپ نېرى- بېرى گەپ قىلىپ ئولتۇرغۇم يوق. ئۇ چاغدا مەن پەقەت يېڭىدىن كەلگەن بولغاچقا، مېنى يات كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، دەپلا ئويلىغانىدىم. شۇڭا ئامال بولماي ئاخىرى ئۇ ماتېرىياللارنى كورىيىلىك دوستلىرىمدىن ئارىيەت ئالدىم. ئۇلار ھەتتا ماڭا 1980- يىلدىن بۇيانقى ئىمتىھان سوئاللىرىنى يىغىپ قويغانلىقىنى زوقلىنىپ سۆزلەپ بەردى. قاراپ باقسام ئۇلارنىڭ يىغما ماتېرىياللىرىنىڭ بەزىلىرىنى تەيۋەنلىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئالغانىكەن.

تــۇرۇپلا ئاشــۇ تەيۋەنلىــك باللارنىــڭ ســاقلاۋاتقان ماتېرىيــاللىرىنى باشقىلارغا بەرسە بېرىــدۇكى، لېكىن ئۆز ئــادەملىرىگە بېرىــپ تۇرۇشنى خالىمايــدىغانلىقىغا ئەپسۇســلاندىم. كېيــىن ئۇقســام، كورىيىلىــك ئوقۇغــۇچىلار يىغىــپ ســاقلىغان ئۇنــداق ماتېرىيــاللىرىنى تــوپلاپ كېيىــنكىلەرگە قالدۇرىــدىكەن، ھەم مەخســۇس بىــرەيلەن يىغىــپ ساقلايدىكەن. ئالدىنقىلار كۆچەت تىكسە كېيىنكىلەر سايىداپتۇ دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ. بىراق، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا 'ئالدىنقىلار كۆچەتنى كېسىۋېتىپ، كېيىنكىلەرنى ئاپتاپتا قويۇپتۇ' دېگەندەك ئىشلار ساماندەك. شۇڭا ئۇنداق ئىشلارنى كۆرسەك ئانچە ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەي پەقەت 'ھەي، جۇڭگولۇق- تە!' دەپلا قويىمىز."

"ھەي، جۇڭگولــۇق- تە!" دېــگەن بــۇ گەپ ئوقۇرمەنلەرنىــڭ ھەممىســىگە بەش قولــدەك تونــۇش. شــۇنىڭغا ھەيــرانمەن: "ئىتتىپاقسىزلىق" زادى قاچاندىن باشلاپ بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ قاشقىسى بولۇپ قالغاندۇر؟

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەي. ھازىر نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئىنتېرنېت ھەۋەسكارلىرى توردا كورىيە ئويۇننى ئويناپدىغان بولۇپ كەتتى. بىر جۇڭگولۇق توردا تونۇشۇپ قالغان كورىيىلىك تورداشلىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ سۆز قالدۇرۇپتۇ:

"كورىيانلار بەك ئۆم ئۆتىدىكەن. بىرەر يېڭى ئويۇن باشلىنىشى بىلەن بىر قىسىم كورىيان تورداشلار بىر- بىرىگە زىچ ماسلىشىپ، بىرىنچى ئۆتكەلگە ھەمكارلىشىپ ھۇجۇم قىلىدىكەن. ئاندىن ئارقىغا قايتىپ باشلامچىلىق بىلەن تېخىمۇ نۇرغۇن ھەمكارلارنى يېتەكلەپ قىيىن ئۆتكەلدىن تەڭ ئۆتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتەر- ئۆتمەيلا يەنە بىر مۇنچە كورىيانلار يېڭىپ چىققانلار قاتارىغا قوشۇلىدىكەن."

"ئىشقىلىپ قانداقلا ئويۇن بولمىسۇن جۇڭگولۇقلار، ئامېرىكىلىقلار ۋە رۇسلار يەككە ئېلىشىشتا كورىيانلاردىن يامان. لېكىن كورىيانلارنىڭ

قىممەتلىك يېرى كوللېكتىپ روھى بىلەن ئۆز ئارا ماسلىشىشتا."

"بۇگۈن تۇردا بىر جۇڭگولۇق تۇرداش ماڭا 'جۇڭگولۇقلار بەك سوغۇق تەلەت كېلىدىكەنمىز، يېڭىياچىلارنى يېتەكلەش دېگەننى ئۇقمايدىكەنمىز' دەپ دادلاپ بەردى. بۇ مېنىڭچە بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نېمىلا بولمىسۇن بىز ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز كېرەك- تە!"

يېڭىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئەلۋەتتە يېڭىدەك ئاڭلىنىدۇ. لېكىن ئۇنى ئىچكىرىلەپ تەپسىلىي ئانالىز قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ماھىيەتنى بايقىيالايمىز. ئەدناسى، ئىنتېرنېت توردەك كىشىلەر ۋاي دەپ كەتمەيدىغان بۇلۇڭ- پۇچقاقتىمۇ جۇڭگولۇقلار بىلەن كورىيانلارنىڭ ئەمەلىيەتتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان "قۇمدەك چېچىلىپ يۈرۈش" بىلەن "ئۆملۈكتە ھەمكارلىشىش" جەھەتتىكى ئاسمان- زېمىن پەرقتىن ئادەم ھەيران قالىدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر جۇڭگولۇقلار ئۆزىمىزنىڭ قاراشلىرى. ئۇنىڭدا ئۆزىنى كەمسىتىش ئېڭىنىڭ ھاكىملىقىدىكى بەزىبىر ئارتۇقچە گۇمانىي قاراشلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا كورىيانلار جۇڭگولۇقلارغا قانداق قارايدىغاندۇر؟

شېن شىڭيۇڭنىڭ تازا بازار تاپقان «مەن كورىيىلىك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر ئابزاس تەسۋىر بار:

"بىر كۈنى بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بىلەن يەنە بىر كورىيىلىك ئوقۇغۇچى ئۇرۇشۇپ قالدى. ئاڭغىچە بىر مۇنچە كورىيىلىك ئوقۇغۇچى ئولىشىپ كېلىپ ھېلىقى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇپ مەلەق قىلىۋەتتى. ياتاقتىكى باشقا كورىيىلىك ئوقۇغۇچىلار تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ ھېلىقى ئۇرۇشقان كورىيىلىك ئوقۇغۇچىغا بولۇشۇۋاتقان چاغدا بولسا باشقا جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار چەتتە كۆرمەسكە سېلىپ قاراپ تۇردى."

بۇ كورىيان يىگىت يۇقىرىقى تەسۋىرنى بېرىشتىن ئىلگىرى مۇنداق

دەپ يازغانىدى: ”مېنىڭ ياپونىيىدىكى ياتىقىمدا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەت — كورىيە، جۇڭگو ۋە ياپونىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياشلار بىللە ياشايتتۇق. شۇڭا، مەن بۇ ئۈچ دۆلەت ياشلىرىنىڭ خاراكتېرىنى بىر- بىرىگە سېلىشتۇرۇپ باققانتىم.“ بۇ كورىيان يىگىت قارىغاندا يېزىشقا ناھايىتى ئۇستا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇ بايىقى بايانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولۇپلا جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىگە باھا بەرمەي، ئەكسىچە باشتىكى تەسۋىرنى بەرگەنىدى. لېكىن ئاشۇ تەسۋىردىن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇرسا، ئۇنى يەنە باھالاپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى!

**(2)**

بىر مىللەت ”ئۆملۈك“نى ئۆزىنىڭ خاراكتېر بەلگىسى قىلالىسىلا، ئۇ مىللەت باشقىلارنى ئەيمەندۈرەلەيدۇ.

2000- يىلىنىڭ ئاخىرى كورىيىدىكى بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى كوچىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىپ ئۇلاردىن: ”يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى يىلغا قانداق ئۈمىد- ئارزۇلارنى باغلىدىڭىز؟“ دەپ سورىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك: ”ئېلىمىزنى پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىدىن تېزرەك قۇتۇلۇۋالسىكەن، دېگەن ئارزۇدىمەن“ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ھەتتا يەتتە- سەككىز ياشلاردىكى بىر بالىمۇ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى ئويلاپ يۇقىرىقىدەك جاۋابنى بەردى.

كورىيانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپ ياكى ھۆكۈمەت سەپەرۋەر قىلغان ۋە تەشكىللىگەن تۈرلۈك پائالىيەتلەردىكى تەشۋىقات شوئارلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىككە سەپەرۋەرلىك ۋە تەشكىللەش كەتمەيدۇ.

مىسالەن ئالايلى: پۈتكۈل كورىيىدە داڭ چىقىرىۋەتكەن بىر ناخشا

چولپىنى ھەربىي سەپكە بېرىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋىدى، ئۇ ئويۇن
قويماقچى بولۇپ سىرتقا ماڭغاندا ھەتتا ئايرودرومدىكىلەرمۇ ئۇنى
ئايروپىلانغا چىققىلى قويمىدى؛ ئۇ ئويۇن قويىدىغان يەرگە يېتىپ
بارغاندا بولسا ئۇنى ناخشا چولپانلىرى قىزغىن شوئارلار بىلەن ئەمەس،
بەلكى ئۇنىڭ ھەربىي سەپكە بېرىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقىغا
نارازى بولغان ئامما ئەيىبلەش سادالىرى بىلەن كۈتۈۋالدى.

سېئولدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن مەزگىلدە بىر
قىسىم يوللارنىڭ قاسىنقىدىكى دۇكانلارنى چېقىۋېتىشكە توغرا كەلدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇكىنى چېقىلىدىغانلارغا بېرىلىدىغان تۆلەم ناھايىتى
ئاز بولغاچقا، ئۇلار نۇرغۇن زىيان تارتاتتى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا ئېتىراز
بىلدۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھۆكۈمەتكە ئۆزلۈكىدىن ماسلاشتى.
چۈنكى، ئۇلار بۇنى ”دۆلەتنىڭ ئابرۇيى ئۈچۈن“ دەپ تونۇغانىدى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسى يۈز بەرگەن
مەزگىللەردە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن كورېيىلىك ئوقۇغۇچىلار
دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوتىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن، تۇشمۇ تۇشتىن
دۆلەتكە قايتىپ كېلىشتى؛ كىچىك بايراقچىلارنى كۆتۈرۈۋالغان
نۇرغۇنلىغان ئائىلە ئاياللىرى ئايرودرومدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتنىڭ
بېشىغا كۈن چۈشكەن ۋاقىتتا چەت ئەللەرگە چىقىپ نامايىش قىلىپ،
دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئېتىراز
بىلدۈردى.

چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدە، كورېيە چوڭ بىر ئائىلىگە
ئوخشايدۇ؛ ھەربىر كورېيان دۆلەت ئىشىنى ”ئائىلەمنىڭ ئىشى“ دەپ
بىلىدۇ. بۇنداق مىللەتنىڭ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك
مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدە گەپ يوق، ئەلۋەتتە!

(3)

كورىيىنىڭ بــاش كۆتــۈرۈپ چىقىشــىدا، كورىيــانلاردىكى مىللەتپەرۋەرلىك ئاجايىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

جون.ئىنوس مۇنداق دەپ يازغانىدى: "ھەرقانداق كورىيان مەيلى ئۇ ياش بولسۇن ياكى قېرى بولسۇن، باي بولسۇن ياكى نامرات بولسۇن، شەھەرلىك بولسۇن ياكى سەھرالىق بولسۇن، ئەركىن تىجارەتچى بولسۇن ياكى دۆلەت مەمۇرى بولسۇن ھەممىسى بىر تۈرلۈك كۈچلۈك مىللەت مەنپەئەتى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللىي مەنپەئەتنى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىكەت مىزانىغا ئايلاندۇرغان."

كورىيە كارخانىچىلىرىنىڭ پايدا قوغلىشىش قابىلىيىتى باشقا ئەل كارخانىچىلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىختىراسى بولغان "ئىقتىسادىي ۋەتەنپەرۋەرلىك" كورىيە كارخانىچىلىرىنى ئۆزگىچە خاراكتېرلەندۈرگەن.

2003- يىلىنىڭ بېشى كورىيەدىكى مەلۇم بىر ئاخبارات ۋاستىسى جوڭگو، ياپونىيە ۋە كورىيە پۇقرالىرىنىڭ "بازار مايىللىقى" جەھەتتىكى رايىنى سىناپ بېقىۋېدى، ئويلىمىغان يەردىن بازارلىشىش دەرىجىسى جوڭگونىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولغان كورىيەدىكى پۇقرالارنىڭ "بازارغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى" جوڭگولۇقلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن كورىيىلىكلەرنىڭ جوڭگولۇقلارغا قارىغاندا "بازار ئېڭى ئاجىز"، "كوللېكتىپچىللىق كەيپىياتى كۈچلۈكرەك" ئىكەن، دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جوڭگولۇقلار كارخانىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشتىكى ئاداققى نىشانى — ئەڭ زور پايدا يارىتىش، دەپ قارايدىكەن؛ ياپونىيىلىكلەر كارخانىنىڭ

مەۋجۇدلۇقى ئىپسىل سۈپەتلىك تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باغلىق، دەپ قارايدىكەن؛ ھالبۇكى كورىيىلىكلەر بولسا كارخانا ــ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان قورال، شۇڭا كارخانا، دۆلەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشتىكى نىشانىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم، دەپ قارايدىكەن.

كورىيىلىكلەردىكى بۇ خىل روھىي ھالەت ئۇلاردىكى "دۆلەتنى ئائىلەم دەپ بىلىش" ئەنئەنىسى بىلەن تومۇرداش. كورىيىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بايراقدارى بولغان پىياۋ جېڭشى دەل كورىيانلاردىكى يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىۋى ئاڭنىڭ تۈرتكىلىك تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا "ئىقتىسادىي ۋەتەنپەرۋەرلىك" ئۇقۇمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىدى. "ئىقتىسادىي ۋەتەنپەرۋەرلىك"تە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن مەقسەت شەخسىي بايلىق توپلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۆلەت ۋە مىللەتنى كامال تاپقۇزۇش ئۈچۈن، دەپ قارىلىدۇ. پىياۋ جېڭشى مۇنداق دەيدۇ: "دۆلەتنى قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، ئەركىن ۋە ئىقتىسادىي كۈچى زور دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىققاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىناۋىتى ۋە خەلقئارادىكى ئورنى ئۆسۈپ بارىدۇ...، بىر ئادەم ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرداشلىق ئېڭى ۋە ئىقتىسادىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىغا بىجانىدىللىق بىلەن ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىش داۋامىدا ئەمەلدە كۆرسىتىشى لازىم...، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا يۇكسەك ئەركىنلىك تەشەببۇس قىلىنىسمۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەسىدىن چىقارماي، ئىقتىسادىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ بېرىشىمىز لازىم."

كورىيە كارخانىلىرى "ئىقتىسادىي ۋەتەنپەرۋەرلىك" روھىنىڭ ئىجابىي تۈرتكىسى بىلەن كورىيىچە كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. كورىيىدىكى چوڭ- چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. مىسالەن، دائېۋو گۇرۇھىنىڭ لېدىرى ئىگىلىك

تىكلىگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا دائېۋو گۇرۇھىنىڭ ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان تۆرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى باشتىن-ئاياغ تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا دۆلەت مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: " ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا جەمئىيەت، ھۆكۈمەت ۋە كارخانا بىر گەۋدىلىشىپ بىر ياقىدىن باش- بىر يەڭدىن قول چىقىرالىغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. دائېۋو گۇرۇھى مانا ھازىر ھېچقانداق بىر شەخسكە تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل كورىيە خەلقىگە مەنسۇپ كارخانىدۇر."

ئىلمىزنىڭ چوڭ- كىچىك شەھەرلىرىدە ئاھالىلەر ئولتۇراق بىنالىرىنىڭ دېرىزىلىرىگە تاكى ئالتىنچى قەۋەتكىچە مۇداپىئە رىشاتكىسى بېكىتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىسىز. لېكىن كورىيىدە بولسا دېرىزىسىگە ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش رىشاتكىسى بېكىتىلگەن ئۆيلەرنى بەكمۇ ئاز ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك كورىيە جەمئىيىتىگە ئىناقلىق ۋە كۆڭۈللۈك كەيپىياتنى ئاتا قىلغان، ئاشۇ خىل كەيپىيات كورىيە جەمئىيىتىنى ماسلىق ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتقان.

دېمەك، "دۇنيانى ھەيران قالدۇرالىغان 'خەنجياڭ مۆجىزىسى' ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا تويۇنغان 'كورىيانلار يۈرىكى'دىن ئاپىرىدە قىلىنغان" دېسەك قىلچە مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولمايمىز.

## (4)

مىللەتپەرۋەرلىك — بىر ئادەمدىكى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ- ئادىتى، تىل- يېزىقى ۋە ئەنئەنىۋى تەۋەررۈكلىرىگە بولغان ئەڭ كۈچلۈك سۆيگۈ ھېسسىياتىنىڭ يارقىن ئىنكاسى، شۇنداقلا بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىدۇر؛

مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ـ ئەڭ قىممەتلىك، تۇغما سىياسىي بايلىقتۇر. ناۋادا بۇ خىل ھېس- تۇيغۇ تولۇق قوزغىتىلىپ يېتەكلەنسە ۋە ئىشقا سېلىنسا، ئەلنى ئۈيۈلتاشتەك يىمىرىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلغىلى، مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزغىلى بولىدۇ. دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، كېيىن تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، مىللەتپەرۋەرلىك غايەت زور مەنىۋى تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. مىسالەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گۈللەنگەن ئەللەرنىڭ ھەممىسى مىللەتپەرۋەرلىكنى سىياسىي ئۇيۇشقاقلىقنىڭ ئۇلى قىلغان.

ئەپسۇسكى، بۇ خىل كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسى قورالى ئېلىمىزدە تا بۈگۈنگىچە ئۈنۈملۈك ئىشقا سېلىنغىنى يوق.

كېسىلى تۇتۇپ يىقىلىپ چۈشكەن بىرەر كىشى ئادەم مىغ- مىغ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ قالسا، ئۇنى يۆلەپ قويۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىمىز؛ ئاممىۋى سورۇنلاردا يانچۇقچىلار باشقىلارنىڭ پۇل- پۈچەكلىرىنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ؛ جېنىدىن تويغان بىرەرسى ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا تەرەپ- تەرەپتىن "سەكرەپ باقە، قېنى سەكرىمەمسەن!" دەپ ۋارقىرايمىز؛ جىنايەتچى بىرەر قىزنى تۇتۇۋالسا ئادەملەر ئۆتۈپ تۇرغان يولنىڭ بويىدىلا ئۇنىڭغا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلالايدۇ.... دېمەك، ئادەمنى چۆچۈتىدىغان بۇنداق خەۋەرلەرنى گېزىتلەردىن دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز.

بىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ سۇسلىقى دۆلەت ۋە مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا بەزى جايلاردىكى ئەمەلدارلار GDP نى بىردىنبىر نىشان قىلىپ، سىياسىي نەتىجىنىلا گەۋدىلەندۈرىدىغان قۇرۇلۇشقا ھە دەپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، يىراقنى

نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى بىر قىسىم كارخانىلار ھەتتا يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ساختا تاۋارلارنى ئىشلەپ بازارغا سېلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھاياتى بىلەن ئويىنىشىۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن ھە دەپ چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزۈلىۋاتىدۇ- يۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن زور سوممىدىكى كۆلرەڭ بايلىق(بولۇپمۇ ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىك ۋاستىسى بىلەن توپلىغان بايلىقنى كۆرسىتىدۇ، — تەرجىماندىن) دۆلەت دەرۋازىسىدىن غىپپىدە چىقىپ كېتىپ، يات ئەللەردە ئارامخۇدا پاناھلىنىۋاتىدۇ. ئىلگىدە دۆلەت مۈلكىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بار ئاز بىر قىسىم كىشىلەر دۆلەتنىڭ تەبىئىي بايلىقى، كان بايلىقى ۋە تەۋەررۇك بايلىقلىرىنى خالىغانچە بۇزۇپ چېچىۋاتىدۇ.

مىللەتپەرۋەرلىك روھىمىزنىڭ ئاجىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر بىر ئاقىۋەت، قان- قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئۆزىمىزنى پەس كۆرۈش كەيپىياتىمىزدا ئىپادىلىنىدۇ. گەپنى ئېچىپلا ئېيتساق، بەزىلىرىمىز "جۇڭگولۇق" دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان ھامان ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە: "ھەي، جۇڭگولۇق دېگەن ئاشۇنداق كالا مىجەز خەق!"، "جۇڭگولۇقلار ساختا مال ياساشنىڭ باشىسى!"، "ھەي، جۇڭگولۇق ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك!" دەپ كېتىمىز. بۇنداق قاملاشمىغان تالاش- تارتىشلارنى ئادەتتە ھاراق سورۇنلىرىدا كۆپرەك ئاڭلاپ قالىمىز. ھەتتا بىر قىسىم ئەللەرنىڭ بەزى جۇڭگولۇقلار ھەققىدىكى باھالىرىمۇ ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مىسالەن، «مەن كورىيىلىك» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى شېن شيۇڭ بىر قېتىم "سەن جۇڭگولۇق" دەپ قويغان بىرەيلەن بىلەن ئۆلگىدەك مۇشتلىشىپتىكەن.

**(4)**

ئەمەلىيەتتە، ئېلىمىزمۇ ئەزەلدىن تارتىپلا ئەلنى سەپەرۋەر قىلىشتا مىللەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت مۇھىم ئىدىيىۋى قورالغا تايانغانىدى. مىسالەن، دۆلەت رەھبەرلىرى ھەر دائىم "جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك

كامالىتىنى ئىشقا ئاشۇرايلى!» دېگەن شوئار ئارقىلىق ئەلگە چاقىرىق قىلدى. دېڭ شياۋپىڭمۇ ئۆز ۋاقتىدا «مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوغلى. شۇڭا ۋەتىنىم ۋە خەلقىمگە چىن ئىشتىياق باغلىغانمەن» دېگەنىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى لى رۇيخۇەنمۇ ئىلگىرى قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى. بولۇپمۇ سارس كېسىلى يامراپ كەتكەن چاغلاردا ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلەر «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك مىللەت روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، لەكمىڭ خەلقنى بىر نىيەت- بىر مەقسەتتە ئۇيۇشتۇرۇپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى!» دېگەن چاقىرىقنى شۇ چاغدىكى تەشۋىقاتنىڭ ئاساسىي مۇقامى قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدە مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ رولى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك جارىي قىلدۇرۇلۇپ، ساغلام مىللەتپەرۋەرلىك روھى گويا كورىيىدىكىگە ئوخشاشلا قۇدرەتلىك تۈرتكىگە ئايلانغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولار ئىدى.

## (5)

مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ كۈچ- قۇدرىتى ئۇنىڭ تەبىئىيلىكى، چىنلىقى ۋە ئىستېخىيىلىكىدە.

قايناق ھېس- تۇيغۇلاردىن بولمىش مىللەتپەرۋەرلىك ئادەتتە تولۇق، تەبىئىي ئىپادىلىنىش يوللىرى ۋە شەكىللىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. كورىيانلار مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. مىسالەن، ياپونىيە دائىرىلىرى ھەر قېتىم بەزى بىر تارىخىي مەسىلىلەردە ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ قويغان ياكى ئامېرىكىنىڭ كورىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بەزى ھەرىكەتلەرنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن چاغلاردا كورىيە پۇقرالىرى ساقچىلارنىڭ ئىجازەت

دائىرىسى ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئاشۇ ئەللەرگە قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھەتتا ئاشۇ دۆلەتنىڭ بايرىقىنى كۆيدۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پىغانىنى چىقىرىدۇ. يەنە مىسالەن، 2001- يىلى 8- ئاينىڭ 13- كۈنى يەنى ياپونىيە باش ۋەزىرى شىياۋ چۈەن چۈنيىلاڭ "شېھىتلەر قەبرىگاھى"نى تاۋاپ قىلغان كۈنى، 20 نەپەر كورىيىلىك نەۋقىران ياپونىيىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن سېئولدىكى مۇستەقىللىق مەيدانىغا يىغىلدى ۋە بىردىن بارمىقىنى كېسىپ، ئۇنى كورىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا ئوراپ، ياپونىيىنىڭ كورىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. كورىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاۋامنىڭ كەيپىياتىغا دەرھال ماسلىشىپ، ياپونىيىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى؛ پرېزىدېنت بىلەن پالاتا باشلىقىمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، شياۋچۈەننىڭ بۇ ئىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. يېگانە ئارال مەسىلىسىدىمۇ دۆلەتنىڭ پەرمانىغا بوي سۇنماي ئۆز ئالدىغا قورال تۇتۇپ يېگانە ئارالنى يالغۇز قوغدىغان خۇڭ چۈنچى جازاغا ئۇچرىماقتا يوق، ئەكسىچە دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە نائىل بولدى. كورىيىدە ئاۋامنىڭ داغدۇغىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى بىر يەردىن چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ئاۋام بىلەن ھۆكۈمەت ناھايىتى ماسلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كورىيىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى تېخىمۇ يۇقىرى قايىل قىلىش كۈچىگە ئېرىشىدۇ.

دېمەك، مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئۇنى ئىنسانىي تۇيغۇ نۇقتىسىدىن يېتەكلەش ئۈستىدە ئويدانراق ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

## (6)

كورىيىدىكى مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بىزگە ئازتولا ئىلھام بولالايدۇ. لېكىن، كورىيىدىكى مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ئۈنچىۋالا ئاسان قولغا كەلگەنمۇ ئەمەس. چۈنكى

كورېيلىكلەرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىمۇ ئاگىسزلىقتىن ئەقلىيلىككە، چېچىلاڭغۇلۇقتىن ئۇملۇككە، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈچۈن كەتمەن چېپىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۆتۈش جەريانى بويىچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان.

كورىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، مىللەتپەرۋەرلىك شوئارىنى ئەڭ كۈچلۈك تووۋلىغىنى لى چېڭۋەن ھاكىمىيىتى. ئەنئەنىۋى كونا يوسۇن رامكىسى بويىچە ئىش تۇتقان لى چېڭۋەن ھاكىمىيىتى ئەينى چاغدا بارلىق زېھنىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى ئۆز تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھوقۇقچىلىق ئويۇنىغىلا قاراتقانىدى.

لى چېڭۋەن ھاكىمىيىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ھېچقانچە ئىش قىلمىغان دېسەكمۇ بولىدۇ. لېكىن، لى چېڭۋەن ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاۋامنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك كەيپىياتىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئەينى زاماندىكى "ياپونغا قارشى قەھرىمان"لىق ئوبرازىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋامنىڭ ياپونىيىگە بولغان قارشىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىگە ئىلھام بېرىپ، ياپونىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان "پالۋان"چە پوزىتسىيە تۇتتى. جۈملىدىن، ياپونىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئاۋامغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ياپونىيىدىن 2 مىليارد 100 مىليون دوللار تۆلەم بېرىش ۋە دېڭىز رايونىدىن 18 دېڭىز مىلىدىن 60 دېڭىز مىلىغىچە بولغان ئارىلىقنى كورېيىگە ئايرىپ بېرىپ، ئاتالمىش "لى چېڭۋەن پاسىلى"نى شەكىللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە چەكتىن ئېشىپ كەتكەن تەلەپ ئىدى.

لېكىن، كورېيانلاردىكى بۇ خىل ئىدېئاللاشقان مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىدى. كۆندىن- كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن

بۇنداق مىللەتپەرۋەرلىك 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغا كەلگەندە، ئەكسىچە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان غايەت زور كاشىلىغا ئايلىنىپ قالدى. يىن باۋيۈن ئۆزىنىڭ «مىللەتپەرۋەرلىك ۋە زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىدېئاللاشقان مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ كورىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇپ، ئىقتىساد- تېخنىكا جەھەتتىكى باردى- كەلدىسىگە يول ئاچالىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ستۇدېنتلار، ئىلىم ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر شۇنداقلا ئاۋام كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىقىنى ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى قالدۇرۇپ كەتكەن ئاسارەت دەپ قاراپ، مەسىلىنىڭ نېگىزىنى ھازىرقى تۈزۈلمىدىن ئىزدەپ بېقىشقا رايى بارمايۋاتىدۇ. ھەممىلا يەرنى نامراتلىق، ئاچارچىلىق ۋە ئۇرۇش يارىلىرى قاپلىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇشنىڭ تەقەززاسىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقماي، ئەكسىچە پۈتۈن ئۈمىدىنى جەنۇب بىلەن شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شىمالنىڭ كان بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشقا باغلاپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ."

1961- يىلى 5- ئاينىڭ 16- كۈنى پياۋ جېڭشى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ تەختكە چىقتى. ئۇمۇ ئاۋۋالقىلارغا ئوخشاشلا مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك، ئەسكەرلىكتىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، تېخنىكا يېڭىلاشنى ياقلايدىغان كىشى ئىدى. ئۇ كورىيانلارغا خاس كەسكىنلىك ۋە ئىرادە بىلەن كورىيىنى ئۈزۈل- كېسىل ئىسلاھ قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ سىياسىي ساھەدىكى چىرىكلىكنى رەھىمسىزلەرچە تازىلاپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كاشىلا بولىۋاتقان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، كارخانىچىلار سىنىپىنىڭ كامالىتىنى باسىدىغان ھوقۇقپەرەس بيۇروكرات تۈزۈلمىنى كارخانىچىلارنى يۆلەپ ئۇلارنى خەلقئارا بازارغا يۈزلەندۈرەلەيدىغان قورالغا ئايلاندۇردى.

پياۋ جېڭشىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۇنىڭ «كورىيە يولى» ناملىق كىتابىدا مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا مەزكۇر كىتابتا كورىيىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى تەپسىلىي ساناپ ئۆتۈلگەن.

پياۋ جېڭشى گەرچە ئۆزىنى كۆڭزى بەيئەتچىسى دەپ ئاتىسىمۇ، لېكىن، كورىيانلار ئارىسىدىكى پەسكەشلىكلەرنى ھەتتا بەي ياڭ جۇڭگولۇقلارنى تەنقىدلىگەندەك قاتتىق تەنقىدلىگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق جەمئىيەت كورىيانلارنىڭ ۋوجۇدىدا مۇستەقىللىق روھى كەمچىل بولۇش، لايغەزەللىك بىلەن ئىشلىمەي چىشلەشكە بېرىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلمەسلىك، روھىي تۇرغۇنلۇق، ئەشەددىي شەخسىيەتچىلىك، شان- شەرەپ تۇيغۇسى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش قاتارلىق كەمچىلىكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇ زەردە بىلەن مۇنداق دەيدۇ: ”خەلقىمىزدىكى كەمچىلىكلەر بىخۇدلۇق، خۇشامەتچىلىك، ئاقنانچىلىق، قۇلچىلىق ۋە باشقىلارنىڭ سايىسىدا كۈن ئېلىشتەك يامان ئادەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.“

كورىيانلار ئارىسىدا قەيسىرانە يېڭىچە كورىيە روھىنى يېتىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان پياۋ جېڭشى ياپونلاردىكى ئىنتىزامچانلىق روھى بىلەن ئۆملۈك روھىنى، ئامېرىكىلىقلاردىكى ئىنتىلىشچانلىق روھى بىلەن ئىجادچانلىق روھىنى يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كورىيانلادىكى ”خۋاراڭ روھى“[1] غا سىڭدۈرگەنىدى.

كورىيانلار ئارىسىدىكى قانشاقلىق غەزەپ بىلەن تەيىبلەنگەن ئاشۇ

[1] خەنزۇچە كىتابتا ”花朗精神“دەپ ئېلىنغان بولۇپ، كورىيانچىدا ”Hwarang“دەپ ئوقۇلىدۇ. بۇ كورىيانلار ئارىسىدا بۇنىڭدىن 1500 يىل مۇقەددەم شەكىللەنگەن بىر خىل ئەنئەنىۋى گۇمپا — ”Hwarang“ گۇمپىسىدا ئەكس ئېتىدىغان مەردۇ مەردانىلار روھى بولۇپ، ئۇ سەممىيلىك، ۋاپادارلىق، ئېتىقاد، قەيسەرلىك، مەسئۇلىيەتچانلىق قاتارلىقلارنى يادرو قىلغان. — تەرجىماندىن.

زامانلاردا، مەيلى پياۋ جېڭشى بولسۇن، مەيلى كورېيىنىڭ باشقا سىياسىيونلىرى بولسۇن، ۋە ياكى مۇتەپەككۇرلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ كورېيانلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان كۇڭزىچىلىق روھىنى يوقىتىش نىيىتىدە بولماي، ئەكسىچە كۇڭزى تەلىماتىدىكى "ساداقەتمەن بولۇش"، "ۋاپادار بولۇش"، "ئەدەپ- قائىدىلىك بولۇش"، "قەيسەر بولۇش"، "دۆلەتنى ئائىلەم دەپ بىلىش"تەك ئەخلاق مەنتىقىسىنى كورېيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى مۇھىم مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇردى.

پياۋ جېڭشى تەشەببۇس قىلغان " ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى" ئەمەلىيەتچىللىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ "ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى"نى "كەسىپكە ئىشتىياق باغلاش روھى"، كورېيە ئىقتىسادىنى كامال تاپقۇزۇش جەريانىدىكى مەسئۇلىيەت دېگەنلەرگە كونكرېتلاشتۇردى. پياۋ جېڭشى تەشەببۇس قىلغان "مىللەتپەرۋەرلىك" بىلەن لى چېڭۋەن تەشەببۇس قىلغان "مىللەتپەرۋەرلىك" پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق دەل كورېيىنىڭ ياپونىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىدىن پياۋ جېڭشى لى چېڭۋەننىڭ "لى چېڭۋەن پاسىلى"نى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ياپونلار ئالدىدا كۆرسەتكەن مەردانىلىقلىرى بىلەن كورېيە پۇقرالىرىنىڭ ياپونلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، كورېيىنىڭ ياپونىيە ئالدىدىكى بويۇنتاۋلۇقىنى تۈگىتىش ئارقىلىق، كورېيە بىلەن ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇردى. شۇنداقلا كورېيە ئىقتىسادىنى دۇنيا ئىقتىسادي كاتېگورىيىسىگە باشلاپ، ئىقتىسادي نەرەققىياتىنى سىرتقا يۈزلەندۈردى.

پياۋ جېڭشىنىڭ سىياسىتى كورېيانلاردىكى كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىقتىسادي قۇرۇلۇشنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلاندۇردى. ئەمەلىيەتچىللىك سىڭدۈرۈلگەن مىللەتپەرۋەرلىك قارىشى بىر ئەلگە نىسبەتەن مەدەنىيەت ئېڭى ياكى ئەخلاقىي ئۆگۈتلەرنىڭ

ياردەمچىسىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاقىلانە قورال ھېسابلىنىدۇ. مىللەتپەرۋەرلىكنى تۈرتكە قىلغان كورىيىلىكلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىپ، ھە دېسىلا ياپونلارنى تىللايدىغان ياكى "شەرەپلىك مىللىي ئەنئەنە"، "پارلاق مىللىي مەدەنىيەت" دېگەن قۇرۇق شوئارلار بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ يۈرىدىغان ئادەتنى تاشلاپ، خەلقئارا سەھنىلەردە ياپونلار بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىدە، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەھەتتە بەسلەشتى. بۇنىڭ بىلەن كورىيە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە مىللەتپەرۋەرلىك روھىدىن بايلىق سۈپىتىدە پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

## (7)

كورىيانلار ئۆز مىللىتىدىكى قاششاقلىقلار ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش بىلەن ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىشنى توقۇنۇشتۇرۇپ قويغان ئەمەس. جۈملىدىن ئۇلار ئۆز مىللەت خاسلىقىدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبىنى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن ئەمەس، بەلكى، نامۇۋاپىق جەمئىيەت تۈزۈمىدىن ئىزدەپ تاپتى. نەتىجىدە تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە ئەنئەنىنى قوغدىدى.

كورىيانلاردىكى مىللەتپەرۋەرلىك مۇستەھكەم مىللەت ئىشەنچىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. يەنە كېلىپ ئۇلار مىللەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئۆزلىرىدىكى مىللەت ئىشەنچىسىنى تەدرىجىي مۇستەھكەملەپ بارالىغان.

كورىيىنىڭ پۇللىرىغا ئادەتتە سىياسىي داھىيلارنىڭ سۈرىتى ئەمەس، بەلكى مىللەت مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان شەخسلەرنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلىدۇ. مىسالەن: 10 مىڭ ۋونلۇق پۇلغا كورىيە يېزىقىنىڭ ئىجادكارى بۈيۈك شاھ شى زۇڭنىڭ سۈرىتى، 1000

ۋونلۇق ۋە 5000 ۋونلۇق پۇلغا كورېيە تارىخىدا ئۆتكەن داڭلىق كۆڭۈلچى مۇتەپەككۇرلاردىن لى لىگۇ بىلەن لى تويشىننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

كورېيىدە ياش- ئۆسمۈرلەرگە مىللەتپەرۋەرلىكنى ئاستا- ئاستا سىڭدۈرۈشكە، شۇنداقلا ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك بويىچە پۇختا تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يەنە كېلىپ كورېيىنىڭ ياش- ئۆسمۈرلەرنى ئوبيېكت قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېغىزدىكى شوئار پېتىچە قالمايدۇ. ئالايلۇق، كورېيىدىكى چوڭ تەنتەربىيە سارايلىرى، پارلامېنت بىناسى، مۇزېي ۋە مەشھۇر تەۋەررۈك جايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياش- ئۆسمۈرلەرگە ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەن.

بىر چاغدا، كورېيىدىكى ئەڭ چوڭ ئۈچۈر- ئالاقە شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لى لۇڭدۇينىڭ ئوغلى ئامېرىكىغا چىقىپ بىئولوگىيە دوكتورلۇقىدا ئوقۇماقچى بوپتۇ ۋە پاسپورتلىرىنى بېجىرىپ تەخ قىلىپ قويۇپتۇ. لېكىن لى ئەپەندى ئوغلىدىن چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىنى تۇرغۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئالتە ئايغىچە مېڭزىنى يادلاپ بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە مېڭزىنى يادلاپ بولالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن لى ئەپەندى ئامېرىكا تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋىزا بېجىرىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپتۇ.

مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىر مىللەتتىكى ئوخشاش بولمىغان قاتلامغا تەۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى تونۇشى ئاساسىدا ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان تەدرىجىي شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ قان- قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىر تۈرلۈك ئاڭ سۈپىتىدە بىر مىللەتنى ئورتاق نىشان بويىچە ئۇيۇشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

كورېيانلار مىللەتپەرۋەرلىكنى ئەۋج ئالدۇرۇش يولىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ قىممىتىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى. ھازىرقى كورېيانلار دۇنيادا ئۆزىگە ئەڭ ئىشىنىدىغان، ئۆزىدىن ئەڭ پەخىرلىنىدىغان مىللەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق ھەتتا بەزى چەت ئەللىكلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. چۈنكى، كورېيىلىكلەرنىڭ نەزىرىدە، كورېيالار دۇنيادىكى ئەڭ ساپ، قېنى ئەڭ پاك- ئەڭ پاكىز خەق؛ كورېيان تىلى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل تىل؛ كورېيان مىللىتى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق مىللەت؛ كورېيە تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاز تېپىلىدىغان نۇرانە داستان. كورېيانلاردا ”يىلتىزىڭ تۇپرىقىڭدا“ دەيدىغان ھېكمەت بار. شۇڭا، ئۇلار ”كورېيانلارنىڭ جىسمى كورېيە تۇپرىقىدىن ئەبەدىي ئايرىلالمايدۇ؛ كورېيانلار جىسمى ۋە ۋۇجۇدىغا پەقەت كورېيىنىڭ نەرسىلىرىلا ئەڭ ماس كېلىدۇ“ دەپ قارايدۇ.

**(8)**

ئاۋامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قۇدرەتلىك بايلىقىغا ئايلاندۇرۇشتا سىياسىي تۈزۈمنى ئۈنۈملۈك ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كاشىلا- توساقلىرىغا ئەمەس، بەلكى راۋان لىنىيىسىگە ئايلاندۇرۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. لى چېڭۋەن زامانىسىدىكى كورېيىدە كۈندىن- كۈنگە ئەۋجگە چىققان مىللەتپەرۋەرلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېغىر پۇتلىكاشاڭ بولغانىدى. چۈنكى، لى چېڭۋەننىڭ يۈرگۈزگىنى سىياسىي جەھەتتە ئۆز گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان شەخسىي ھوقۇقچىلىق ھاكىمىيىتى بولغىنى ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئېغىر دەرىجىدە بوغۇپ

قويغانىدى. ئاقىۋەتتە بۇنداق سىياسىي تۈزۈم ئاستىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك سىياسىينىڭ كاشىلىسى بىلەن ئىچكى كۈرەش ھەتتا ئاممىۋى ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ياۋايى كۈچكە، بىكىنمىچىلىك ۋە قاتماللىقنى ياقلايدىغان، كارخانىچىلار روھىنى بوغىدىغان سىرتماققا ئايلانغانىدى.

كورىيىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك پەقەت پياۋ جېڭشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئىجابىي رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالىدى. چۈنكى، پياۋ جېڭشى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كورىيىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالايدىغان غايەت زور مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتپەرۋەرلىك ئۆزىنىڭ كونكرېت نىشانىنى تېپىپ، كورىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قول- قانات بولدى.

كورىيە سىياسىتىنىڭ پەيدىنپەي دېموكراتىيىلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كورىيە خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقى بارا- بارا كۈچەيدى، مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشتىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

كىشىلەر ئۆز ئېلىنى كۆپىنچە ئانىغا ئوخشىتىدۇ. ئانا مۇھەببىتى "بالا ئانىسىنى يامان دېمەس، ئىت ئېگىسىنى" دېگەندەك بىر خىل تەبىئىي تۇيغۇ سانىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئانا بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا مېھرىبان ۋە پاك ئانا بىلەن رەھىمسىز ۋە رەزىل ئانىنىڭ بالىلىرىدىن كۆرىدىغان مېھىر- مۇھەببىتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، ئىناق ئەلدە ئاۋامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئاسان ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئۇنداق ئەلنىڭ پۇقرالىرى ئۆز ئېلىنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ۋە ئابروي- ئىناۋىتىدىن

پەخىرلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان شۇ ئەلنى "بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ ۋەتىنى" دەپ بىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار ئۆز پىكرىنى بىمالال بايان قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ، دۆلەتمۇ ئۇلارنى قوغدايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنداق ئەلنىڭ پۇقرالىرى ئۆزىنى ۋەتىنى بىلەن ھەممەپەس ۋە تەقدىرداش دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئىپتىخارلىقى ۋە ۋەتەن مۇھەببىتى ئەبەدىي ئۇخچۇپ تۇرىدۇ.

ساغلام ۋە ئاقىلانە مىللەتپەرۋەرلىكنى ھازىرقى زامان مىللىي دۆلەتلىرىنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، دۆلەت ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق مەمۇرىيەت ۋە جەمئىيەتتىكى توقۇنۇشلارنى چەكلىيەلىسە، ئاۋام، دۆلەتنىڭ پۇقرالار ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغداشقا قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ دۆلەتتىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئاسىيلىققا ئايلىنىپ قالمايدۇ. قالاق ئەللەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشتىكى كۈچلۈك ئىنقىلابىي ئامىللاردىن بولغان مىللەتپەرۋەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن توقۇنۇش ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل جىددىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئومۇمىي ھوقۇق باراۋەرلىكى ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېلىگە بولغان ئېتىقادى، ۋەتىنىگە بولغان مېھىر- مۇھەببىتىنى قوغدىشى، شۇنداقلا ھۆكۈمەت تەرەپ ياكى كونكرېت ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئاۋامنىڭ قورسىقىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

قىسقىسى، مىللەتپەرۋەرلىك پەقەت مۇۋاپىق بولغان سىياسىي تۈزۈلمە شارائىتىدىلا، ئاندىن قىممەتلىك ئىجابىي كۈچكە ئايلىنالايدۇ.

# كورىيە چىرىكلىككە قانداق قارشى تۇرغان؟

تەرەققىي قىلغۇاتقان ئەللەردىن بولغان كورىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ياراتقان تەجرىبىلىرى جۇڭگوغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، جۇڭگو بىلەن كورىيىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرى، چىرىكلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئىنكلىكى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىككى ئەلنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا تۇتقان يولىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق چوڭقۇر ئوي- خىياللارغا غەرق بولىمىز.

جۇڭگو بىلەن كورىيىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەنبەسى ئوخشاش.

جۇڭگو بىلەن كورىيىدە ئۇزۇقداشلىق مۇناسىۋىتى ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئەلنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرىكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش ھالەتتە ئىدى. قەدىمكى چاۋشيەندىمۇ ئەمەلدارلار جۇڭگودىكىگە ئوخشاش ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئارقىلىق تاللىناتتى؛ مەركىزىي ھۆكۈمەتتە بولىدىغان ھوقۇق تالىشىش خۇسۇسىدىكى جەڭگى- جېدەللەر، ئۇرۇق- تۇغقاندارچىلىق يولىدىكى دوست تارتىشىشلار، بيۇروكرات ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك- پارىخورلۇقلىرى، ئىپسىل ئەخلاق- پەزىلەت ھەققىدە قۇرۇق گەپ سېتىپ قويۇپلا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىقى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى دەپ پرىنسىپنى سېتىۋېتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. قەدىمكى چاۋشيەندىكى چىرىكلىك ھەتتا جۇڭگو چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. جياۋۇ ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي،

ئەنگلىيىنىڭ چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى خىللىر بىر پارچە خېتىدە مۇنداق يازغانىدى: "مېنىڭ قارىشىم بۇ دۆلەتنى كۆرۈپ باققان ھەرقانداق ئادەمنىڭكى بىلەن بىردەك. دېمەكچىمەنكى، بىرەر پىلاننى تۈزۈپ ئۇنى كورىيانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا قالدۇرۇش ۋاقىت ئىسراپ قىلغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار چىرىكلىكتە ھەددىدىن ئېشىپتۇ، بۇ خەقنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قىلچە ئۈمىد قالماپتۇ."

بۇ خىل بىر مەنبەلىك ئورتاق كېسەل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ چىرىكلىك تارىخىنى ئايرىم- ئايرىم تەھلىل قىلىپ يۈرۈش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولسا كېرەك. چۈنكى، جۇڭگو بىلەن كورىيىدىكى چىرىكلىك مۇنداق ئورتاق تارىخىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، تۈزۈملىشىپ كەتكەن چىرىكلىك. ئەينى زاماندىكى كورىيىدە پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىزگىنسىز قالغان سىياسىي ھوقۇقنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغاچقا، چىرىكلىك دەسمايىسىز ۋە سوئال- سوراقسىز پۇل تېپىشنىڭ ئەپچىل يولى ئىدى. شۇڭا، جۇڭگو بىلەن كورىيە تارىخىدىكى چىرىكلىك يېرىم ئاشكارىلىققا قاراپ ئەۋج ئالغانىدى. جۈملىدىن تارىختىكى ئەمەلدارلارنىڭ "پاكلىرىدىن چىرىكلىرى كۆپ ئىدى..."؛ "ئەمەل كۇرسىدا ئولتۇرغانلار خىيانەتچىلىككە كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ئوغرى- قاراقچىلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەپسىگە ھاي بېرەلەيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى." يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ ئىككى ئەلدىكى چىرىكلىكنى تارىخىي ئومۇملۇققا ئىگە دېيىشكە بولاتتى. جۈملىدىن، ئەمەلدارلار چىرىكلىك ۋاستىسى بىلەن قىلغان ئاپاۋىننى بيۇروكراتلار گۇرۇھى ئىچىدە تەخسىملىشەتتى. مىسالەن، چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرىغا تارتۇق قىلىدىغان "يازلىق سوۋغات" ۋە "قىشلىق سوۋغاتلىرى" بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئەمەلدار بولۇشتىن مەقسەت — باي بولۇش. بۇ، جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ ئورتاق تارىخىي ئەنئەنىسى.

ئىككىنچى، ئەخلاق ھەققىدىكى دەبدەبىلىك شوئارلاردىن لىباس

كىيگەن چىرىكلىك. قەدىمكى جۇڭگو بىلەن كورىيەدىكى يامۇللارنىڭ چېكىسىگە "رەھىمدىللىك"، "پاكلىق"، "ھەققانىيەت" دېگەندەك شوئارلار ئالتۇن ھەللىك رامكىلارغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇلاتتى. يۇ، لېكىن خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېگەنلەر ئاشۇ شوئارلارنىڭ دالدىسىدا ئاشكارا قايناپ كېتەتتى. ئەخلاق، پەزىلەت، ئىنساپ دېگەنلەر داغدۇغىلىق داۋراڭلار ئىچىدە مەسخىرە قىلىناتتى، شۇڭا ئەخلاقنىڭ چىرىكلىكىنى چەكلەشكە ئاساسەن قۇربى يەتمەيتتى. ئەمەلدارلار چىرىكلەشكەن چاغلىرىدا ئەخلاق- دىيانەت دېگەنلەرنى خىيالىغا ئېلىپ قويمايتتى، پۇقرالارمۇ ئەمەلدارلارنىڭ "نورمال" چىرىكلىكلىرىگە كۆنۈپ ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بېشىغا كۆپ چۈشكەن ھامان ئەمەلدارلارغا پارا بېرىش يولى بىلەن ئىش توغرىلاشقا ئادەتلىنەتتى. قىسقىسى، پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ئاۋام ئەمەلدارلارنىڭ "نورمال دائىرىدىكى چىرىكلىك"لىرىگە ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن بەرداشلىق بېرەتتى.

ئۈچىنچى، تارىختىن بۇيانقى تەدبىرلەر يىلتىزىدىن تۈگىتەلمىگەن چىرىكلىك. تۈزۈم خاراكتېرىنى ئالغان چىرىكلىككە تاقابىل تۇرۇشتا تارىختىن بۇيان پەقەت مۇنداق ئىككى خىللا ئۇسۇلغا مۇراجىئەت قىلىپ كېلىندى: ئۇنىڭ بىرى، چىرىكلىكنىڭ سۇبيېكتى بولغان جىسمانىيەتنى كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىدىكى "كاللا كېسىش" تەدبىرى. يەنە بىرى، "تەشۋىقىي تەربىيە" . بۇنىڭدا چىرىكلەشكەنلەرنى تەسىرلەندۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە ئالدى بىلەن بىرەر تىپ تۇرغۇزۇۋېلىنىپ ئۇنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەش يولى بىلەن توغرا يۈنىلىش تەشەببۇس قىلىناتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، فاتتىق جازا ئارقىلىق بىردەملىك ئۈنۈم قازانغىلى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئۇزۇنغا بارالمايدۇ؛ يەنە كېلىپ جۇڭگو ۋە كورىيەدەك ئەللەردە چىرىكلەشكەنلەرنى ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزگەرتىشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. چۈنكى، تارىختا ئۆتكەن خانلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى چىرىكلىكنى يوقىتىش مەسىلىسىنى تۈزۈم نۇقتىسىدىن ئويلاپ باقمىدى. ئۇلارنىڭ

ھەممىسى ئاشۇنداق ئورتاق سەۋەنلىكنى تەكرار سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى ھېسابتا چىرىكلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ تۈگەشتى.

تارىخنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، ھازىرقى جۇڭگو ۋە كورىيە جەمئىيىتىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ دەل قەدىمكى نەپسانىيەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجى ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. چۈنكى، ئېغىر تارىخىي تىندۇرمىلاردىن بولغان چىرىكلىك ئەنئەنىسى جەمئىيەتنىڭ تومۇر- تومۇرلىرىغا سىڭىپ، ئاخىرى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىستېخىيىلىك ئېڭىغا ئايلىنىپ، "چاكار" ماركىلىق لىباس كىيگەن ئەمەلدارلارنىڭ تەبىئىي مەيلىدە قارار تاپتى. شۇڭا، ئىجتىمائىي كىلىمات ئاز- تولا ماس كەلگەن ھامان، چىرىكلىك كەڭ كۆلەمدە يامراپ، مەدەنىيەتنىڭ ئېتىرازىغا پوش دېمەيدىغان بولۇپ كەتتى.

## ئىككى دۆلەتتىكى چىرىكلىكنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي مەنبەسى

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن، بۇ ئىككى خىل جەمئىيەت ئوخشاش بىر مەدەنىيەتنىڭ ساقىندىسى بولغاچقا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا نۇرغۇنلىغان ئورتاقلىقلاردا خاراكتېرلەندى.

بىرىنچى، ھۆكۈمەت ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى بىرىنچى نىشان سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىقتىسادقا قارىتا كۈچلۈك مۇداخىلە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

جۇڭگو بىلەن كورىيە ھۆكۈمەتلىرى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىيلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە كۈكزىپچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، گويا كېلىشىۋالغاندەكلا ئىقتىسادنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇپ، بۇ ھەقتە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى.

جۇڭگو بىلەن كورېيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھۆكۈمەت باشلامچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. جۈملىدىن، ئىككى دۆلەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىقتىسادىي ئىسلاھات سىياستىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇداخىلىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھۆكۈمەت ھەممىنى باشقۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. مەمۇرىي ھوقۇق بايلىقلارنى سەپلەش، تالماشتۇرۇشنى تارتىپ تەقسىملەشكىچە ھەممىنى مونوپول قىلدى. نەتىجىدە ھۆكۈمەت ھوقۇقى ئىجتىمائىي بايلىقلارنى جۇغلاش ۋە قايتا تەقسىملەشتە ھەل قىلغۇچ رولغا ئۆتتى. ئاخىرى سىياسىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش ۋەسۋەسىسى ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتتى.

كورېيىدىمۇ جۇڭگوغا ئوخشاش سودا، پۇل مۇئامىلىسى، چەت ئەل قەرزى، يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم ۋە كۆپ سانلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كارخانىلار ئاجىز، ھۆكۈمەت بولسا كۈچلۈك ئىدى. ھۆكۈمەت تەستىقلاپ قارار قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى نۇرغۇن، باشقۇرىدىغان دائىرە بەك كەڭرى بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلاش ئۆلچىمى ۋە جەريانى دېگەندەك ئاشكارىلانماي نازارەتسىز قالدى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قەرز پۇل، ئالاھىدە ئېتىبار ۋە ئىقتىسادىي ياردەم قاتارلىقلارنى تەستىقلاشتا پرىنسىپ ياكى شەخسىي مۇناسىۋەتنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى.

ئىككىنچى، ئىككى دۆلەتنىڭ بانكا سىستېمىسىدا ئوخشاش بىر خىل نۇقسان ساقلىنىپ كەلدى. جۇڭگو بىلەن كورېيە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە ئوخشاش ئۆز ئارا رىقابەتچانلىقىغا ئىگە خۇسۇسىي بانكا سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرالمىدى. دېمەك، بۇ ئىككى دۆلەتتە پۈتكۈل بانكا سىستېمىسىنى ھۆكۈمەت كونترول قىلىدۇ؛ ئۆسۈم نىسبىتى ۋە

كرېدىتىنىڭ سېلىنىش يۆنىلىشىنى ھۆكۈمەت بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، كورېيىدىكى كورېيە سودا بانكىسى، سېئۇل بانكىسى، كورېيە بىرىنچى بانكىسى قاتارلىق بانكىلارنىڭ مۈلكى كورېيىدىكى بارلىق سودا بانكىلىرى مۈلكىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ بانكىلارنىڭ ئاساسلىق پېيى ھۆكۈمەت ئىلكىدە. بۇ ھال كورېيە ھۆكۈمىتىنى پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىنى مۇتلەق كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلغان. بۇ تەرىپى جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى بىنورمال ئۆسۈم نىسبىتى ۋە كرېدىت مېخانىزمى تۈپەيلىدىن قەرز پۇلنى بازار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ۋاستىسى بىلەن تەقسىملىگەن ھالەت شەكىللىنىپ، قەرز پۇلغا ئېرىشىش يولىدىكى بولمىغۇر رىقابەت كۈچىيىپ باردى. نەتىجىدە سۈپەتسىز قەرز پۇللارمۇ تەدرىجىي كۆپىيىپ كەتتى. كورېيىدىكى بىر قىسىم چوڭ كارخانىلارنىڭ قەرزدارلىقى كارخانا مۈلكىنىڭ نەچچە ئون ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ سالاھىيىتى بىلەن يەنىلا بانكا قەرزىگە ئېرىشەلىدۇ. دېمەك، كورېيىدىكى پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىنى بۇ ئەھۋال بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچى، جۇڭگو بىلەن كورېيىدە بازار مېخانىزمى تولۇق يېتىلمىگەچكە، مىكرولۇق ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشتا دۆلەتنىڭ مۇداخىلىسى ھەقىقەتەن كۈچلۈك. ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە تارىخىي سەۋەبلەر، جۇڭگودىكى دۆلەت كارخانىلىرىغا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناش ئىمكانىيىتى بەرگەن. كورېيىدىمۇ ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى نۇرغۇن سودا شىركەتلىرى شۇ ساھە بويىچە مونوپۇل ھالىتىدە بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، كۆك تاماكا، ئادەمگىياھ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش، رادىئو-تېلېۋىزىيە تورى، تۆمۈر يول، پوچتا، بىر قىسىم جامائەت ئەسلىھەلىرى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى شىركىتى، كورېيە نېفىت شىركىتى، كورېيە

مەركىزىي خىمىيە شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كورىيە ھۆكۈمىتى كونترول قىلىدۇ. كورىيە ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ساھەلەردىكى باشلامچى ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باھانى كونترول قىلىش يولى بىلەن شەخسىي شىركەتلەرگىمۇ بىۋاستە قول تىقالايدۇ. دېمەك، كورىيە ھۆكۈمىتى بازار رىقابىتى يۈزلىنىشىنى خالىغانچە نېرى- بېرى قىلىۋېتەلەيدۇ؛ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزى، بىرەر شەخسىي كارخانىنىڭ ھايات- ماماتىنى بەلگىلىيەلەيدۇ. شۇڭا، شىركەتلەر ئارىسىدىكى رىقابەت ئەمەلىيەتتە تەڭسىز شەرتلەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېمەك، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ كارخانىلار بىلەن ئېغىز- بۇرۇن يالىشىشتىن ساقلانمىقى تەس دېگەن گەپ.

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئىقتىسادىي ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئەندىزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى نىشان قىلغان كۈچلۈك مۇداخىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك جۇڭگو بىلەن كورىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ خىل مۇداخىلىسى بازارنىڭ كۈچىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە غەيرىيلەشتۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا تەڭسىز رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېمەك، جۇڭگو بىلەن كورىيىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتمۇ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان چىرىكلىكمۇ بىر- بىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## كورىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مۇساپىسى

### بىرىنچى، لى چېڭۋەن زامانىدىكى چىرىكلىك

شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئەنئەنىۋى كۈچلەرنىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى لى چېڭۋەننىڭ جىسمىدىن ناھايىتى ئوبدان دەلىللەش مۇمكىن. بۇيۇك كورىيىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى لى چېڭۋەن

ئامېرىكىدا نەق 37 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ كورىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئېلىگە ئامېرىكىچە باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئېلىپ كەلمەكتە يوق، ئەكسىچە كونا چاۋشيەنىنىڭ بيۇروكراتچە تۈزۈلمىسى ۋە ئىستىلىنى تېزلىكتە تىرىلدۈردى. كورىيانلاردىكى قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە بەك چوڭقۇر ئۇچرىغان بۇ بوۋاي، ھاكىمىيەتنىڭ تەكپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا ئەنئەنىۋى سىياسىي ئەندىزىگە تەۋە مەزھەپلەر كۈرىشىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلەتتى ھەمدە ئادەم ئۆلتۈرۈشتە "سىياسىي مەيدان"نى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە سادىق ياكى ئەمەسلىكىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلاتتى. لى چېڭۋەن ھاكىملىقىدىكى كورىيىدە "بارلىق بيۇروكرات ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرى- تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتى ۋە شەخسىي ساداقەت مۇھىم رىشتە قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىر بولسا ئاپاق- چاپاق بولۇپ ئېغىز- بۇرۇن يالىشاتتى؛ بىر بولسا بىر- بىرى بىلەن ئاق تاغلىق- قارا تاغلىق بولۇپ كېتىشەتتى. ھەرقانداق ئەمەلدارنى ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ئۆستۈرۈشتە تۇغقاندارچىلىق، شەخسىي مۇناسىۋەت، ھىيلە- مىكىر، سۈيىقەست ۋە مەزھەپلەر كۈرىشى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايتتى."

كورىيىدىكى چىرىكلىك 1946- يىلى ياپونىيە چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. چۈنكى، دەل شۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى كورىيىگە تۈركۈم- تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ماددىي ئەشيالارنى تەقسىملەشكە مەسئۇل ئەمەلدارلار ئەلنىڭ ھەققىگە قىلچە نەپ تارتماستىن خىيانەت قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن كورىيانلار ياپونلاردىن قېلىپ قالغان زاۋۇتلارنى تالاشتۇرۇپ ساتتى. بۇ ئىشمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. چۈنكى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا پارا شۇڭغۇتمىسا ئۇلار بىلەن ئىچ قويۇن- تاش قويۇن بولغىلى بولمايتتى- دە، كارخانىنى سېتىۋېلىش

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ "ئاشكارا خىيرىدار چاقىرىپ ساتىمىز" دېگىنى ئەمەلىيەتتە قىپقىزىل ئالدامچىلىق ئىدى. شۇڭا، كورىيىدە ياپونلاردىن قالغان كارخانىلارنىڭ سېتىلىش باھاسى ئەمەلىيەتتە قويۇلغان باھانىڭ يېرىمىغا ئاران يەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن بايلىقى زىيانغا ئۇچراپ كەتتى.

ئامېرىكىلىقلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "لى چېڭۋەننىڭ ئەمەلدارلىرى بىشەم ئېكسپلاتاتسىيىچىلەرگىلا ئوخشايدىكەن، ئۇلاردا نە غايە، نە ئەخلاقىي تىزگىن دېگەنلەر بولمايدىكەن، ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئىنتىلىدىغىنى راھەت- پاراغەت ۋە ئەيش- ئىشرەتلا ئىكەن." لى چېڭۋەن ھاكىمىيىتى كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا قىلچە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالمىدى؛ بۇ جەھەتتە بىرەر تەدبىر قوللىنىشقا قادىر بولالمىدى. شۇڭا، لى چېڭۋەن تەختتە ئولتۇرغان 12 يىل مابەينىدە كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى، ئاۋام يەنىلا نامراتلىقنىڭ ئاسارىتىدە قىينالدى.

لى چېڭۋەن ھاكىمىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى كورىيىدىكى ئەنئەنىۋى كۈچلەرنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، كورىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش جەريانىنى ئەنئەنىۋى قاتمال كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانى، دېيىشمۇ بولىدۇ. دېمەك، جىگەرلىك كورىيانلار بۇ خىل كۈرەش جەريانىدا ناھايىتى كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللاندى.

## ئىككىنچى، گېنېرال پياۋ جېكشىنىڭ خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالىشى

بىر ئەلنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە شۇ ئەلنىڭ مىللەت خاسلىقىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ.

كورىيانلارنىڭ خاراكتېرىدە مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنىڭ

بارلىقىنى ھەممە بىلىدۇ: بىرى، قەيسەرلىك؛ يەنە بىرى، قىزىققانلىق. شۇڭا، 1961- يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنى پياۋ جېڭشىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە سىياسىي ئۆزگىرىش ياساپ، ئەسكىرىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىپ، كورىيىنىڭ سىياسىي يۈزلىنىشىنى ئۇزۇل- كېسىل ئۆزگەرتەلىگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

پياۋ جېڭشى تەختكە چىقىپلا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىش ھەققىدە قەسەمياد قىلدى. ئۇنىڭ بىرى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ يەنە بىرى، چىرىكلىك ۋە جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن مىللەت ئەخلاقى ۋە مىللەت روھىنى قايتا ئۇرغۇتۇش.

پياۋ جېڭشى تەختكە چىقىپ بىرىنچى بولۇپ بيۇروكرات سىستېمىدىكى ئەمەلدارلارنى تۈركۈم- تۈركۈملەپ يەڭگۈشلىدى. چۈنكى لى چېڭۋەن ھاكىمىيىتىدە چىرىكلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە باشباشتاقلىق ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، يېڭى ھاكىمىيەت كونا ھاكىمىيەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. يېڭى ھاكىمىيەت سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە كونا ھاكىمىيەتكە تەۋە چىرىكلەشكەن ئەمەلداردىن 17 مىڭنى، ئوفىتسېردىن 2000 نى قولغا ئالدى ۋە ئىشتىن ھەيدىدى؛ تۆرلۈك سەۋەبلەر بىلەن 35 مىڭ مەمۇرىي خادىمنى ئىشتىن بوشاتتى. ئەسكىرىي ھۆكۈمەت ھوقۇق يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلەردىن ئىدى، ھەتتا مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلاردىكى ئەسكەرلەر 63 پىرسەنتتىن ئاشاتتى؛ 42 دۆلەت كارخانىسىنىڭ 33نى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر باشقۇراتتى. ئەسكىرىي ھۆكۈمرانلىق كورىيىنىڭ سىياسىي كەيپىياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى.

كورىيە يۇقىرىلىرى ياپونىيە مۇستەملىكە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى يۇقىرى ئىش ئۈنۈمى ۋە پاك- دىيانەتلىك كەيپىياتىنى

ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، لى چېڭۋەن ھوقۇق تۇتقان چاغلاردا، نۇرغۇن يۇقىرى قاتلام يوقرالار ھەتتا ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ”ياخشى كۈنلەر“نى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

پياۋ جېڭشى ياپونلارنىڭ ئىستىلىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپونىيە ھەربىي مەكتىپىدە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى ياپونىيە ئەسكىرىي تەلىملىرىدىن ئاز- تولا خەۋەردار، ياپونىيىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار يەنە كېلىپ ناھايىتى ئېھتىياتچان، بىر قەدەر پاك ۋە ئەمەلىيەتچىل كىشىلەردىن ئىدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرىدەك، ياپونىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا چەت ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن مىللەتپەرۋەر — لى چېڭۋەننىڭ كاللىسىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ناۋادا لى چاۋىنگچە دۆلەت باشقۇرۇش تەجرىبىسى دەپ ئاتاشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا، ياپونىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن پياۋ جېڭشىنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكىنى ياپونىيىچە تەجرىبىلەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە. پياۋ جېڭشىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشى كورېيىنى ئادەتتىكى ئەسكىرىي ھۆكۈمەتكىلا ئەمەس، مۇھىمى ئىلمىي، ئىدراكىي ۋە غەربچە باشقۇرۇش ئەندىزىسىگە ئىگە قىلدى. شۇڭا، كورېيە پياۋ جېڭشىدەك كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەربىي قىسىمغا خاس جىددىي ۋە ئۈنۈملۈك تەرەققىيات يولىغا ئوڭۇشلۇق يۈزلىنەلىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ يول سىياسىينى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تاللىۋېلىنغان، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇددىئاسىدىكى ھاكىممۇتلەقلىق يولى ئىدى.

پياۋ جېڭشى ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشىنى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە سۈپىتىدە تۇتۇش سەۋەبىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا

يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، پياۋ جېڭشى چىرىكلىكنىڭ كورىيە جەمئىيىتىنىڭ تومۇر- تومۇرىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. ئىككىنچىدىن، پياۋ جېڭشى سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولغاچقا، چىرىكلىككە ئەسلىدىنلا نەپرەتلىنەتتى. شۇڭا، پياۋ جېڭشى زامانىسىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتەك ئاقىلانە ھەرىكەتكە كۈچلۈك ئەخلاقىي تۇيغۇ سىڭگەن دېيىشكە بولىدۇ. پياۋ جېڭشى ئەسلىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تۈركۈم- تۈركۈملەپ يەڭگۈشلەش بىلەن بىرگە كۈچلۈك مەمۇرىي تەپتىشلىك تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. جۈملىدىن، مەركەزدە مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنى، يەرلىكتە مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، مەمۇرىي تەپتىشلىك بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاشكارا تەپتىش قىلىش بىلەن بىرگە يەنە يوشۇرۇن تەپتىش قىلىش تەدبىرىنى قوللاندى. 1962- يىلى 5- ئايدا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەپتىشلىكتىلا 350 ئادەمگە چارە كۆرۈلدى. چارە كۆرۈلگەنلەر ئىچىدە خىيانەت قىلىپ پارا ئالغانلارلا ئەمەس، ھەتتا تۇرمۇشتا ھەشەمەتچىلىك قىلغانلار، قەھۋە ئىچكەنلەر، تانسا ئوينىغانلار، ياپونىيە مۇزىكىسىنى ئاڭلىغانلار، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلغانلار، گولف توپ ئوينىغانلارمۇ بار ئىدى. پياۋ جېڭشى قانۇن- ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىشتا باشلامچى ئىدى. ”پياۋ جېڭشى ھەشەمەتلىك باردى- كەلدىگە ئەزەلدىن قارشى بولغاچقا، جەمئىيەتتىكى تەنتەنىلىك زىياپەتلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاجايىپ ئىسراپخورلۇق سانىلاتتى. ئۇ بولۇپمۇ سالونلاردىكى ئەھمىيەتسىز سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى.“ پياۋ جېڭشى ئەزەلدىن گولف توپ ئوينىمايتتى، ئۇ تۆۋەنكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگىلى چۈشكەن چاغلىرىدا كىچىك ئاشپۇزۇللاردا پۇقراچە غىزالارنى يەيتتى. شۇڭا، ئۇ شۇنچە ئۇزۇن سىياسىي ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ ”چىرىكلەشتى“ دېگەن ئەيىبلەشكە ئۇچراپ باقمىدى.

سىياسەتنى ھەرقانچە قاتتىق ئىجرا قىلغان بولەنمۇ، لېكىن چىرىكلىكتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كېسەلنى تېز يوقىتىمەن، دېيىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا، پياۋ جېڭشى قۇرغان يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى مەجبۇرىي رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇش ئەندىزىسىمۇ چىرىكلىك ئۈچۈن ناھايىتى كەڭرى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەمەلدارلارنىڭ چەكسىز ھوقۇقى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆنۈملۈك تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشقا ئىمكان بەرمىدى. يەنە كېلىپ، پياۋ جېڭشىنىڭ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش تەدبىرلىرى سىياسىينى قۇربان قىلىش بەدىلىگە يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ نازارىتى ئىنتايىن تار دائىرىدە چەكلەپ قويۇلدى؛ دېموكراتىك جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى ۋە ھوقۇقنى نازارەت قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇڭا، چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان ئىمكانىيەتلەر ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتتى. جۈملىدىن چىرىكلىك ئىقتىسادنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كورىيە جەمئىيىتىدە قايتىدىن بىمالال ئەۋج ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇقنىڭ شەكلى خىلمۇ خىللىشىپ، سوممىسى بارا- بارا ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. پياۋ جېڭشى ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ بەش يىلغىچە ناھايىتى پاك ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ئەمما 60- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت خادىملىرى ئارىسىدىكى چىرىكلىك قايتىدىن يامراشقا باشلىدى. جۈملىدىن ئەمەلدارلار سادىر قىلغان ئىقتىسادىي دېلولار يىلىغا 30 پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن تېز كۆپەيدى.

چىرىكلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان بۇنداق ۋەزىيەتتە يۈكسەك ھوقۇقچىلىق تۈسىنى ئالغان پياۋ جېڭشى ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىن- تۆۋەنگىچە چىرىكلىككە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. پياۋ جېڭشى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش

تەدبىرى بارا- بارا كورىيىچە ياكى شەرقچە تۈس ئالغان ئىجتىمائىي دولقۇنغا ئايلاندى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش بىر مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان جۇڭگو ۋە كورىيە ھۆكۈمەتلىرى 60- ۋە 70- يىللاردىلا ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاش شەكىللەرنى قوللانغانىدى. پياۋ جېڭشى كەڭ كۆلەملىك ۋە جىددىي ئاممىۋى ھەرىكەت ئارقىلىق چىرىكلىكنى ئۈزۈل- كېسىل يوقىتىشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

پياۋ جېڭشىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى "ھۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى" دەپ ئاتالدى. بۇ خىل ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىن جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن سىياسىي دولقۇنلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ، "ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش" مۇددىئاسىدىكى بۇ خىل ھەرىكەت ناھايىتى كەسكىن ۋە ئۈزۈل- كېسىل ئېلىپ بېرىلغانىدى. پياۋ جېڭشى ئېلىپ بارغان بۇ خىل دولقۇننىڭ مەقسىتىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ: "بىرىنچىدىن، چىرىكلىكنىڭ ھەرقانداقىنى ئۈزۈل- كېسىل يوقىتىش؛ ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتتىكى ئىسراپچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى تامامەن تۈگىتىش؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ دولقۇننى ئاخىرىدا پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان روھىيەت ئىنقىلابىغا ئايلاندۇرۇش."

پياۋ جېڭشىنىڭ "ھۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى" ئەينى چاغدا مەركەزنىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن يۇقىرىدىن- تۆۋەنگىچە قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەشكىللەنگەنىدى. شۇڭا، مەزكۇر ھەرىكەت ئەينى ۋاقىتتا بارلىق ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى مەمۇرىيەت ھالقىلىرىنىڭ ھەممىسىگە سىڭدۈرۈلۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى "سەل ئاشۇرىۋېتىلدى" دېگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ئېلىپ بېرىلغانىدى. جۈملىدىن، ئۇ چاغدا چىرىكلىشىپ پارا ئالغانلار، ھەشەمەتلىك داچىلاردا ئولتۇرىدىغانلار، ئاشنا تۇتقانلار، ئەمەل تۇتۇشقا

باب كەلمەيدىغان تەلۋىلەر، ھەتتا قەھۋە ئىچىدىغان، ناۋۋاپىق چىقىملارنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئاتچوت قىلدۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە زەربە بېرىلىش بىلەن بىرگە، چاتما جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، زەربە يېگەنلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىگىمۇ گۇناھ يېزىلغانىدى.

دېمەك، پياۋ جېڭشىنىڭ "ھۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى"نىڭ ئەڭ بىۋاستە ھاسىلاتى ساپاسىز ھۆكۈمەت خادىمىدىن نەچچە تۈمەننى مەمۇرىي ساھەدىن ئەبەدىي تازىلىۋېتىش بىلەن خاراكتېرلەندى. 1974 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە ئىككى نۆۋەت كەڭ كۆلەملىك "ئىستىل تۈزىتىش" ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 1977 ـ يىلدىكىسىنىڭ ئۆزىدىلا 51 مىڭ 468 نەپەر ھۆكۈمەت خادىمى جازالاندى.

پياۋ جېڭشىنىڭ "ھۆكۈمەتنى پاكلاش ھەرىكىتى"دە قانۇن ماددىلىرى ئەمەس، بەلكى ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يوليورۇقلىرى ئاساسىي ۋاستە قىلىنغانىدى. قىسقىسى، مەزكۇر ھەرىكەتنى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋېلىش، قانۇن سىرتىدا جازالاشنى سەل ـ پەل ئاشۇرىۋېتىش، پەۋقۇلئاددە تەدبىرلەر ۋە چەكتىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى كۆپرەك قوللىنىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ ئېلىمىز تارىخىدىكى جۇ يۈەنجاڭ ئېلىپ بارغان خىيانەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي دولقۇنلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ نۇقتىنى "ھۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى"نىڭ فېئودال پادىشاھلار ئېلىپ بارغان خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن تومۇرداشلىقى شۇنداقلا ئۇنىڭدا تەربىيە ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە كۈچ چىقىرىلغانلىقى بىلەن تەھقىقلەش مۇمكىن. مىسالەن، 1976 ـ يىلى كورىيە ھۆكۈمىتى 3 مىليون 200 مىڭ نەپەر مەمۇرغا "مەنىۋى تەربىيە" ئېلىپ بېرىپ، 32 مىڭ 434 نەپەر "ئىلغار تىپ"نى تەقدىرلىدى. شۇنىڭدەك مەزكۇر

ھەرىكەت ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بىر قېتىملىق ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان پياۋ جېڭشى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن جەمئىيەت كەيپىياتىنى تۈزەشنى بىرلەشتۈردى. شۇ يىلى ئۇ "ھۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى"غا بىرلەشتۈرۈپ، كورىيانلاردىكى لايغەزەللىك، پەلىپەتىشلىك، چۈشكۈنلۈك، ئىسراپخورلۇق، قىمارۋازلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ئىللەتلىرىنى قاتتىق جازالاش مەزمۇنىدىكى «جەمئىيەت كەيپىياتىنى تۈزەش ھەرىكىتى پروگراممىسى»نى ئېلان قىلدى. قىسقىسى، "مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان"، "ھەر بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان" شۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تەكرارلىنىشى، دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، پياۋ جېڭشىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئەنئەنىۋى شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان، ھوقۇق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، پياۋ جېڭشىنىڭ كەسكىنلىكى، ئەستايىدىللىقى ۋە قەيسەرلىكى بىلەن، شۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئۈزۈنغىچە رەسمىيەتچىلىكتىن خالىي ھالدا راۋۇرۇس ئېلىپ بېرىلدى ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىلدى. پياۋ جېڭشى ھاكىمىيىتى تۈشمۇ تۈشتىن ئېلىپ بارغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، چىرىكلىكنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. بۇنىڭ بىلەن، مەركەزنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسەتلىرى خېلى ئوبدان يولغا قويۇلدى. كورىيىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان باشقا ئەللەردىن پەرقلىق يېرىمۇ دەل مۇشۇ. ياپونىيە ئالىملىرىدىن بىرەيلەن كورىيىنىڭ پياۋ جېڭشى زامانىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "كورىيىدىكى ئەسكىرىي ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرىنىڭ باشقا ئەللەردىكى ئەسكىرىي ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئالدىغا بايلىق

توپلاشنى ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى زاۋۇت ۋە كارخانا ئىگىلىرىگە قالدۇرۇشنى ئاخىرقى نىشان قىلغانىدى.“ بۇ هال مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، تۇزۇلمە خاراكتېرلىك چىرىكلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئەلدە، ناۋادا ئەمەلدارلار چىرىكلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە كۈچلۈك ئىرادىگە كەلسە، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە كارغا كېلىدىغان تەدبىرلەرنى ئىشقا سالالىسىلا، تۇزۇلمە خاراكتېرلىك چىرىكلىككە ياتىدىغان زىددىيەتنى بىراقلا تۈگىتىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئانچە- مۇنچە ئىش تەۋرەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، پياۋ جېڭشى گۇرۇھى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلغان كۈچلۈك تەدبىرگە تايىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە ۋە بيۇروكرات ئورگانلاردا قەلەمدارلارنى ئىشقا سېلىشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى هېسابتا سىياسىي تۈزۈم قۇرۇلمىسى ئىلاستىكلىقىنى يوقىتىپ، پياۋ جېڭشىنىڭ ئۆزىمۇ قەستكە ئۇچراشتەك ئاچچىق تراگېدىيە كېلىپ چىقتى.

ھەممىگە ئايانكى، زامانغا لايىق ئاڭ بىلەن قوراللانغان ھەربىي — پياۋ جېڭشى ئېلىپ بارغان ”هۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى“ بۇرۇنقى خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاش ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ: بىرىنچى، هۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى 45 پىرسەنت ئۆستۈرۈلۈپ، تۇرمۇش پاراۋانلىقى ياخشىلاندى. بۇنىڭ بىلەن كورىيىدە ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى خېلى ئۆزگەردى. ئىككىنچى، كونكرېت تۈزۈملەر ئاز- تولا ئىسلاھ قىلىندى. جۈملىدىن، كورىيە هۆكۈمىتى ئارتۇقچە تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئاۋامغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، خىزمەتتىكى ناچار ئىستىللارنى تۈگىتىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قائىدە- تۈزۈملەرنىڭ نامۇۋاپىق جايلىرىنى تۈزەتتى.

يەنى 1164 قائىدە- تۈزۈمنىڭ 968 ىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. بۇ ئىسلاھات كونكرېت ۋە ئىنچىكە ئېلىپ بېرىلغاچقا، بەزىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق باھا بەردى: "نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ لايىھىلەر مۇھىم ۋە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلالمىدى. ھالبۇكى، ئاشۇ لايىھىلەر ۋەجىدىن ۋۇجۇدقا چىققان سان ئۆزگىرىشى ۋە سىياسىي مەسىلەكىنىڭ شۇنىڭغا قاراپ مايىللىشىشىنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك يېڭىلىقتۇر". ئومۇمەن يۇقىرىقى ئىككى خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان "ھۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى"نىڭ كۈرەش مېۋىلىرى كورىيىدە ئۇزۇنغىچە ئۇنۇم بېرىپ، كورىيە سىياسىيسىغا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

## ئۈچىنچى، چىرىك پىرېزىدېنتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشى

پياۋ جېڭشى قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ۋەزىپىگە ئولتۇرغان پرېزىدېنتلاردىن چۈەن دۇخۇەن بىلەن لۇ تەييۈنىڭ ھەر ئىككىسى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم نىشان سۈپىتىدە داۋاملىق تۇتتى. جۈملىدىن ئۇلار "جەمئىيەتنى پاكلاش ھەرىكىتى" ۋە "يېڭى تەرتىپ، يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى" قاتارلىق دولقۇنلارنى قوزغاپ باقتى. لېكىن ئۇلار "خىيانەت قىلىپ ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان" دېگەن كۈچلۈك شىكايەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى پرېزىدېنت قانات يايدۇرغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى پياۋ جېڭشى ئېلىپ بارغان "ھۆكۈمەتنى پاكلاش دولقۇنى"غا سېلىشتۇرغاندا ئىدىيىۋى تەربىيىلا تەكىتلىنىپ، ئەمەلىي جازاغا سەل قارالغان "گۈلدۈرى بار- يامغۇرى يوق، شەكلى بار- مەزمۇنى يوق" قۇرۇق داۋراڭلا ئىدى. جۈملىدىن، بۇ ئىككى پرېزىدېنت زامانىسىدا "قانۇن- تۈزۈم ۋە خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئومۇملۇق ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە تەربىيە، ئىدارىلەر تەربىيىسى

ۋە نىشانلىق تەربىيىلەرنى قانات يايدۇرۇش لازىم" دېگەن يولىيورۇقلارغا ئاساسەن، نۇرغۇن تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. لېكىن، كورىيىچە، جۇملىدىن شەرقچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇنداق تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قىلچە ئەمەلىي ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقى رېئاللىق ئىچىدە ئىسپاتلاندى. چۈنكى، پرېزىدېنت قاتارلىق ھوقۇق مەركىزىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىمۇ چىرىكلىك پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىدا كۆچلۈك تەدبىر قوللىنىشقا پېتىنالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار باشلىغان ھەرىكەتمۇ ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگىگەن بولدى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت كەيپىياتى تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، چىرىكلىكنى نومۇس دەپ ئەمەس، بەلكى شەرەپ دەپ بىلىدىغان غەيرىي ھالەت پەيدا بولدى. تۆۋەندىكى خاراكتېرنى ئالغان چىرىكلىك كورىيە جەمئىيىتىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىڭ ھەممىسىدە يامراپ، كورىيە تارىخىدىكى چىرىكلىك ئەڭ ئەۋجىگە چىققان دەۋر شەكىللەندى. قىسقىسى، كورىيىدە يۈز بېرىۋاتقان بىنالار ئۆرۈلۈپ، كۆۋرۈكلەر ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىشتەك قورۇلۇش سۈپىتىگە ياتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى دەل ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاسارەتلىرىدىندۇر.

## تۆتىنچى، كورىيىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى باسقۇچى

كورىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كورىيىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا تەۋە نوپۇسمۇ شىددەت بىلەن كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئېڭى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. لېكىن ئۇلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بىردىنبىر نىشان قىلغان ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىن ۋە ئاشۇ ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا يامراپ كەتكەن ئېغىر

چېرىكلىكتىن قاتتىق نارازى بولۇشتى. كورېيانلار ئەزەلدىنلا كۆڭلى تۈز ۋە قىزىققان مىللەت بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى، دۆلەتنىڭ كېلەچىكى ۋە مىللەتنىڭ كامالىتى ئۈچۈن داغدۇغىلىق دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. كورېيىدە كۈندىن- كۈنگە ئەدەپ كېتىۋاتقان چېرىكلىك ئاۋامنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. خەلقنىڭ ئېگىلمەس- سۇنماس دېموكراتىك ھەرىكىتى ئاخىرى مېۋە بەردى. 1992- يىلى كورېيە تارىخىدا خەلق سايلىغان تۇنجى ھاكىمىيەت — جىن يۇڭسەن ھاكىمىيىتى تۇرغۇزۇلدى.

ئاۋامنىڭ ئۈمىد- ئىستەكلىرى جىن يۇڭسەننىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا، چېرىكلىكنى يوقىتىشنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە سۈپىتىدە جاكارلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ھاكىمىيەتنى پاكلاش دولقۇنىنى قوزغىدى.

كورېيىنىڭ ئاۋام سايلىغان تۇنجى پرېزىدېنتى جىن يۇڭسەننىڭ چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى دەسلەپتىلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن گەۋدىلەندى. ئۇ بولسىمۇ جىن يۇڭسەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئالدى بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مال- مۈلكىنى ئاۋامغا ئاشكارىلىدى. بۇ تەدبىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ شەخسىي مال- مۈلكىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماھىيەتلىك تۈرتكە بولدى.

ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ شەخسىي مال- مۈلكىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ نەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، چېرىكلىككە ماھىيەتلىك زەربە بېرەلەيدىغان كۈچلۈك قورال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كورېيە خەلقىمۇ بۇ خىل تۈزۈمنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتكەن ھەمدە بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. دېمەك، بۇ تۈزۈم جىن يۇڭسەن زامانىغا كەلگەندە رەسمىي يولغا قويۇلدى.

1960 - يىلىدىكى جاڭ مىيەن ھوقۇق تۇتقان چاغلاردا كورىيە ھۆكۈمىتى شەخسىيلەرنىڭ مال- مۈلكىنى تىزىملاش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن پالاتا مەزكۇر لايىھەنى ماقۇللاپ ئۆزۈنغا ئۆتمەيلا يەنە ئىنكار قىلىۋەتكەنىدى. 1964 - يىلى پياۋ جېڭشى مەمۇرلارنىڭ شەخسىي مۈلۈكلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تىزىملىتىش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئىش ئاۋارىچىلىق ھەم بېجىرىشكە بىئەپ بولغاچقا، ئارىلىقنا ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. 1981 - يىلى چۈەن دۇخۇەن ھاكىمىيىتى تۈزگەن «مەمۇرلار ئەخلاق قانۇنى»دا ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ شەخسىي مال- مۈلكىنى تىزىملاش تۈزۈمى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنى جىن يۇڭسەن دەۋرىدىكى شۇ ھەقتىكى قاتتىق ئىجرانىڭ قانۇنىي ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، مال- مۈلۈكنى تىزىملاش تۈزۈمىنى رەسمىي يولغا قويغاندا سىياسىي ساھەدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىۋېتىدىغانلىقىدىن سەل- پەل ئەنسىرەپ قالغان چۈەن دۇخۇەن مەزكۇر سىياسەتنى ئاشكارا يولغا قويۇشقا پېتىنالماي، مال- مۈلۈكنى تىزىملاشتا خۇپىيانە ئىش كۆرۈشنى پرىنسىپلاشتۇردى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاشكارا ئېلان قىلىنغان بىر قانۇننىڭ ئىجراسىغا ناۋادا نازارەتچىلىك يانداشتۇرۇلمىسا، ئۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

لېكىن، جىن يۇڭسەن بۇ سىرلىق پەردىنى دادىللىق بىلەن يىرتىپ تاشلىدى. جۇملىدىن ئۇ 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆزى ۋە بىۋاستە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ شەخسىي مۈلكىنى ئاۋامغا پۈتۈنلەي ئاشكارىلىدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاقىتلىق پارلامېنتقا يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرلارنىڭ شەخسىي مال- مۈلكىنى ئاشكارىلاش مەزمۇنىدىكى «ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئەخلاق قانۇنى»نىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھەسى سۇنۇلۇپ، پارلامېنتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قانۇن 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلدى.

ئەمما، جىن يۈگسەننىڭ چىرىكلەرنى چەنلەپ ئاتقان بۇ بومبىسى ئۆيلىمىغان يەردىن جىن يۈگسەن ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇپ قويدى.

يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرلارنىڭ شەخسىي مۈلكى تۇنجى قېتىم ئاۋامغا ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئىككى نەپەر مىنىستىر ۋە سېئۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى مال- مۈلكىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۆكتىچى پارتىيىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ باي- باياشاتلىق جەھەتتىكى روشەن پەرقى مانامەن دەپ ئاشكارىلىنىپ چىقتى. جۈملىدىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە بايلىقى 2 مىليارد 500 مىليون ۋون، ئۆكتىچى پارتىيىدىن بولغانلىرىنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون ۋون ئىدى. شەخسىي مۈلكى 10 مىلياد ۋوندىن ئاشىدىغان پارلامېت ئەزالىرى ئىچىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىدىن بولغانلىرى سەككىز نەپەر، ئۆكتىچى پارتىيىدىن بولغانلىرى ئالتە نەپەر ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق تەكشۈرۈش باشلىنىپ كەتتى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىدە شەخسىي مۈلۈكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىش ئەھۋالىنى ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش پەۋقۇلئاددە كومىتېتى قۇرۇلدى. مەزكۇر كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە بىر نەپەر پالاتا باشلىقى بىلەن ئىككى نەپەر پالاتا ئەزاسى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى؛ بىر نەپەر پالاتا باشلىقى بىلەن بىر نەپەر پالاتا ئەزاسى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى؛ نۇرغۇن پالاتا ئەزالىرى ئاشكارا ئاگاھلاندۇرۇلدى. ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىمۇ بەش نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى؛ 10 نەپەر ئەمەلدارغا باشقا چارىلەر كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يەرگە ئۇرۇلدى.

ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئېغىر بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالاقىدار قانۇنلارنىڭ ئاشكارا ئىجرا قىلىنىشى كورېيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينىدى.

جىن يۇڭسەن پۇل مۇئامىلىسىدە راست ئىسىم قوللىنىشنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىككىنچى نۇرلۇك تۈزۈملەشكەن تەدبىرى سۈپىتىدە يولغا قويدى. چۈنكى، پۇل مۇئامىلىسىدە راست ئىسىم قوللانغاندا، باج ئوغرىلاش قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يەڭ ئىچىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئاۋامغا بىلدۈرۈپ، شەخسىي مال-مۈلۈكنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولاتتى.

كورېيە تارىخىدا پۇل مۇئامىلىسىدە راست ئىسىم قوللىنىش تۈزۈمىمۇ شەخسىي مال- مۈلۈكنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىگە ئوخشاش خېلى بۇرۇنلا سىناپ بېقىلغانىدى. جۈملىدىن چۈەن دۇخۇەن ھاكىمىيىتى بىلەن لۇ تەيۇ ھاكىمىيىتى ئەينى ۋاقىتتا پۇل مۇئامىلىسىدە راست ئىسىم قوللىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى بولۇپ نۇرغۇن تەييارلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى قاتتىق بولغاچقا، ئاخىرى يېرىم يولدا بولدى قىلىنغانىدى. دۇرۇس، پۇل مۇئامىلىسىدە راست ئىسىم قوللىنىش تۈزۈمى جەمئىيەتتە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ خېلى مەزگىلگىچە قالايمىقانلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، جىن يۇڭسەن بۇ ھەقتىكى تەدبىرنى پارلامېنتنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنماستىنلا جىددىي بۇيرۇق سۈپىتىدە يولغا قويۇپ، قانۇنسىز مەبلەغلەرنى تۇيۇقسىز توپقا تۇتتى. جۈملىدىن 1993- يىل 8- ئاينىڭ 12- كۈنى ھەرقانداق پۇل مۇئامىلىسى پائالىيىتىدە چوقۇم راست ئىسىم قوللىنىش، يالغان ئىسىم قوللىنىلغان بارلىق مەبلەغلەرنى ئىككى ئايغىچە راست ئىسىم بىلەن ئېچىلغان ھېسابقا ئاغدۇرۇپ بولۇش، ناۋادا

ئۇنداق قىلىنمىسا مەبلەغدىن ھەسسىلەپ باج ئېلىشنى بېكىتتى.

پۇل مۇئامىلىسىدە راست ئىسىم قوللىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سابىق پرېزىدېنتلاردىن لۇ تەيىۋ ۋە چۇەن دۇخۇەننىڭ ناھايىتى نۇرغۇن خۇپىيانە مەبلىغى بار ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن 1995 ـ يىلى بۇ ئىككى نەپەر سابىق پرېزىدېنت سوتقا تارتىلدى. بىرىنچى سوت سابىق پرېزىدېنت چۇەن دۇخۇەنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ 225 مىلياد 900 مىليون ۋون جەرىمانە قويۇش، لۇ تەيىۋگە 22 يىل 6 ئايلىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ 283 مىلياد 800 مىليون ۋون جەرىمانە قويۇش ھەققىدە ھۆكۈم چىقاردى.

جىن يۇڭسەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا كورېيە تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈچلۈك تەدبىرنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن قىزىق يېرى، بۇ ھەرىكەت ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. جۈملىدىن جىن يۇڭسەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن "سۇنى باشتىن سۈزۈلدۈرۈش"نى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ، سىياسىي سەھنىدە باشتىن ـ ئاياغ پاك ياشاپ، تۇرمۇشتا ئىنتايىن ئاددىي ـ ساددا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن كورېيىدە ھەممىنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن چىرىكلىك ئىللىتى ئاخىرى بېرىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋەيران قىلدى. يەنى ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى ۋە ئىككى ئوغلى چىرىكلىك سەۋەبىدىن قولغا ئېلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىناۋىتى بىراقلا تۆكۈلۈپ كەتتى. قىسقىسى، جىن يۇڭسەننىڭ قىسمىتى كورېيە جەمئىيىتىدىكى چىرىكلىكنى تۈگىتىشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرى تۈزەلسە تۆۋەنمۇ ئۆزلۈكىدىن تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان جىن يۇڭسەن چىرىكلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش مەقسىتىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا مەۋقەنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرلىرىغىلا قارىتىپ قويدى. لېكىن رېئال پاكىت جىن يۇڭسەندىكى بۇ مەنتىقنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىدى. چۈنكى، جىن يۈگسەن ھوقۇق يۈرگۈزگەن چاغلاردا كورىيىدىكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام ئەمەلدارلارنى چىرىكلىكتىن توسۇشتا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغانىدى.

نېمىلا دېگەن بىلەن كورىيانلار قەيسەرلىكى بىلەن دۇنياغا داڭلىق مىللەت. شۇڭا جىن يۈگسەن چىرىكلىككە قارشى تۇرىمەن دەپ ئۆزىنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن تەختكە چىققان جىن داجۇڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. جىن داجۇڭ تۈزۈم ئارقىلىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش يولىدا نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. جۈملىدىن ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلىپ، شەخسىي مال- مۈلۈكنى تىزىملاپ ئاشكارىلاش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى؛ ئاشكارىلانغان مال- مۈلۈكلەرنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى كاپالەتلەندۈرۈلدى. جىن داجۇڭ بۇنىڭدا ئىجادىي ئىش كۆرۈپ، شەھەر ئاھالىلىرى تەشكىلاتلىرىنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قوشۇنىغا ئېلىپ كىرىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا مەركىزىي ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىنى تەپتىش قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنۇشقا ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرلار ئارىسىدىكى چىرىكلىكنى ئۈزۈل- كېسىل تۈگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. چۈنكى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى چىرىكلىك يۇقىرىدىكىگە قارىغاندا ئېغىر ھەم ئومۇملاشقان بولغاچقا، جەمئىيەتكە بولغان زىيان- زەخمىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغانىدى.

جىن داجۇڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى خېلى ئوبدان ئۈنۈم بەردى. جۈملىدىن، 1999- يىل 9- ئايدىن 2000- يىل 6- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 2246 نەپەر چىرىكلىك گۇماندارى تەكشۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن 810 ئادەم قولغا ئېلىندى. ئامېرىكا سودا

مىنىستىرلىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتلىرىغا ئالاقىدار «چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش توختامنامىسى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىدا كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، كورىيىنى "چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئۈلگىلىك دۆلەتلەردىن" دەپ تونۇشتۇردى.

كۆلكىلىك يېرى شۇكى، كورىيە پرېزىدېنتلىرى قانات يايدۇرغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسىدە ئاخىرى بېرىپ پرېزىدېنتلارنىڭ بېشىغا پىت چۈشتى. مىسالەن، باشتىن- ئاياغ پاك ئۆتكەن جىن داجۇڭ سابىق پرېزىدېنت جىن يۇڭسەننىڭ ئۈچ ئوغلىنى چىرىكلىك ۋەجىدىن قاماققا ئالغانىدى. لېكىن ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ دەل چىرىكلەشكەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە كىردى. يەنى ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى جىن خۇڭيې 4 مىلياد 800 مىليون ۋون پارا ئالغانلىقى ۋە باج ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىككى يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى؛ كەنجى ئوغلى جىن خۇڭجېمۇ 3 مىلياد 500 مىليون ۋون پارا ئالغانلىق قىلمىشى بىلەن ئىككى يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. شۇ سەۋەبلەردىن چاچلىرىنى ئاق ئارىلاشقا باشلىغان جىن داجۇڭ تەختتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن ئوغۇللىرىنىڭ سەتچىلىكى ئۈچۈن كورىيە پۇقرالىرىدىن بەش قېتىم ئاشكارا ئەپۇ سورىدى. ھەممىدىن قايىل قىلارلىق يېرى شۇكى، جىن داجۇڭنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىشى دەل جىن داجۇڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدا چۈشكەن شىكايەتكە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىندى.

رېئاللىق كورىيىدە ئېلىپ بېرىلغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مۇساپىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، لېكىن كورىيىلىكلەرمۇ ئۆزلىرىدىكى ئېگىلمەس- سۇنماس ئىرادىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ كۆرسەتتەلىدى. «تەپتىش» گېزىتىنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، پرېزىدېنت مەھكىمىسىدىكى يۇقىرى

دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ 2003- يىل 3- ئاينىڭ 2- كۈنى ئاشكارىلىشىچە، بەزىبىر چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پرېزىدېنت لۇ ۋۇشۇەن جەمەتى بىلەن باغلىنىشى بار- يوقلۇقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پرېزىدېنتنىڭ بارلىق ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى سوتكىلاپ نازارەت ئاستىغا ئالغان.

ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، پرېزىدېنت چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كومىتېتى قانارلىق تارمافلارنىڭ ئەمەلدارلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ ساقچى تەرەپ بىلەن بىرلىكتە نازارەت قىلىش ھەمكارلىقى ئورنىتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پرېزىدېنت مەھكىمىسىدە يەنە پرېزىدېنتنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى چىرىكلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەخسۇس شۇلارنى نازارەت قىلىدىغان مۇستەقىل ئاپپارات قۇرۇلۇپتۇ.

## كورىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىكى

كورىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، كورىيە پرېزىدېنتلىرىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى نىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن دۇرۇس، ئىرادىسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. جۈملىدىن، كورىيىدە ئۆتكەن نەچچە قارارلىق پرېزىدېنتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەختكە چىقىپلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ھاكىمىيەتچىلىكتىكى بىرىنچى ۋەزىپە سۈپىتىدە ئۇتتى. مىسالەن، پياۋ جېڭشى "ئەلدىكى چىرىكلىك ۋە جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى ئۈزۈل- كېسىل تۈگىتىپ، خارابلىشىپ كېتىۋاتقان مىللەت ئەخلاقى ۋە مىللەت روھىنى قايتا ئۇرغۇتىمەن" دەپ قەسەمىيات قىلغانىدى؛ جىن يۇڭسەن چىرىكلىكنى "كورىيىچە كېسەل" دەپ ئاتاپ، "ھەرقانداق ھالقىنى توسقۇنسىز تەرتىپكە سېلىش"نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى؛ جىن داجۇڭ «چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش

قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقىش مۇددىئاسى ھەققىدە توختالغاندا: "ئېلىمىز 'چىرىكلەر جۇمھۇرىيىتى'گە ئايلىنىپ قالدى" دېگەن سۆزى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. قىسقىسى، كورىيە پرېزىدېنتلىرى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ماقالە- نۇتۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدە "ئۈزۈل- كېسىل"، "ئومۇميۈزلۈك"، "قەتئىي نىيەت بىلەن"، "تۆپ يىلتىزىدىن" دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

مۇھىمى، كورىيانلاردىكى ئۇنىداق شوئارلار ئېغىزدىكى گەپ ھالىتىدىن رېئاللىققا ئۆتتى. كورىيانلار مىجەزى كەسكىن خەق بولغاچقا، بىرەر ئىشنى قىلىشتا "سىپايىگەرلىك بىلەن سىلىقى- سىلاش قىلىش"، "ئەندىشىدە كۆمسەم پىشارمۇ- ياقسام پىشارمۇ دەپ ئاقىلانە ئويلىنىش"، "سوغۇققانلىق بىلەن يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش"، "تىنچ- ئامانلىق ئۈچۈن قەدەمنى پۇختا بېسىش" دېگەنلەرنى ئانچە نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ھەربىر قارارلىق پرېزىدېنت ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەن تەڭلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە ئىجتىمائىي دولقۇن قوزغىدى. ھەتتا ئاۋامنىڭ سايلىشى بىلەن تەختكە چىقىپ تۈزۈملەشتۈرۈشتە داڭ چىقارغان جىن يۇڭسەن بىلەن جىن داجۇڭمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇلار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى "سۇنى باشتىن سۈزۈلدۈرۈش ھەرىكىتى"، "مىللەتنىڭ ھاكىمىيەتنى پاكلاش دولقۇنى" دەپ ئاتىدى. مىسالەن، پياۋ جېڭشىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى چاقماق تېزلىكىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلدى؛ جىن يۇڭسەن بىلەن جىن داجۇڭنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن "ھاكىمىيەتنى پاكلاش بوھرانى" دەپ ئاتالغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بيۇروكراتلار سىستېمىسى ۋە چىرىكلەشكەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

بولۇپمۇ چىرىكلىككە قارشى تۇرغان بۇ پرېزىدېنتلارنىڭ مىللەت ئەخلاقىنى قوغداش جەھەتتە كۆرسەتكەن يۈكسەك جاسارىتى ئادەمنى

تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى تەۋە گۇرۇھ ۋە پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويالىدى؛ ئىشنى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ شەخسىي مال- مۈلكىنى ئاشكارىلاش، پۇل مۇئامىلىسىدە راست ئىسىم قوللىنىشتەك ئەڭ قىيىن، ئەڭ توسقۇنلۇق مەسىلىدىن باشلاپ، ئاخىرقى ھېسابتا گەرچە پارتىيە- گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ نوچىلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالىدى؛ ھەتتا بۇ دەھشەتلىك دولقۇن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يۇتۇپ كەتسىمۇ ئۇلار بۇنىڭغا غىڭ قىلمىدى. قىسقىسى، كورىيە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇنداق ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى ئاخىرى كورىيىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى بۇ خىل قەتئىي ئىرادىسىگە ئەل رايىنىڭ كۈچلۈك بېسىمىمۇ سەۋەب بولدى. يەنە كېلىپ كورىيە پرېزىدېنتلىرىدىكى بۇ خىل دادىللىقمۇ دەل ئەل رايى ئاساسىدا يېتىلگەن. تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، چىرىكلىك ”تولىلىقىدىن كۆزگە سىڭىپ كەتكەن“ ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، كورىيىدىكى چىرىكلىكنى ”چەكتىن ئاشقان“ دەپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، كورىيە جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىككە بولغان نەپرىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، كورىيىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە تەۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا قاتتىق ئېلىپ بېرىلدى. دېمەك، كورىيە جەمئىيىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك ئىنكاسىنى كورىيىنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا باشلىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

پىياۋ جېڭشى دېموكراتىك كۈچلەرنى تەرەققىيات يولىدىكى پۈتلىكاشاڭ دەپ تونۇيدىغان بولغاچقا، تەختكە چىقىپلا ئۇنى يوقىتىشقا

ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كورىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىمۇ سىياسىيغا ئارىلىشىش ئامىلى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، كورىيىدىكى دېموكراتىك كۈچلەر ناھايىتى ئاجىز ئورۇندا چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، كورىيىدە يەنىلا ئۈچ ھوقۇق ئايرىلغان دېموكراتىك ئەندىزىگە ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆكتىچىلەر ئۆز كۈچىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە نۆۋەتلىك ھەربىي ھاكىمىيەت مائارىپ تەرەققىياتىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بەرگەچكە، كورىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى جانلىق ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلاندى. جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى ۋە ئاۋامنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتكە بولغان مايىللىقى كۈچلۈك ئىجتىمائىي داغدۇغىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەربىي ھاكىمىيەتنى ئاۋامغا ئىمكانقەدەر ساداقەت كۆرسىتىپ، چېرىكلىكتىن ئىمكانقەدەر يىراق تۇرۇپ، ئۆكتىچىلەرگە كوكۇلىسىدىن تۇتقۇزۇپ قويماسلىققا مەجبۇر قىلدى. بۇ ھال پەرقلىق مەپكۇرىدىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، سېنترالىستىك تۈزۈلمە(ھاكىمىيەت ھوقۇقى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمە، — تەرجىماندىن) شارائىتىدىكى چېرىكلىكنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشنىڭ ئوبدان چارىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كورىيىدە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە ئاۋامنىڭ دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي تەشەببۇس — چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىدى.

كورىيە خەلقى دېموكراتىيە ئىزدەش يولىدا قۇربان بېرىشلەردىن قورقماي دادىللىق بىلەن قەيسەرلىك كۆرسەتتى، ھۆكۈمەت بولسا ئۇنداق ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئالدىدا ئۇنى باستۇرۇش تەدبىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاقىلانىلىك بىلەن مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇش تەدبىرىنى تاللىدى. بۇ ئامىللار كورىيىدىكى دېموكراتىك سىياسىينىڭ تېز كامال تېپىشىغا تۈرتكە بولدى. كورىيە دېموكراتىك تۈزۈلمىگە

ئوڭۇشلۇق ئۆتكەندىن كېيىن، ئاۋام سايلىغان پرېزىدېنتلار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا خەلق رايى بويىچە ماھىيەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قازانمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مىسالەن، جىن داجۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە پرېزىدېنت ئاممىۋى كۆچلەرنىڭ بېسىمىنى بىۋاسىتە مەدەتكارغا ئايلاندۇرۇپ، «چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»دا شەھەر ئاھالىلىرى ئۆيۈشمىلىرىنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قوشۇنىغا ئېلىپ كىرىشنى بەلگىلىدى. شۇنداقلا ئاۋامنى چىرىكلەشكەنلەرنى نازارەت قىلىش، پاش قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەريانىنى تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلىدىن تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا ئۆتۈش — كورىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن كورىيىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىكى تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزۈپ قويماي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

كورىيىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى نىشان قىلغان تۈزۈملەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانىنى جاپا- مۇشەققەتكە تولغان راۋاجلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانى دېيىشكە بولىدۇ. كورىيىدىكى ئىككى نەپەر "چىرىك پرېزىدېنت"نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇختاۋسىز تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە كورىيىدىكى چىرىكلىككە قارشى قوزغالغان ئاممىۋى ھەرىكەتلەر بېسىقىغا چۈشكەندىن كېيىن، يۇقىرىقى تۈزۈملەر ئۆز سۈرىنى بارا- بارا كۆرسىتىشكە باشلىدى. پياۋ جېڭشى ھاكىمىيىتىدىن جىن داجۇڭ ھاكىمىيىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا، كورىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مۇساپىسىدىكى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئادىتى بارا- بارا

قانۇن- تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ئورۇن بوشاتتى. بۇنىڭ بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ باردى.

كورېيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، كورېيە ئۆرنەك ئالغان چەت ئەللەرنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى كورېيە جەمئىيىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

كورېيىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشقا ئەللەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ مەھسۇلى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مەدەتكارلىقى كورېيىنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى ئاساسىي يۆلەنچۈكى ئىدى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ كىرىشكە قانۇنىي يول ھازىرلاپلا قالماي، بەلكى كورېيە سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۇھىم ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئەتتى. مەدەنىيەت خاراكتېرى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پىياۋ جېڭشى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ دەل ياپونچە سىياسىي ئۇسلۇب ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەجرىبىسىدىن كەلگەن. پىياۋ جېڭشىدىن كېيىنكى ھەربىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئامېرىكىدىن ئۆگەنگىنى ياپونىيىدىن ئۆگەنگىنىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تۈسى ھەددىدىن زىيادە قويۇق بولغان ئەل ناۋادا چەت ئەللەرنىڭ سىياسىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئالمىسا، ئۇنىڭ سىياسىي مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە كورېيىدەك بىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەنتىقىنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىگە تەتبىقلىساق شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، كورېيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنالىغانلىقى — غەربنىڭ ئاشكارا قانۇنچىلىق قاتارلىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى دادىل قوبۇل

قىلىپ، سىياسىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەلىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## كورىيىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن ئىلھامى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيىنى قاتتىق تۈزەش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پرىنسىپىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە شانلىق نەتىجىلەرنى قازاندى.

«خەلق گېزىتى»نىڭ 1989- يىلى 8- ئاينىڭ 11- كۈنىدىكى «پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يېڭى باشلىنىش قىلايلى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالىسىدە مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك خىزمىتىنىڭ چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1990- يىلى 3- ئايدا پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6- ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. 1994- يىل 3- ئايدا پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ئومۇمىي يىغىنىدا «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» بېكىتىلىپ، نازارەتچىلىك، كونتروللۇق مېخانىزمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1997- يىلدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت يەنە «پارتىيە ئىنتىزامى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە بەلگىلىمە»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

ئىنتىزام جازاسى نىزامى(سىناق نۇسخا)»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك- دىيانەتلىك بولۇشىغا ئالاقىدار بىر قانچە مىزانى(سىناق نۇسخا)» قاتارلىق بىر يۈرۈش قائىدە- تۈزۈملەرنى ئارقا- ئارقىدىن بېكىتىپ ئېلان قىلدى. شۇنداقلا 1997- يىلىدىن بۇيان ئېلىمىزدە بۇ ھەقتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مۇنچە مۇھىم تەدبىر يولغا قويۇلدى. مىسالەن: بىرىنچى، مەركەزگە قاراشلىق پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن ئۇلار قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ئايرىۋېتىلدى، ھەربىي قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ سودا قىلىشى بىردەك مەنئى قىلىندى؛ ئىككىنچى، پوچتا- تېلېگراف ساھەسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قايتا تەشكىللىنىپ، ساھە مونوپوللۇقى بۇزۇپ تاشلاندى؛ ئۈچىنچى، ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، مەمۇرىيەت ئىسلاھ قىلىنىپ، 789 خىل تەستىقلاش تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇلدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا جەمئىيەتتە ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلغان بىر تۈركۈم پارىخور- چىرىك ئۇنسۇرلارنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىپ، چىرىكلەشكەنلەرنىڭ قاتتىق ئەدىپىنى بېرىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. مىسالەن، 2003- يىلىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلكە- مىنىستىر دەرىجىلىك 13 ئەمەلدارنىڭ پارىخورلۇق مەسىلىسى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىندى.

لېكىن، ئېلىمىزدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن، ۋەزىپىسى ئېغىر ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. «ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»دىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇمكى، ئىسلاھات يولغا قويۇلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئېلىمىزدە چىرىكلىك قىلمىشلىرىدىن دېلو

تۇرغۇزۇپ تەيتىش قىلىش ئۆلچىمى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن دېلو سانى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22 پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن كۆپىيىپ، ئىقتىسادنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتتى.

كورىيە بىلەن جۇڭگونىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئىلىمىزدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە مۇنداق نۇقسانلارنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى بايقايمىز:

بىرىنچى، قائىدە- تۈزۈملەر شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا ئېغىر مەسىلە ساقلاندى.

كورىيىدە ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشقا ئائىت قائىدە- تۈزۈمدىن پەقەت ئىككىسىلا بار. ئۇنىڭ بىرى، «ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئەخلاق قانۇنى»؛ يەنە بىرى، «چىرىكلىكتىن ساقلىنىش قانۇنى». شياڭگاڭدىمۇ چىرىكلىكتىن ساقلىنىش ھەققىدە پەقەت «پارىخورلۇقتىن ساقلىنىش نىزامى» بىلەن «پاك مەھكىمە نىزامى»لا بار. ھەتتا قانۇن- تۈزۈمنىڭ تولىلىقى بىلەن داڭلىق سانىلىدىغان ئامېرىكىدىمۇ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك- دىيانەتلىك بولۇش ھەققىدە پەقەت 11 تۈرلۈك قانۇن- نىزاملا تۈزۈلگەن. لېكىن جۇڭگودا ھازىرغىچە تۈزۈلگەن پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت قائىدە- تۈزۈملەر 1000 خىلغا يېتىپ بارىدۇ. ھالبۇكى، بۇ قائىدە- تۈزۈملەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭكىدەك ئۇنچىۋالا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرەلمىدى.

چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى پاكلىق تەتقىقاتى ئىشخانىسىدىكى رېن جيەيمىن تەپەندىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇمكى، ئىلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پاكلىق قۇرۇلۇشى ھەققىدە مەركەز تۈزۈپ تارقاتقان ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشچان قائىدە- نىزامنىڭ ئۆزىلا 450 خىلدىن ئاشىدۇ. لېكىن 450 خىلدىن ئاشىدىغان بۇ قائىدە- نىزاملارنىڭ 70 پىرسەنتىدە پەقەت تەربىيىلەشلا ئاساس قىلىنغان بولغاچقا، ئۇلاردا ھېچقانداق جازالاش

تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان؛ يەنە كېلىپ ئۆلارنىڭ 90 پىرسەنتى پارتىيە- ھۆكۈمەت تۈزگەن ۋاقىتلىق بەلگىلىمە، خالاس. ھۆكۈمەت بېكىتكەن تەدبىرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان دېگەندەك نەزەرگە ئېلىنمىغان بولۇپ، تەكرارلىق ناھايىتىمۇ ئېغىر. مىسالەن، چەت ئەلگە چىقىش ئىشىنى ئېلىپ ئېيتساق: 16 يىل مابەينىدە بۇ ھەقتىكى قائىدە- نىزامدىن 66 سى تۈزۈپ ئېلان قىلىندى. يەنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئۈچ ئايدا بىر تۈرلۈك قائىدە تۈزۈلدى، دېگەن گەپ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قائىدە- نىزاملارنىڭ 66 پىرسەنتى چىرىكلىكنىڭ ماھىيەتلىك نىگىزىگە ئەمەس، بەلكى كونكرېت ھادىسىگىلا قارىتىلغان.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ”ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇش“ بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلەنگەچكە، مەسىلە تۈپ نېگىزىدىن ھەل قىلىنمىدى. دېمەك، بۇ ھال قائىدە- تۈزۈمدىكى پاسسىپلىق ۋە تەكرارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىسالەن، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن قىلىنىدىغان ئىستېمالنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. جۈملىدىن ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ- ئىچىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا ساياھەت قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن چەت ئەلگە چىقىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا ماشىنا سېتىۋېلىش قاتارلىق نۇرغۇن شەكىللەردە ئېپادىلەندى، ھەتتا شەكىل جەھەتتە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇردى. ھالبۇكى، ئېلىمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى قائىدە- تۈزۈملىرىدە بۇ خىل چىرىكلىكنىڭ دەل ھۆكۈمەت خىراجىتىنى باشقۇرۇشنىڭ ئاجىز ۋە كونترولسىز قېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيەتلىك سەۋەبىگە سەل قارىلىپ، ھە دېسىلا ماھىيەتتىن ئەمەس، بەلكى ھادىسە نۇقتىسىدىنلا چەكلەش خاھىشى ئاساسىي ئورۇنغا

قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تۈزۈلگەن قائىدە- تۈزۈملەر دېگەندەك ئۈنۈم بېرەلمىدى، ھەتتا قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى.

ئېلىمىزدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى قائىدە- تۈزۈملەرنى تۈزۈش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوبدان چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىمىزنىڭ «پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھاكىمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ كىرىمىنى مەلۇم قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمە»سى بىلەن كورىيىنىڭ «ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئەخلاق قانۇنى»دا ئوتتۇرىدا قويۇلغان شەخسىي كىرىمنى مەلۇم قىلىشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا كۇپايە. ئېلىمىزنىڭ «پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھاكىمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ كىرىمىنى مەلۇم قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمە»سى ئاران 800 خەتلا بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىنلا ئىبارەت:

1. ھاكىمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار ئۆز كىرىمىنى مەلۇم قىلىشى شەرت.

2. مەلۇم قىلىنىدىغان كىرىم ئىش ھەققى ۋە ئىش ھەققى خاراكتېرىنى ئالغان كىرىم؛ دەرس ئۆتۈش، يېزىقچىلىق قىلىش، رەسساملىق ۋە خەتتاتلىق قاتارلىقلاردىن قىلغان تاپاۋەت؛ كەسپىي ۋە كارخانا ئورۇنلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ھۆددىگەرلىك ۋە ئىجارە تىجارىتىدىن قىلغان تاپاۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. كىرىم شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ كادىرلار باشقارمىسىغا مەلۇم قىلىنىدۇ.

4. كىرىمنى مەلۇم قىلمىغان رەھبەرگە تەنقىدىي تەربىيە ياكى پارتىيە ئىنتىزامى ياكى مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە ئىنچىكە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مەلۇم قىلىنغان كىرىمنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى قانداق ئېنىقلاشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزمۇننىڭ كەم ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز.

بۇ هال گويا ئىمتىهان قەغىزىنى يىغىۋېلىپ ئۇنىڭغا نومۇر قويمىغانغا ياكى بانكا خادىملىرىنىڭ مۇئامىلىدارىدىن پۇلنى ئېلىشنى بىلىپ، ئېلىنغان پۇلنىڭ راست ياكى ساختا ئىكەنلىكى بىلەن كارى بولمىغىنىغا ئوخشايدۇ. يۇقىرىقى بەلگىلىمىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا گەرچە يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن هازىرغىچە كىرىمنى مەلۇم قىلدۇرۇش يولى بىلەن بىرەر چىرىك ئەمەلدار تارتىپ چىقىرىلغىنى يوق.

هالبۇكى، كورىيىنىڭ «هۆكۈمەت خادىملىرى ئەخلاق قانۇنى»نىڭ "مال- مۈلۈكنى تىزىملىتىش ۋە ئاشكارىلاش" دېگەن ئىككىنچى بابى نەق 10 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا "تىزىملىنىدىغان مال- مۈلۈك ئىلتىماس قىلغۇچى، ئۇنىڭ جۆرىسى ۋە بىۋاسىتە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆي- زېمىنى، قولىدىكى نەق پۇلى، بانكىدىكى ئامانەت پۇلى، زايوملىرى ، پاي چېكى ۋە گۆھەر- ياقۇتلىرى ، قىممەتلىك تەۋەررۈكلىرى ، سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك مال- مۈلۈكلەرنى تەكشۈرۈش هوقۇقىنىڭ دائىرىسىمۇ ناهايىتى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. مىسالەن، ئۇنىڭدا "پۇل مۇئامىلىسى ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن كەسپىي مۇئامىلىگە ئائىت ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. پۇل مۇئامىلىسى ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ بۇنى رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ" دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كىرىمنى مەلۇم قىلىش نەتىجىسىنىڭ بىر ئايغىچە هۆكۈمەت گېزىتى ياكى ئاممىۋى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىشى لازىملىقى، كىرىمنى تىزىملىتىشنى رەت قىلغان ياكى كىرىمنى يالغاندىن مەلۇم قىلغانلارغا بىر يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىقى ئالاهىدە بېكىتىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىنلا جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قىسقىسى، قائىدە- تۈزۈم شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلسا قانۇن- ئىنتىزام

بوشىشىپ، ئۇنىڭ چەكلەش كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىرىكلىشىش جىنايىتى ئاسانلىشىپ، ئاخىرى تىزگىنسىز قالىدۇ.

ئىككىنچى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىرلەشتۈرۈلگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

كورىيىدە سىياسىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچقاندەك راۋاجلاندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىمالال ۋە ھەقىقىي ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىيسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ھوقۇقنى دېموكراتىك تۈزۈم ئارقىلىق پاكلاش لازىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. ھوقۇق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، دېموكراتىيە ــ ئەمەلدارلار ھوقۇقىغا پۇقرالار ھوقۇقى ئارقىلىق چەك قويۇش، دېمەكتۇر. شۇڭا، مۇكەممەل ۋە ساغلام بولغان دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ھوقۇققا چەك قويۇش ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشقا سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەۋزەللىكى ھەقىقەتەن گەۋدىلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئاقىۋەتكە دادىللىق بىلەن ئىگە بولۇشقا، قورقماي بەدەل تۆلەشكە، قىسقىسى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چىرىكلىك، قانۇن كرىزىسى بىلەن ئەخلاق كرىزىسىگە زېمىن ھازىرلايدۇ. بۇ مەسىلىنى تۈگىتىشتە قولىدىكى ھوقۇقتىن مەھرۇم قېلىشتەك ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەيدىغان گەپ. شۇڭا، بۇنىڭدا چىرىكلىكنى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئۈچۈن مۇقىملىقنى ئىزدەيدىغان ۋە فوغدايدىغان ئامىل سۈپىتىدە مۇۋاپىق ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىيلىقىنى كرىزىسقا باشلاپ، مۇقىملىقنى بۇزىدىغان سەلبىي ئامىل سۈپىتىدە قارشى تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان پاكىت. ھازىر بەدەل تۆلەنمىسە كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور بەدەللەرنىڭ تۆلىنىدىغانلىقىمۇ ھەممە

بىلىدىغان قائىدە. شۇڭا، كورىيىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئاۋام- پۇقرانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز پارتىيىسىنىڭ ئوبرازى ھەتتا پەرزەنتلىرىنى قۇربان قىلىشتەك دادىللىقى ۋە كەڭ قورساقلىقىدىن ئۆگىنىشىمىزگە، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" مۇھىم ئىدىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، كۈچلۈك ئەخلاقىي دادىللىق ۋە يېتۈك سىياسىي ئەقىل- پاراسەت بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەقىقىي ئۈنۈم يارىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا غەربنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چارىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىز لازىم. چۈنكى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن چىرىكلىكنى چەكلىيەلەيدىغان تۈزۈم خاراكتېرلىك ئامىللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا ئىلگىرىكىدەك جازالاش بىلەن تەربىيىلەشكە ھەددىدىن زىيادە ئېسىلىۋالىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، غەربنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرى بىز ئۈچۈن غايەت زور بايلىق. شۇڭا غەربنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش جەھەتتە نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ھادىسە بىلەن ماھىيەتكە تەڭ ھۇجۇم قىلىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تەڭ قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

# كورىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مائارىپىدىن سېلىشتۇرما

روشەن پەرق

جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە زادى نېمە؟ سەنئىتيا قۇرۇلۇشىمۇ؟ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشمۇ؟ ياكى ئۇچار پويىز ياساشمۇ؟ ياق! ئۇ پەقەت مائارىپ مەسىلىسىلا، خالاس.

دۇرۇس، تېز سۈرئەتلىك تاش يولدىن بىرەرنى ياساپ چىقساق شۇ يىلىلا ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جۇملىدىن ئۇ GNPنى بىر نەچچە پوئېنت ئۆستۈرەلەيدۇ. لېكىن، مائارىپ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈنۈم بېرىشى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭكىگە قارىغاندا ئاستا بولىدۇ. شۇڭا مائارىپنىڭ بىر ئەۋلاد ھەتتا بىر نەچچە ئەۋلادنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى، مائارىپتىن چاتاق چىقسا دۆلەتنىڭ ئۇلى ۋە دەرمانىغا دەز كېتىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ب ب س نىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ 2003- يىل 9- ئاينىڭ 20- كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەمەلدارى جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئاممىۋى مائارىپ ئۈچۈن ئاجرىتىدىغان خىراجىتى ئەڭ تۆۋەن دۆلەتلەردىن بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە مائارىپ ئىشلىرىدا "نامراتلارنى كەمسىتىش" پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇلاردىن قۇربى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئوقۇش ھەققى ئېلىۋاتقانلىقىنى مىسال

قىلىپ، جۇڭگونى تەنقىدلەپتۇ. جۇڭگونىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە خېلى ئارقىدا بولۇپ، ھەتتا ئەڭ نامرات دۆلەت ــ ئوگاندادىنمۇ يەتمەيدىكەن.

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى ئاساسى ئوخشىشىپ كېتەتتى. مىسالەن، 1945 ـ يىلى كورىيانلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 78 پىرسەنت بولۇپ، جۇڭگو بىلەن ئاساسەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى: ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيتتى. ھالبۇكى، ئارىدىن 51 يىل ئۆتۈپ 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە كورىيىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى 37 پىرسەنتكە يەتتى. يەنى كورىيە بۇ جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ئاۋسترىيىنىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇپ، دۇنيادا تۇنجى قېتىم بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. لېكىن، جۇڭگودا بولسا بۇ نىسبەت ئاران 5 پىرسەنت بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىنچىكە ئارقىدا تۇرۇپ كەلدى. كورىيە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ بولغان زامانلاردا بولسا، ئېلىمىز جۇڭگودا 220 مىليون نوپۇس تېخىچە ساۋاتسىز ئىدى.

«جۇڭگونىڭ مائارىپ ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات»تا كۆرسىتىلىشىچە، ئېلىمىزدىكى 25 ياشتىن يۇقىرى نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە مەلۇماتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىق سەۋىيىسىگىمۇ يەتمەيدىكەن؛ ھالبۇكى، كورىيە پۇقرالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەن ۋاقتى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭكىدىن تۆت يىل ئارتۇق ئىكەن.

دۇنيادىكى مائارىپى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن بولغان كورىيە نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا مائارىپ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ساھەدىكىلەرنى قوشقاندا كورىيە نوپۇسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك مائارىپ ئۈچۈن تىرىشىدۇ، دېگەن گەپ. كورىيە مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەردە

دۇنيادىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يېتىپ بولدى. ھالبۇكى، بىز بولساق توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولالماسلىق، نامرات رايونلاردىكى ئوقۇشسىز قېلىۋاتقانلارنىڭ نىسبىتى ئېشىپ كېتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى سۆرەش، نامرات ئوقۇغۇچىلار قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالماسلىقتەك ئېغىر مەسىلىلەر ئىچىدە ھالسىراۋاتىمىز.

قىسقىسى، مائارىپ ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىمىزنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى مانا ھازىردىن باشلاپلا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ۋاھالەنكى، مائارىپنىڭ خاسىيىتى بىلەن بىر قەدەر يۇقىرى ساپاغا ئىگە بولغان كورىيە پۇقرالىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا غايەت زور روللارنى ئويناپ ”خەنجياڭ مۆجىزىسى“نى ياراتتى؛ ئەقەللىيسى ئۆز دۆلىتىگە ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىدىن ئەڭ تېز قۇتۇلۇپ كېتىش قۇدرىتى بېرەلىدى. كورىيە ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلىكى ساھەسىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى تەدرىجىي نامايان قىلىشقا باشلىدى. مىسالەن، كورىيە ھەر يىلى ئىلتىماس قىلىنىدىغان پاتېنت سانىنى 140 مىڭغا يەتكۈزۈپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پاتېنت سانى جەھەتتە ياپونىيىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئەمما نوپۇس جەھەتتە كورىيىنىڭ نەچچە ئون ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان جۇڭگو بولسا ھەر يىلى ئىلتىماس قىلىنىدىغان پاتېنت سانىنى ئاران 13 مىڭغا يەتكۈزەلىگەنلىكى ئۈچۈن، پاتېنت سانىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە يەنىلا ئارقىدا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئېلىمىزدە كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان تۆۋەن مەلۇماتلىق نوپۇس ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ساھەسىگە ناھايىتى ئېغىر بېسىم پەيدا قىلماقتا. مىسالەن، 2001- يىلى ئېلىمىزدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى ئاران 52 پىرسەنت بولدى. دېمەك، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بىۋاسىتىلا ئىشقا

ئورۇنلىشىش رىقابىتىگە چۈشۈۋاتىدۇ ياكى ئۆيىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن گەپ. قىسقىسى، يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ كېتىۋاتقان تۆۋەن ساپالىق نوپۇس نۆۋەتتە تېز تەرەققىيات ئىزىغا چۈشكەن جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ شىللىسىگە ئەتە-ئۆگۈنلا ناھايىتى ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى سالىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۋېتسارىيە لوزان خەلقئارا باشقۇرۇش-تەرەققىيات تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسىنىڭ خەلقئارا رىقابەت كۈچى ھەققىدىكى 2001-يىللىق مەلۇماتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو پۇقرالارنىڭ ساپاسى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچى جەھەتتە ئىزچىل ئاجىزلاشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. جۈملىدىن جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالى 1998-يىلغا سېلىشتۇرغاندا پۇقرالارنىڭ ساپاسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 24-ئورۇندىن 29-ئورۇنغا، پەن-تېخنىكا جەھەتتە 13-ئورۇندىن 28-ئورۇنغا، خەلقئارا رىقابەت كۈچى جەھەتتە 24-ئورۇندىن 31-ئورۇنغا چۈشۈپ قاپتۇ. تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ھال جۇڭگونىڭ مائارىپ ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

## مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل يول

### بىرىنچى، ھۆكۈمەت سېلىنمىسى جەھەتتىكى پەرقلەر

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ باققىنىمىزدا بولسىغىزلا مائارىپ تەرەققىياتىدا تۇتقان يولىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلانمىساق بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايسىز.

جۇڭگونىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى نېگىزلىك مەسىلە —

ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ بەكمۇ ئاز بولۇۋاتقانلىق مەسىلىسىدۇر.

جۇڭگودىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان پاكىت. جۇملىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئىچىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھىندىستان، فىلىپپىن، بىرما قاتارلىق "نامرات" ئەللەرنىڭ ھەتتا نۇرغۇن ئافرىقا ئەللىرىنىڭمۇ ئارقىسىدا تۇرىدۇ.

2000- يىللىق «يەر شارى مائارىپ دوكلاتى»دا كۆرسىتىلىشىچە، 1996- يىلى دۇنيا بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ شۇ دۆلەتتە يارىتىلغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 13 پىرسەنت بولغان؛ يەنە كېلىپ دۇنيادىكى 127 دۆلەتنىڭ پەقەت ئونىلا مەزكۇر سېلىنمىنى بۇ نىسبەتكە يەتكۈزەلمىگەن؛ ئېلىمىز ئاشۇ ئون دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ نىسبەتنى ئاران دېگەندە 6 پىرسەنتكە يەتكۈزەلىگەن.

دېمەك، ئېلىمىز مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان خىلمۇ خىل ئېچىنارلىق مەسىلىلەرگە تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ ئىنتايىن قىسلىقى سەۋەب بولماقتا. جۇملىدىن توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشىكى خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلار، نامرات رايونلاردىكى باللارنىڭ ئوقۇشسىز قېلىۋاتقانلىقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىش ھەققىنىڭ نەقلەشمەيۋاتقانلىقى ۋە ئوقۇش ھەققىنى تاپشۇرالمىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زارلاشلىرى، يىغىپ كەلگەندە پەقەت بىرلا نۇقتىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ — پۇل.

دۇنيانىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى تارىخىدا ئېلىمىزدەك يېزا مائارىپى خىراجىتىنى دېھقانلارغا سېلىق چېچىپ ھەل قىلىدىغان، بولۇپمۇ مەجبۇرىيەت مائارىپى خىراجىتىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى "ئۈمىد قۇرۇلۇشى"غا ئوخشاش خەير- ساخاۋەت ئىشلىرىغا تايىنىپ جۇغلايدىغان دۆلەت ئەزەلدىن چىقىپ باققان ئەمەس.

شۇڭا ئېلىمىزدەك "مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش" شوئارىنى بولۇشىغا تووۋلاۋاتقان، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز گۈللىنىۋاتقان، ئۇزاق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تارىخى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق دۆلەتتە بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ھالبۇكى، كورىيىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلى جۇڭگونىڭكىگە كۆچلۈك سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

كورىيە جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلغان 1948- يىلى نىمجان ھالەتتىكى دۆلەتلەردىن ئىدى. شۇڭا كورىيە ھۆكۈمىتى ئىشنى "ئالدى بىلەن مائارىپنى گۈللەندۈرۈش"تەك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشتىن باشلىدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كورىيە ئۇچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى ئەڭ كۆپ دۆلەتلەردىن بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كورىيە ھۆكۈمىتى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا شەخسلەرنى مائارىپقا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، مائارىپ يۈكىنى ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەر تەڭ زىممىسىگە ئالىدىغان ۋەزىيەتنى ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن كورىيە ئاممىۋى مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ GDP دە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىزچىل تۈردە 3.8 پىرسەنت ئەتراپىدا بولدى. شۇڭا كورىيە خەلقئارا مائارىپ تەشكىلاتى ستاتىستىكىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىسرائىلىيىدىن قالسىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. لېكىن كورىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. جۈملىدىن 90- يىللارنىڭ باشلىرى كورىيە ھۆكۈمىتى 1991- يىلدىن 2001- يىلغىچە بولغان ئون يىلدا مائارىپ خىراجىتىنى يىلىغا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 0.1 پىرسەنتى بويىچە ئاشۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدى.

2001- يىلى كورىيىدىكى شەخسلەر سالغان مائارىپ سېلىنمىسى GDPنىڭ 2.96 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى؛

ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەر سالغان مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ يىغىندىسى GDPنىڭ 7.03 پىرسەنتىگە يېتىپ، دانىيىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

كورىيە ئىلگىرى جۇڭگوغا ئوخشاشلا نامرات ئىدى. لېكىن كورىيە جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن مائارىپنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قادىر بولالىدى. چاۋشيەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە كورىيىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توپ- زەمبىرەكلەرنىڭ دەستىدىن خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپلەر ئوقۇتۇشنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن كورىيە مائارىپى ناھايىتى تېزلا سىجىل تەرەققىيات ئىزىغا چۈشتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50- يىللىرى كورىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئانچە يۈكسىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مائارىپتا ئۆزگىچە تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. يەنى ئاردىن سەككىز يىل ئۆتۈپ 1960- يىلغا كەلگەندە ئۇرۇش ئەمدىلا ئاياغلاشقان 1952- يىلغا قارىغاندا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سانى 52 پىرسەنت، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سانى 90 پىرسەنت، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 97 پىرسەنت ئاشتى.

20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن كېيىن كورىيىدە ئىقتىسادنىڭ تېز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مائارىپ ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. مانا ھازىر كورىيە مائارىپىدىكى سانلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ، يەنى كورىيە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭكىگە يېقىنلاشتى، بەزى كۆرسەتكۈچلەردە ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كورىيىدىكى مائارىپ تەرەققىياتى سەۋىيىسىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا قانداق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى كورىيىدە ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مائارىپ ئىسلاھاتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. كورىيە دۇنيادا مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئەڭ كۆپ ئېلىپ بارغان بىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. بۇمۇ كورىيە مائارىپى سەۋىيىسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆسۈپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان مۇھىم ئامىلدۇر. كورىيىدە ھاكىمىيەت باشقۇرغان پرېزىدېنتلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىمدىن بىرقانچە قېتىمغىچە مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. مانا ھازىرىنىڭ ئۆزىدە كورىيىدە 7- قېتىملىق مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، كورىيىدە مائارىپ پروگراممىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن نەق ئۈچ يىل سەرپ قىلىندى. بۇ جەرياندا 5 مىليارد ۋون مەبلەغ سېلىنىپ، مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى، پروفېسسورلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 14 مىڭ 322 ئادەم قېتىم پىكىر ئېلىندى؛ 282 قېتىم كېڭەشش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ۋە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى چاقىرىلدى؛ دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش بويىچە 127 قېتىم يىغىن چاقىرىلدى، بۇنىڭغا تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى ئەزالىرى 1784 ئادەم قېتىم قاتناشتى. جۈملىدىن 7- قېتىملىق مائارىپ ئىسلاھاتى داۋامىدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش بويىچە "ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش"، "تۆپكى ئىقتىدارنى پۇختىلاش ئاساسىدا ئىجادچانلىققا ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش"، "كورىيە مەدەنىيىتىنى تولۇق ئىگىلىتىش ئاساسىدا يېڭى قىممەت يارىتالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش"، "دېموكراتىك پۇقرالاردىن بولۇش ئېڭىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا كوللېكتىپ تەرەققىياتقا تۆھپە قوشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش"تىن ئىبارەت كۈرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قىسقىسى، كورىيانلار دۇنيا مائارىپى بويىچە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىش ئۈچۈن ھەقىقىي تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

## ئىككىنچى، مائارىپ سېلىنمىسىدىكى ئىككى خىل تەڭپۇڭسىزلىق

جۇڭگو مائارىپ ساھەسىدە ئۇزۇندىن بۇيان تالانتلىقلارنىلا تاللاپ تەربىيىلەش يولىدا ماڭغاچقا، مائارىپ سىستېمىسىدا نۇرغۇن تەڭپۇڭسىزلىقلار كېلىپ چىقتى. جۈملىدىن، ئالىي مائارىپقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساس مائارىپقا سەل قاراش خاھىشى تۈپەيلىدىن ئالىي مائارىپ بىلەن ئاساس مائارىپ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلدى؛ ئاساس مائارىپ ساھەسىدە نۇقتىلىق مەكتەپ تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار مائارىپتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىندى؛ شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىدىكى پەرق زورىيىپ، يېزا مائارىپى كۈندىن- كۈنگە بەتتەرلىشىپ كەتتى؛ بولۇپمۇ نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئىزچىل ھەل قىلىنمىغاچقا، ئاخىرى بالىلار تۈركۈم- تۈركۈملەپ ئوقۇشسىز قېلىشقا باشلىدى.

جۇڭگودا ئەسلىدىنلا تايىنلىق مائارىپ خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئالىي مائارىپقا سېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاساس مائارىپتىكى يوقسۇزلۇق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئېلىمىزدە مەركەز مالىيىسى زىممىسىگە ئالىدىغان مائارىپ خىراجىتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە 1:2.65:38.7لىك نىسبەت بويىچە تەقسىملىنىدۇ. ھالبۇكى، ھىندىستاندا بولسا 1:1.59:8.88لىك نىسبەت بويىچە تەقسىملىنىدۇ. دېمەك، جۇڭگو دۇنيا بويىچە ئالىي مائارىپ سېلىنمىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

1985- يىلى ئېلىمىزدە ”ئاساس مائارىپ خىراجىتىنى يەرلىك ھۆكۈمەت زىممىسىگە ئېلىش“ پرىنسىپى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ بايلىقى تەقسىماتىدا تېخىمۇ ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقتى. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە مائارىپ خىراجىتىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدۇ. لېكىن مائارىپ مىنىستىرلىكى

تەرەققىيات تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ 1998 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتىغا قارىغانىدا، ئېلىمىزنىڭ يېزا مائارىپى سېلىنمىسى ئىچىدە مەركەز مالىيىسى ئۈستىگە ئالىدىغىنى 1 پىرسەنتنى، ئۆلكىلىك مالىيىنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغىنى 11 پىرسەنتنى، ناھىيىلىك مالىيىنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغىنى 10 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن؛ قالغان 78 پىرسەنتنىڭ ھەممىسىنى يېزا، كەنتلەر جۇغلايدىكەن، گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، دېھقانلار زىممىسىگە ئالىدىكەن. دېمەك، شۇ ۋەجىدىن يېزىلار بىلەن شەھەرلەرنىڭ مائارىپ سۈپىتى جەھەتتىكى پەرق ناھايىتى زورىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ نامراق رايونلاردىكى مائارىپ ئىشلىرى بەكمۇ ئارقىدا قالدى. مىسالەن، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق تەرەققىي تاپقان جايلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماتېرىيال پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ”ھەقسىز مائارىپ“نى يولغا قويۇشقا كىرىشتى. ھالبۇكى بىر قىسىم نامرات رايونلاردىكى نۇرغۇن باللار يىللىق ئوقۇش ۋە ماتېرىيال خىراجىتى ئۈچۈن بىر يۈز يۈەن پۇلنىڭ ئورنىنى قىلالماي، مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بويىنىنى قىسىپ قېلىۋاتىدۇ. چوڭ شەھەرلەردىكى نۇرغۇن باللار ھاۋادانلىق سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتىدۇ. لېكىن كونا بازا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار ۋە نامرات رايونلاردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللار نامراتلىق دەستىدىن مەكتەپكە كىرەلمەي، ساۋاتسىز قېلىۋاتىدۇ.

ھەتتا بىر شەھەردە ياشايدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ باراۋەر ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى دەرىجە بويىچە چۈشۈرۈلىدىغانلىقى شۇنداقلا ئوقۇتۇشتا تاللانتلىقلارنىلا تاللاپ تەربىيىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشاش دەرىجىدىكى مەكتەپلەرمۇ ئوقۇتۇش بايلىقلىرى، ئوقۇتقۇچىلار كۈچى، ئوقۇتۇش سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر بىرىدىن بەكمۇ پەرقلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

«مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ خىل پەرق تۈگىمەكتە يوق، ئەكسىچە چوڭىيىپ كەتتى. جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلار نەتىجىسىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما، يۇقىرى ھەق تۆلەپ مەكتەپ تاللاشقا قۇربى يېتىدىغان ئائىلىنىڭ بالىلىرى بولسا بۇنداق تەڭسىزلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاشۇ رەزىل تەڭسىزلىكتىن ھالاۋەت سۈرەلەيدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، يۇقىرى ھەق تۆلەپ مەكتەپ تاللاش ئۇسۇلىنى مائارىپتىكى چىرىكلىكنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى دېيىشكە بولىدۇ.

مائارىپتىكى بۇ خىل تەڭسىزلىك يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدىن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمەيۋاتقان بالىلارنىڭ ئاھ- زارلىرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئاتا- ئانىسىنىڭ قول ئىلكىدە بار بىر قىسىم بالىلارنىڭ مەكتەپلەرنىڭ ھەشەمەتلىك يۈرۈشلۈك ياتاقلىرىدا تۇرۇپ ئوقۇۋاتقانلىقى، ئاتا- ئانىسىنىڭ قولى قىسقا يەنە بىر قىسىم بالىلارنىڭ بولسا ئوقۇش ھەققىنى تاپشۇرالماي ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئېلىمىز مائارىپ تۈزۈلمىسىدىكى نۇقسانلارنى ئاشكارىلىماقتا.

تەربىيىلىنىش ھوقۇقى — ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇق. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەر مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى جېففېرسوننىڭ مۇنداق بىر قىممەتلىك ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلىدۇ: "مائارىپنىڭ جەمئىيەتكە بەخت يارىتالىغان- يارىتالمىغانلىقىغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ قانچىلىك مەشھۇر كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىغا ئەمەس، بەلكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنى زۆرۈر تەربىيىدىن بەھرىمەن قىلالىغان- قىلالمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. چۈنكى مائارىپنىڭ تۈپكى رولى بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىغا تەڭ قەدەملىك تەربىيىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ."

ھالبۇكى، جۇڭگو مائارىپىدىكى ئېغىر تەڭسىزلىك بىر قىسىم

جەمئىيەت ئەزالىرىنى قولى قىسقىلىقى ۋەجىدىن تىرىكچىلىك ئۈچۈن قورامىغا يەتمەي تۇرۇپلا رەھىمسىز جەمئىيەت قوينىغا ئۆزىنى ئىتتىشقا مەجبۇر قىلماقتا.

ئەمدى بىز كورىيىنىڭ مائارىپتىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى مائارىپ خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئالىي مائارىپقا سېلىۋاتىدۇ. ئەمما كورىيە ھۆكۈمىتى بولسا مائارىپ خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاساس مائارىپقا سېلىپ، ئالىي مائارىپقا مەبلەغ سېلىش پۇرسىتىنى جەمئىيەتكە قالدۇرىدۇ.

كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادى گۈللەنگەن رايونلار بىلەن ئارقىدا قالغان رايونلارغا سالىدىغان مائارىپ خىراجىتىدىمۇ تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت. لېكىن، بۇ تەڭپۇڭسىزلىق جۇڭگودىكى تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئەكسىچە. مىسالەن، كورىيە ھۆكۈمىتى مائارىپ خىراجىتىنى ئالدى بىلەن نامرات رايونلارغا سالىدۇ. جۈملىدىن كورىيە ھۆكۈمىتى تولۇقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش دائىرىسىنىڭ چەت- ياقىدىكى يېزىلار، ئاراللاردىن باشلاپ بارا- بارا كىچىك شەھەرلەرگە، ئاندىن چوڭ شەھەرلەرگە يۈزلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېنىق بېكىتكەن.

كورىيە يېقىندىن يولغا قويغان ئۇچۇرلاشقان مائارىپ لايىھىسىدە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان: "ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن تونۇشۇشىغا باراۋەر پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، كومپيۇتېر قاتارلىق ئۇچۇرلاشقان مائارىپ ئۈل ئەسلىھەلىرى ئالدى بىلەن يېزىلار، بېلىقچىلىق كەنتلىرى، ئاراللار، چەت- ياقا رايونلار ۋە شەھەرلەردىكى كىرىمى تۆۋەن ئاھالىلەر تۇرۇشلۇق رايونلارغا سەپلىنىدۇ؛ بۇنىڭغا مەمۇرىي ۋە مالىيە جەھەتتىن مەدەت بېرىلىدۇ."

مائارىپقا مەبلەغ سېلىشتىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق كورىيە پۇقرالىرىنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىنى

كاپالەتلەندۈردى. كورىيە ھۆكۈمىتى پۇقرالارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلەش ئىمتىھانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن كورىيىدە ھازىر بالىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىش نىسبىتى 99.9 پىرسەنتكە، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش نىسبىتى 98.7 پىرسەنتكە يەتتى. قىسقىسى، كورىيە ھازىر 12 يىللىق تۈزۈمدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولدى.

70- يىللارنىڭ باشلىرى كورىيىدىمۇ مەكتەپ تاللاش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرىجىگە ئايرىلاتتى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىدىمۇ ئىمتىھان نەتىجىسىگىلا ئېسىلىۋېلىش خاھىشى خېلى گەۋدىلىك ئىدى. كورىيە دەل مۇشۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مائارىپتا "تەڭ تەقسىماتچىلىق سىياسىتى"نى دادىل يولغا قويۇپ، مۇنداق ئۈچ خىل تەدبىرنى قوللاندى: يەنى بىرىنچى، "ناچار مەكتەپ"لەرگە بېرىلىدىغان خىراجەت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى؛ ئىككىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھەر تۆت يىلدا بىر نۆۋەت ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار سەۋىيىسى جەھەتتىكى تەكشۈكلۈكىنى ساقلىدى؛ ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىۋېرسال نومۇر قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپلەرگە تەقسىملىنىشىنى ھەرقايسى ئوقۇتۇش رايونلىرىدىكى كومپيۇتېرلار ئاپتوماتىك بەلگىلەيدىغان ئۇسۇلنى قوللاندى. بۇ خىل "تەڭ تەقسىماتچىلىق"ئۇسۇلى كورىيە مەجبۇرىيەت مائارىپى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مەكتەپلەردىكى ئىمتىھان مائارىپى خاھىشى ۋە مەكتەپلەر ئارا بەس تالىشىش رىقابىتىنى پەسەيتىپ، كورىيە مائارىپچىلىرىنى پەخىرلەندۈرىدىغان تېمىغا ئايلاندى.

## ئۈچىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىدىكى پەرقلەر

جۇڭگودىكى ئوقۇتقۇچىلار ”مۇئەللىملىك قىلغاندىن ساتىراشلىق قىلغان تۈزۈك“ دەيدىغان مەسخىرىلىك ھالەتتىن ئاللىقاچان قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ساتىراشلارنىڭكىدىن جىق پەرقلەنمەيدۇ. جۇڭگودا ئوقۇتقۇچىلىق ئادەم ھەۋەس قىلغۇدەك كەسىپمۇ ئەمەس. يېزىلاردا، بولۇپمۇ نامرات رايونلاردا ھازىرمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ”سەپلىمە ئوقۇتقۇچى“لار بار. ئۇلار كەملىگەن ئوقۇتقۇچىلارغا ۋاكالىتەن بالا ئوقۇتىدۇ.

كورېيىدە ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيەتتە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق دۆلەتتە بولۇپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئەگىشىپ مېڭىشقا توغرا كەلگەن چاغلاردا، ئۇلارنىڭ سايىسىنى دەسسەپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، يىراق ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىي تەكرار سىنىپلىرىغا كىرگەن چاغلىرىدىمۇ، باللار دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستازىغا سالام بېرىدۇ. فاكۇلتېت مۇدىرلىرىنىڭ ھېچقانچە ھوقۇقى بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. مەبلەغ باشقۇرۇش ھوقۇقى، ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقى، ئۆستۈرۈش ھوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇتقۇچىلار ھەيئىتى يۈرگۈزىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، كورېيىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئادەتتىكى خادىملارنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولىدۇ. كورېيىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نوپۇزىمۇ باشقا ئەللەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، سېئۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرىنى پرېزىدېنت بىۋاستە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ مەكتەپتىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى پروفېسسور ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ سېئۇل

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى لى شۇچېڭ بىلەن مىڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى گاۋ جيەنزى ئىلگىرى پرېزىدېنت بولغان.

## بىز زادى نەدە كەتكۈزۈپ قويدۇق؟

ب د ت مائارىپ، پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك- ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىمۇ پەرقلىق بولىدىكەن. مىسالەن، بۇ خىل ئىقتىدار باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ 43 پىرسەنت، ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ 108 پىرسەنت، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ 300 پىرسەنت بولىدىكەن.

مائارىپ جەھەتتىكى رىقابەت بارا- بارا دۆلەتلەر ئارا رىقابەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى. جۈملىدىن، مائارىپ سەۋىيىسىدىكى پەرق بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى نەچچە ئون يىل جەريانىدىكى تەرەققىيات سۈرئىتىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلغا ئايلاندى.

ھازىر قارايدىغان بولساق، كورىيىنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا "ئالدى بىلەن مائارىپنى گۈللەندۈرۈش" ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، مائارىپ تەرەققىياتىنى ئادەتتىن تاشقىرى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مائارىپنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىنىڭ نەقەدەر ئاقىلانىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ بەزى جايلىرىدا ھازىرغىچە بىر تۈرلۈك ناتوغرا تەرەققىيات قارىشى ساقلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بولمىغۇر خاھىش باش كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا ھە دېسىلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئىقتىساد گۈللەنسىلا ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ

قارىلىۋاتىدۇ. شۇڭا "پۇلنى دەل جايىغا ئىشلىتىش" ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن قىلىنىۋاتقان غايەت زور قۇرۇلۇشلارغا ئىككىلەنمەي پۇل خەجلەۋاتىمىز-يۇ، لېكىن GDP دىكى مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ نىسبىتىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆستۈرۈشكە رايىمىز بارمايۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا يېڭى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىنىشتىن ئىلگىرى پەقەت ئىقتىسادنىڭ ئاشقان- ئاشمىغانلىقى سىياسىي نەتىجىگە باھا بېرىدىغان مۇھىم ئۆلچەم قىلىنىپ، ئۆستۈرۈلىدىغان ئەمەلدارنىڭ نەتىجىسىنى مائارىپ تەرەققىياتىدىن ئىزدەپ بېقىشقا سەل قارىلىۋاتىدۇ. بۇ ھال ئاخىرى بېرىپ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش خاھىشى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىدىن، مائارىپ سېلىنمىسىنى ھە دېسىلا تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئالىي مائارىپقا مۇجەسسەملەپ قويۇۋاتىمىز. 1995- يىلدىن 2000- يىلغىچە بولغان ئارىلىقنى ئېلىمىزنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى تېز ئاشۇرۇلغان باسقۇچ، دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ جەرياندا تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق يارىتىلغان تۈرلۈك كىرىم ۋە ئۇنىڭ ئېشىش ھەجمى ئالىي مەكتەپلەردە 239 پىرسەنتكە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 156 پىرسەنتكە يەتتى، ئەمما باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بولسا ئاران 70 پىرسەنتلا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئاران 50 پىرسەنتكە يەتتى. بۇنىڭ ئۆزى پەرقنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز تەرەققىيات مۇساپىسىمىزدە بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش خاھىشى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدۇق. تەلىيىمىزگە يېڭى نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىمىز جەمئىيەتنى باراۋەر تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئاخىرى تونۇپ يەتتى. جۇڭگونىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن "ئۆلگەندىن كېيىن ئوقۇغان ياسىن"لىرىمىزنىڭ پايدىسى بولمايمۇ قالماس!

# كورىيە يېزىلار مەسلىسىنى قانداق hەل قىلدى؟

(1)

جۇڭگو بىلەن كورىيە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئوخشاشلا يېزىلار مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن.

مانا ھازىر يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسى جۇڭگودىكى جەلپكار مەسىلىگە ئايلاندى. جۇملىدىن زىيالىيلار تۈرلۈك شوئارلارنى ھە دەپ تووۋلاۋاتىدۇ؛ ھۆكۈمەت خىلمۇ خىل يىغىن ۋە ھۆججەتلەردە بۇ مەسىلىنى قايتا- قايتا تەكىتلەپ، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئارقا- ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ يېڭى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئىلمىزدىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسى شەھەر بىلەن يېزىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەلىك ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە مۇمكىن بولمىغاچقا، شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى كىرىم پەرقىنىڭ ھەددىدىن زىيادە چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

2002- يىلى ئىلمىزنىڭ شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقىدە 3:1 لىك نىسبەت تۇنجى قېتىم بۇزۇپ تاشلىنىپ، بۇ خىل پەرق نىسبىتى 3.1:1 گە يەتتى. لېكىن نۇرغۇن ئەللەردە بۇ خىل

نىسبەت 1.5:1 ئىچىدە تىزگىنلىنىدۇ. ئىلىمىزنىڭ 10- بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانى يولغا قويۇلغان مەزگىلدە شەھەرلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە نەق كىرىمى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 پىرسەنتلىك سۈرئەتتە ئېشىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن 10- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى يىلى يەنى 2005- يىلىغا كەلگەندە شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ مۇتلەق كىرىمىدىكى پەرق 2000- يىلدىكى 4027 يۈەندىن 5193 يۈەنگە چىقىپ، 2000- يىلدىكىدىن 2.8:1 لىك پەرق ساقلاندى. ئەمەلىيەتتە 10- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئالدىنقى ئىككى يىلىدا شەھەرلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە نەق كىرىمى دېھقانلارنىڭكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بۇ بويىچە ھېسابلىغاندا 10- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ كىرىم پەرقى نىسبىتى ئاز دېگەندىمۇ 3.5:1 گە يەتتى، دېگەن گەپ.

شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شەھەرلىكلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىستېمال پەرقى نىسبىتى كىرىم پەرقى نىسبىتىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. مىسالەن، 2002- يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمىنىڭ ئاران 30 پىرسەنتىگىلا توغرا كېلەتتى؛ ھەتتا شەھەردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىلەر ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمىنىڭ 77 پىرسەنتىگە باراۋەر ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ كىرىم پەرقىنى 10 يىل دېسەك، ئىستېمال پەرقى ئاز دېگەندە 15 يىلدىن ئاشىدۇ. دېمەك، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى جەھەتتىكى ئەمەلىي پەرقى ”دوكلات“لاردىكى كىرىم پەرقىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتتى.

ئىككىنچى، يېزالارنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ناھايىتى قالاق بولغاچقا، دېھقانلار مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتىن مەنپەئەتلىنىش جەھەتلەردە ئىنتايىن بىچارە ئورۇندا تۇرماقتا.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، يېزىلارنىڭ مەكتەپ، يول، ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى، ئالاقە ۋە سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا دۆلەت مەبلەغ سالاتتى. مانا ھازىر ئۇنداق چىقىملارنى يېزا مالىيىسى زىممىسىگە ئېلىۋاتىدۇ، جۈملىدىن ئۇنىڭغا دېھقانلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئېلىمىزنىڭ شەرقىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئانچىكى ئىش ھېسابلانىسمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى قامداشقىمۇ ئامالسىز قېلىۋاتقان دېھقانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر يۈك، ئەلۋەتتە. چوڭ سودا بانكىلىرى يېزىلارنى تاشلاپ چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، دېھقانلار ۋە يېزا- بازار كارخانىلىرى مەبلەغ مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالدى؛ نۇرغۇن جايلاردىكى خەلق كوممۇنىسى ۋاقتىدا ياسالغان يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاسرالمىغان ۋە رېمونت قىلىنمىغان بولغاچقا، مانا ھازىر ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاساسەن يوقىتىپ بولدى. نۇرغۇن يېزا- كەنتلەردىكى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، ئادەتتىكى يىللىرىمۇ تۈرلۈك ئاپەتلەر كۆرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكى ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان يوشۇرۇن خەۋپ- خەتەرنى كۈندىن- كۈنگە زورايتىۋەتتى. يېزىلارنىڭ ھاياتلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تەدرىجىي ناچارلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم جايلاردا ئاللىقاچان يوقالغان خىلمۇ خىل كېسەللىكلەر قايتىدىن يامراشقا باشلىدى.

سەھىيە، مائارىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتىكى بايلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىدىن نوپۇسنىڭ ئاز قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شەھەرلىكلەرلا مەنپەئەتلىنىدۇ. بۇ خىل غەيرىي ھالەتنىڭ تۇغۇندا ئاقىۋەتلىرى شۇكى، نۆۋەتتە ئېلىمىز شەھەر- بازارلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 75.21 ياش، ئەمما يېزىلاردا بولسا 69.55 ياش بولۇپ، دېھقانلار شەھەرلىكلەرگە

قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.66 ياش ئاز ئۆمۈر كۆرۈۋاتىدۇ؛ شەھەر- بازارلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تەربىيە كۆرۈش ۋاقتى 13 يىل، ئەمما يېزىلاردا بولسا 7 يىل بولۇپ، يېزىدىكىلەر شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا 6 يىل ئاز ئوقۇۋاتىدۇ؛ شەھەر- بازارلار نوپۇسىنىڭ تۇرلۇك داۋالىنىش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولۇش نىسبىتى 52.2 پىرسەنتكە يەتتى، لېكىن يېزىدىكىلەرنىڭ بولسا پەقەت 9.9 پىرسەنتلىك تۆۋەن نىسبەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

يېزىلارغا يۈزلەنگەن مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي سېلىنمىسى شەھەرنىڭكىنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ؛ بۇنى كىشى بېشىغا چاچقاندا، يېزىلارنىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى شەھەرلەر مەنپەئەتلىنىۋاتقان مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ پەقەت يەتتىدىن بىرىگىلا باراۋەر كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قاتلامدىكى كۈنىدىن- كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان ھۆكۈمەت خادىملىرى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئاخىرى يېزىلار تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۆرتكىگە ئەمەس، بەلكى يېزىلار تەرەققىياتىنىڭ كاشىلىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مىسالەن، خەن سۇلالىسى زامانىسىدا ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ نىسبىتى 1:7000 ئىدى. بۇ نىسبەت تاڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە 1:3000 گە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا 1:600 گە چۈشكەنىدى، ھازىر بولسا 1:30 گە چۈشۈپ قېلىپ، ئىشلەپ يەيدىغانلاردىن يېتىپ يەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. بەزى رايونلاردا ھەتتا توققۇز نەپەر دېھقان بىر نەپەر كادىرنى باقىدىغان ھالەتمۇ شەكىللەندى.

مەركەز مالىيىسىنىڭ يېزىلار سېلىنمىسىنى ئاز- تولا كۆپەيتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يېزىلارغا مەبلەغ سېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، شەھەر، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دېھقانلارغا

نەچچە يۈز مىليارد يۈەنلىك قەرزدارلىق ۋە نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك كادىرلار قوشۇنى ئارقىلىق شىلىپ يېگەنلىكى سىرتىدا، مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكى سىيلىنمىسىنى قاتلامىمۇ قاتلام قىسىپ قېلىۋاتىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا ئالاقىدار تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، يەرلىك ھۆكەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سىياسەتنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، سىياسەتنىڭ مەزمۇنىنى قويمايدىغان ئەھۋاللار يامراپ كەتتى. لى چاڭپىڭنىڭ[1] بۇ ھەقتە ئېيتقان تۆۋەندىكى نىدالىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى: "مالىيە كرىزىسى كۆرۈلۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە تارماقلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش مۇددىئاسىدا قانۇننىڭ ئىجراسىنى قانۇنسىزلىق بىلەن قوغدايدىغان خاھىش بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى؛ قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئامالسىز قېلىۋاتقان دېھقانلار ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەر سېرىقتال بولسىمۇ كۆن ئېلىش ھەتتا جان ساقلاش ئۈچۈن، قانۇنسىزلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھالەت تەدرىجىي باش كۆتۈرۈپ كەتتى."

تۆتىنچى، "يەر چىتلاش ھەرىكىتى" ئەۋج ئېلىپ كەتتى. جۇملىدىن يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلىشىغا ئەگىشىپ، يەردىن پايدىلىنىش كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلدى. لېكىن ھازىرقى يەر تۈزۈمى ئەندىزىسى ۋە يەر باشقۇرۇشتىكى قالايمىقانچىلىقلار داۋامىدا دېھقانلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھوقۇق- مەنپەئەتى ئاسانلا دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى "يەر چىتلاش ھەرىكىتى" شەھەرلەرنى

[1]ئېلىمىزدە دادىللىقى بىلەن داڭق چىقارغان يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى. ئۇ "دېھقانلار نامراتلىقتا تەس كۈنگە قالدى، يېزا ئىگىلىكىمىز ئەجەللىك خەۋپ- خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ" دېگەن مەزمۇندا زۇڭلى جۇ روڭجىغا خەت يازغان؛ ئۇنىڭ «زۇڭلىغا دەيدىغان يۈرەك سۆزۈم» ناملىق كىتابى «نۇر گېزىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ئاۋام- پۇقرانىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان. — تەرجىماندىن.

تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، دېھقانلارنى تىرىكچىلىك ئاساسىدىن مەھرۇم قىلىپ، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى.

(2)

1970 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە كورېيىمۇ ئىقتىسادنى ئۇچقاندەك راۋاجلاندۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېزىلار مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندى. پياۋ جېڭشى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويىدى. ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى كورېيىدە مۇھىم نۇقتا ئېغىر سانائەت سىستېمىسى تۇرغۇزۇپ چىقىش ۋە سانائەت ماللىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا قارىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكى 2 - ئورۇنغا قويۇلدى. 1962 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 7.8 پىرسەنت بولدى. ئەمما، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بولسا 5.3 پىرسەنت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىگە كەلگەندە سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكپۇكلۇق تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 10.5 پىرسەنتكە يەتتى - يۇ، لېكىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى 2.5 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى.

1962 - يىلى كورېيە دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 71 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلەتتى؛ لېكىن 1970 - يىلىغا كەلگەندە بولسا بۇ نىسبەت 61 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. كورېيىنىڭ دېھقانلارغا قاراتقان نوپۇس ئارقىلىق تىزگىنلەش تۈزۈمى جۇڭگونىڭكىدەك ئۇنچىۋالا قاتتىق بولمىغاچقا، دېھقانلارنىڭ شەھەرگە ئېقىشى ناھايىتى ئاسان ئىدى. شۇڭا يېزا نوپۇسى ھەدەپ شەھەرلەرگە قاراپ ئاققىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن

1950 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان يېزا نوپۇسى 1971 ـ يىلىغا كەلگەندە 46 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. يېزا نوپۇسىنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ شەھەرگە تەرتىپسىز ئېقىشى نەتىجىسىدە ئاخىرى يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى قىرىپ كېتىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋارىسسىز قېلىش ۋە شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى قالايمىقانلىشىشتەك نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەينى ۋاقىتتا كورىيە يېزىلىرىمۇ يېزا ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق شارائىتى بەتتەرلىشىپ كېتىش، تازىلىق ئەسلىھەلىرى يېتىشمەسلىك، داۋالىنىش ۋە مائارىپ شارائىتى چېكىنىپ كېتىش، قاتناش ۋە ئالاقە قىيىنلىشىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنىدى.

ئۇ چاغلاردا كورىيە سانائەتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئەمدىلەتىن تۇتۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەم شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقمۇ ئادەمنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىگە يېتىپ بارالمىغانىدى. قىسقىسى، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، كورىيىنىڭ ئۇ چاغدىكى يېزىلار مەسىلىسىنى يوقىنىڭ ئورنىدىكى ئىش، دېيىشكە بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ، كۆكرەك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ”ئەلنى نامراتلىق باسسا ـ باسسۇنكى، تەڭسىزلىك باسمىسۇن“ دەپ قارايدىغان كورىيە جەمئىيىتى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرگە ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى. شۇڭا ئەينى چاغدىكى كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى كىرىم پەرقىنىڭ 1.64:1 گە يەتكەنلىكى چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان تەڭسىزلىك ئىدى. پياۋ جېڭشى شۇ ۋەجىدىن كورىيىدىكى يېزىلار مەسىلىسىنى كورىيىچە ئۇسۇل ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كۈچلۈك ئىرادە باغلىغانىدى.

(3)

1970- يىلى 4- ئايدا، كورىيە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى يىغىنىدا پياۋ جېڭشى تۇنجى قېتىم "يېڭى يېزا ھەرىكىتى" دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەنىدى: "شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، ناۋادا بىز ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھى بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ تىرىشچانلىقلار بىلەن سەھرالىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورتاق زىممىمىزگە ئالىدىغانلا بولساق، ئەنئەنىۋى قالاق يېزىلىرىمىزنى چوقۇم تەرەققىي قىلغان زامانىۋى تۈسكە كىرگۈزەلەيمىز، دېھقانلارنى ياخشىراق تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلالايمىز؛ بۇنى 'يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتى' دەپ ئاتاشقا بولىدۇ!"

كورىيىدە ئەينى چاغدا قانات يايدۇرۇلغان يېڭى يېزا ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى سانائەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات مېۋىلىرى ئارقىلىق يېزىلارغا ياردەم بېرىپ، شەھەرلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى بولۇپمۇ قىممەت ئېڭى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى شەھەرلەرنىڭكىگە يەتكۈزۈش ئىدى.

كورىيىنىڭ يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتىدە قوللانغان ئۇسۇلىنى "سانائەتتە تاپقان پۇلنى يېزىلارغا مەبلەغ قىلىپ سېلىش، شەھەرلىكلەرنىڭ بىر بۆلۈك كىرىمىنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىش" دېگەن بىر جۈملىگىلا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. شۇڭا كورىيە ھۆكۈمىتى 1972- يىلدىن 1978- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزا ئىگىلىكى خىراجىتىنىڭ بارلىق خىراجەتلەر ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىنى 4 پىرسەنتتىن 38 پىرسەنتكە يەتكۈزدى.

ھۆكۈمەت سالغان بۇ مەبلەغلەر بىرىنچىدىن، يېزىلاردىكى تۇرالغۇ،

ئىچىملىك سۇ ئەسلىھەلىرى، يول ۋە ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئۆزگەرتىشكە؛ ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىش ۋە ماشىنىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە سەرپ قىلىندى.

ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان يېرى شۇكى، كورىيە ھۆكۈمىتى شەھەرلەردىن قىسىپ قېلىنغان بۇ مەبلەغنى يېزىلارغا سېلىشتا ھەرگىزمۇ تەڭ تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلىنى قوللانماي، ئىلغارلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، قالاقلارنى جازالاش شەكلى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش ۋە روھىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىدى. كورىيە ئەينى ۋاقىتتا ئېلىپ بارغان يېڭى يېزا ھەرىكىتىنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ يەردە.

پىياۋ جېڭشىنىڭ نەزىرىدىمۇ يېزىلارنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىق دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە روھىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش- ئۆزگەرتەلمەسلىكىگە باغلىق ئىدى. كورىيانلار ئىجتىمائىي تەرەققىيات قارىشى ئۆزگىچە مىللەت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئادەمنىڭ ساپاسىغا باغلىق؛ ئادەمنىڭ ساپاسى بولسا بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەخلاق- پەزىلەت سەۋىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا كورىيانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسى بىلەن روھىي ھالىتىنى باشتىن- ئاياغ ئەڭ مۇھىم ھالقىلار سۈپىتىدە تونۇپ كەلدى. 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان يۇتۇنلەي تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈسىدىكى يەر ئىسلاھاتى ۋەجىدىن كورىيىدە بىر قەدەر مۇقىم بولغان يەككە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ چىقىلغاچقا، تارقاق دېھقانلار ۋە پارچە- پۇرات يەرلەر كۆپ مەنبەلىك ئىگىلىك ئاملى بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن، ھەمدە يەرلىك ئاپتونومىيە ئاساسىنىمۇ تۇرغۇزالمىغانىدى. كورىيە دېھقانلىرى تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىشكە ئادەتلەنمىگەن ھەم ئۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كورىيە دېھقانلىرى كۆڭۈرچە مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى

جەمئىيەت ئەندىزىسىگە كۆنۈكلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بېسىلىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلاردا ئىجتىمائىي خاراكتېر ۋە بەرپاچىلىق روھى كەمچىل ئىدى؛ ھە دېسىلا كۆرگەن كۆنگە شۈكۈر قىلىپ، تەقدىرگە بوي سۇنۇپ، ياۋاش- يۇمشاقلىق بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلاردا جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشتىراك قىلىش روھى كەمچىل بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا شەكسىز بوي سۇناتتى؛ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى، پۇقرالىق ئېڭى دېگەنلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇمۇ كورىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يېزىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاشىلا قىلغان ئېغىر پۇتلىكاشاڭلاردىن ئىدى.

شۇڭا، پياۋ جېڭشى "يېڭى يېزا ھەرىكىتى"دە "يېزىلارنى ئاقارتىش"نى بىرىنچى نىشان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "دېھقانلارنىڭ بۇ ھەرىكەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشى شۇنداقلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھى، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ھەمنەپەس بولۇش روھى شۇنداقلا ئىجتىھاتچانلىق روھى قاتارلىقلار يېڭى يېزا ھەرىكىتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلىشىمىزنىڭ كاپالىتى. شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلىنى تەقسىملەشتە چوقۇم دېھقانلارنى سەھرالىرىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىشەنچىسى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتۇشقا ئالاھىدە دالالەت قىلىشىمىز لازىم."

(4)

يېڭى يېزا ھەرىكىتى دەسلەپتە يولغا قويۇلغان 1970- يىلى كورىيىدىكى 33 مىڭ 267 كەنتنىڭ ھەر بىرىگە كەنت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 335 خالتىدىن ھەقسىز سېمونت تارقىتىپ بەردى؛ تارقىتىلغان سېمونت ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت خالتىدىن توغرا كەلدى. دۆلەت يېڭى يېزا ھەرىكىتى ھەققىدە بىر

يۈرۈش قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بېكىتتى؛ قۇرۇلۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىنى دېھقانلار يىغىندا كېڭىشىپ قارار قىلاتتى.

بۇنىڭ بىلەن بەزى كەنتلەر ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى پىكىرىگە ئاساسەن پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، تارقىتىلغان سېمونتنى يول ياساش، قۇدۇق قېزىش قاتارلىق كەنتنىڭ ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى؛ بەزى كەنتلەر يۇقىرىدىن بېرىلگەن سېمونتنى ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئائىلىلەر تارقىتىلغان سېمونتنى ئۆي ياساش، ھويلا تېمى قوپۇرۇشقا ئىشلەتتى؛ بەزىلىرى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ خەجلىدى.

كورېيە ھۆكۈمىتى كېيىن كەنتلەرنىڭ تۇنجى يىلدىكى سېمونتنى ئىشلىتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن پۈتكۈل كورېيىدىكى 33 مىڭ 267 كەنتنى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلەيدىغان كەنت، ھەمكارلىشىپ ئىش كۆرىدىغان كەنت ۋە يېتەكلىنىدىغان كەنت دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ، تەشكىللىنىش ئىپادىسى ياخشى كەنتلەرنى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلەيدىغان كەنتلەر گۇرۇپپىسىغا، تەشكىللىنىش ئىپادىسى ئادەتتىكىچە كەنتلەرنى ھەمكارلىشىپ ئىش كۆرۈدىغان كەنتلەر گۇرۇپپىسىغا، ئىپادىسى ناچار كەنتلەرنى يېتەكلىنىدىغان كەنتلەر گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ چىقتى. ھەمدە ئالدىنقى ئىككى خىلدىكى كەنتلەرگە ئىككىنچى يىلى ماددىي جەھەتتىن داۋاملىق ھەقسىز ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلەيدىغان كەنتلەرگە بېرىلىدىغان سېمونتنى 500 خالتىغا، پولات چىۋىقنى 1 توننىغا كۆپەيتتى. يېتەكلىنىدىغان كەنتلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلىدىغان ماددىي ياردەمنى بىر يىل توختاتتى.

بۇ ھال سېمونتنى ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىۋەتكەن كەنتلەردىكى دېھقانلارنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. نەتىجىدە ھۆكۈمەت ئۇلارغا بېرىلىدىغان ماددىي ياردەمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن دېھقانلار سېمونتنى ئىلگىرىكىدەك بازارغا ئاچىقىپ سېتىۋەتمەي، ئەكسىچە ئىلغار

كەنتلەردىن ئۆگىنىپ، ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى قايتا قۇرۇش ئارقىلىق كەنتنىڭ ھالىتىنى تۈپتىن يېڭىلىدى. 1973- يىلى كورېيە بويىچە كەنتلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى يېتەكلىنىدىغان كەنتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندى. يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇنداق كەنتلەر تېزدىن ئازىيىپ، 1978- يىلىغا كەلگەندە يېتەكلىنىدىغان كەنتلەر ئاساسەن قالمىدى.

**(5)**

كورېيىنىڭ دېھقانلارغا سېمونت تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغانلىقى "شاڭياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى"دىكى "ياغاچ كۆتۈرگۈزۈپ ئىشەندۈرۈش" چارىسىغا ئوخشايدۇ. (ئىزاھ: «تارىخنامە — شاڭياڭ تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: "شاڭياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى پەرمانى تۈزۈپ بولۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئوردا ئەھلى ئاۋامنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە پەرمانىنى جاكارلاشتىن بۇرۇن، ئاستانىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىغا ئېگىزلىكى 30 گەز كېلىدىغان بىر ياغاچنى تىكلەپتۇ ۋە 'كىمكى مۇشۇ ياغاچنى كۆتۈرۈپ ئاستانىنىڭ شىمالىي قوۋۇقىغا ئاپارسا، ئۇنىڭغا 10 سەر كۈمۈش ئىنئام بېرىلىدۇ' دەپتۇ. پۇقرالار بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ- يۇ، لېكىن بىرەرسى 'مانا مەن' دەپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا پېتىنالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بېرىلىدىغان ئىنئام 50 سەر كۈمۈشكە ئۆستۈرۈلۈپتۇ. نەتىجىدە، پۇقرالاردىن بىرەيلەن ھېلىقى ياغاچنى كۆتۈرۈپ شىمالىي قوۋۇققا ئاپىرىپتۇ. ئوردا ئەھلى لەۋزىدە تۇرۇپ ھېلىقى كىشىگە 50 سەر كۈمۈش بېرىپتۇ. شاڭياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى پەرمانى ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئاندىن چۈشۈرۈلگەنىكەن"، — تەرجىماندىن). ئەينى چاغدا كورېيىدە دېھقانلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش كۆرۈش روھى تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كورېيە ھۆكۈمىتى "ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش"كە مەجبۇر بولغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، پىياۋ جېڭشى قوزغىغان بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي دولقۇنلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئېلىپ بېرىلغان

ئامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش پائالىيىتى ئىدى. بۇنى شۇ چاغدىكى كورېيە ھاكىمىيىتىنىڭ ھوقۇقچىلىق ئەندىزىسى، كەسكىن خاراكتېرى شۇنداقلا كورېيە جەمئىيىتىنىڭ ھەممىگە ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەنئەنىسى بەلگىلىگەن. دېمىسىمۇ، يېڭى يېزا ھەرىكىتى داۋامىدا كورېيە ھۆكۈمىتى مەزكۇر ھەرىكەتنى مالىيە جەھەتتىن قوللاپلا قالماي، مۇھىمى قوزغاش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى. جۈملىدىن پياۋ جېڭشى ھاكىمىيىتى مەزكۇر ھەرىكەتكە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يۈرۈشلەشكەن تەشكىلاتلار ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلدى. مەسىلەن، مەركەزدە يېڭى يېزا ھەرىكىتىگە ئائىت مۇھىم سىياسەت ۋە يېتەكچى پرىنسىپلارنى بېكىتىدىغان يېڭى يېزا ھەرىكىتى مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى، ئۆلكىلەردە شۇ ئۆلكىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇرىدىغان كومىتېتلار، ۋىلايەت(شەھەر)لەردە شۇ ۋىلايەتنىڭ يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ماسلاشتۇرۇش كومىتېتلىرى قۇرۇلغان، ھەتتا كەنتلەردىمۇ ھۆكۈمەت بېكىتكەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كونكرېت يولغا قويىدىغان "كەنت تەرەققىيات ھەيئىتى"لىرى سايلاپ چىقىلغانىدى.

شۇڭا، كورېيە يېڭى يېزا ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى پياۋ جېڭشىنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ دېھقانلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى تەكىتلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي مەشغۇلاتتا مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ گەرچە بىر خىل زورلاش ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەت ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىپتىداسىدا شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. يېڭى يېزا ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تاللاش، قۇرۇلۇشنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئىشلىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىر تۇتاش پىلان ئارقىلىق ئىدارە قىلاتتى؛ مەركەزنىڭ پىلانىنى ئۆلكە، ۋىلايەت(شەھەر) ۋە كەنتلەر دەرىجىمۇ دەرىجە يەتكۈزۈپ ئىجرا قىلاتتى. بۇنىڭدا ھەممىنى بىر تاياقتا

ھەيدەش ۋە نامۇۋاپىق خاھىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلانماق تەس، ئەلۋەتتە. مىسالەن، يېڭىدىن قۇرۇلغان كەنتلەردە يول دېھقانلار تۇرالغۇسىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولغاچقا، يۇقىرىنىڭ "ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى يولغا قاراپ تۇرۇشى شەرت" دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى شىمالغا قارىتىپ سېلىندى. لېكىن كورىيانلاردا ئۆينى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىش ئادىتى بولغاچقا، نۇرغۇن دېھقانلار ئۆينىڭ ئارقىسىدىن جەنۇبقا قارىتىپ ئىشىك ئېچىۋالغاندى.

كورىيىنىڭ يېڭى يېزا ھەرىكىتى گويا ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان "سەكرەپ ئىلگىرىلەش" دولقۇنىغا ئوخشاش ئەمەلدارلارنىڭ نەتىجىسگە باھا بېرىدىغان مۇھىم ئۆلچەم قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىناپ تەكشۈرۈلىدىغان كۆرسەتكۈچلەرمۇ ناھايىتى يۇقىرى بېكىتىلگەنىدى. بۇ ھال بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەتىجىنى كۆپتۈرۈپ ساختىپەزلىك قىلىشىغا سەۋەب بولدى. مىسالەن، بەزى جايلاردا خوجا كۆرسىگە نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، بېرىلگەن مەبلەغنى يول ياقىسىدىكى كەنتلەرگە ئىشلىتىپ، بۇنداق كەنتلەرنىڭ قىياپىتىنى ناھايىتى ياخشى ئۆزگەرتىپ چىقتى- يۇ، لېكىن چەت- ياقىدىكى كەنتلەر بۇرۇنقى قالاق پېتى قېلىۋەردى. بەزى ئەمەلدارلار ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن دېھقانلارغا ئېغىر بېسىم ئىشلىتىپ، ئاخىرى ئاۋامنىڭ نارازىلىقىغا قالغانىدى. "ئۈلگىلىك كەنت"لەردىكى دېھقانلار يۇقىرىدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن باشلىقلار، زىيارەتكە كەلگەن مۇخبىرلار ۋە سىرتتىن ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈپ بولالماي ئوڭايسىزلىناتتى. "كەنت تەرەققىيات ھەيئىتى"نى نامىدا دېھقانلار ئۆزلىرى سايلاپ چىقىدۇ، دېيىلگىنى بىلەن، كېيىنچە بارا- بارا ھۆكۈمەت تەيىنلەيدىغان مەمۇرلار گورۇپپىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

كورىيىدىكى يېڭى يېزا ھەرىكىتى بىلەن جۇڭگودىكى "سەكرەپ ئىلگىرىلەش" دولقۇنى ئوخشاشلا ھوقۇقچىلىق سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ۋە دېھقانلارنىڭ ئىنتائەتچانلىقىنىڭ شارائىتى بىلەن قانات يايدۇرۇلغان

بولىسمۇ، لېكىن كورىيىنىڭ يېڭى يېزا ھەرىكىتى جۇڭگودىكى "سەكرەپ ئىلگىرىلەش"كە ئوخشاش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشماي، ئەكسىچە ئۇنىڭدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتىلدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، كورىيىنىڭ يېڭى يېزا ھەرىكىتىدە بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يول ياساش، قۇدۇق قېزىش، ئۆي سېلىش ۋە توك تارتىش قاتارلىق ئەمەلىي ۋە كونكرېت تۈرلەر ئىدى. دېھقانلار ئۇنداق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ پايدىسىنى بىۋاسىتە كۆرەلىگەنلىكى ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ مەزكۇر ھەرىكەتكە ئىشتىراك قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئاسانغا توختىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولغا قويۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئەمەلدارلارنىڭ كاللىسى قىزىپ قالغان چاغدىكى ھاياجانلىق شوئارلىرىنىڭ تۇغۇندىسى ئەمەس، بەلكى مەزكۇر ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىدىكى ئالىملار ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ لايىھىلىگەن تۈرلەر، جۈملىدىن زامانىۋى ئىلىم ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى ئاساسىدىكى سىياسەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشتا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش خاھىشى ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ زىيان-زەخمىتى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئىجابىي رول ئوينىدى. ھالبۇكى جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان "سەكرەپ ئىلگىرىلەش" جەريانىدىكى "پولات تاۋلاش"، "تۆمەن جىڭ ھوسۇللۇق ئېتىز" بەرپا قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى "ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش" پائالىيىتىنىڭ ماھارەت جەھەتتىكى سەۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلمىي تاللانمىغانلىقى سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولدى. ئەمەلىيەتتە، "سەكرەپ ئىلگىرىلەش" داۋامىدا بىر قىسىم سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا غايەت زور روللارنى ئوينىدى؛ شۇ چاغدا قۇرۇلغان بەزى تۈرلەر تا

ھازىرغىچە ئۆزى رولىنى جارىي قىلدۇرماقتا. دېمەك، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كورىيە يېڭى يېزا ھەرىكىتىدە جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان يېزىلار ھەرىكىتىدىن ئەندىزە ئالغان.

ئىككىنچى، كورىيىنىڭ يېڭى يېزا ھەرىكىتى يەككە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەت گەرچە ناھايىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا قىلچە دەخلى- تەرۇز يەتكۈزمىدى؛ جۈملىدىن يەرلەر يەنىلا دېھقانىنىڭ شەخسىي مۈلكى سۈپىتىدە قېلىۋەردى؛ ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى يەنىلا دېھقانىنىڭ ئىلكىدە تۇرىۋەردى. دېھقانلار بۇ ھەرىكەتكە ھۆكۈمەتنىڭ زورى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرىنچىدىن ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلىكى، ئىككىنچىدىن ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ ماسلاشتى. دېمەك، بۇنداق ھەرىكەتنىڭ ۋەيران قىلارلىق كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال مەزگىللىرىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇ يېزىلاردىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىنى جەلپ قىلىپ، يېزىلاردا يۈز بېرىدىغان پەسىللىك ئىشسىزلىقنى كۆرۈنەرلىك ئازايتتى. دېھقانلار ئاشۇنداق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ھەمكارلىشىش روھى ۋە ئۈچۈر ئالاقىسىنى كۈچەيتتى، شۇنداقلا ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ تارقاقلىقى سەۋەبلىك كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان خىلمۇ خىل كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇپ قالدى. قىسقىسى، يېڭى يېزا ھەرىكىتى ناتۇرال ئىگىلىك تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان دەرمانسىزلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇردى. ئەمما ئېلىمىزدىكى "سەكرەپ ئىلگىرىلەش" بولسا دېھقانلارنى يۈكسەك دەرىجىدە تەشكىللەش ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغاچقا، دېھقانلارنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمۇ، باشقىچە پىكىردە بولۇش شارائىتىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت بۇيرۇققا بويسۇنۇشقىلا مەجبۇر ئىدى. شۇڭا ھەرىكەت داۋامىدىكى چەكتىن ئاشقان خاھىشلارنى

ۋاقتىدا تۈزىتىشكە مۇمكىن بولمىغانىدى.

ئۈچىنچى، كورېيىنىڭ يېڭى يېزا ھەرىكىتى يېزىلارغا بايلىق تەقسىملەش بىلەن خاراكتېرلىنەندى. چۈنكى بۇ ھەرىكەت خېلى پۇختا بولغان سانائەت تەرەققىياتى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغاچقا، بايلىق تەقسىملەش جەھەتتە تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا كورېيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېزىلارغا بەرگەن نۇرغۇن ياردەم پۇل ۋە قەرز پۇللىرى ئەمەلىيەتتە بايلىقنى يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈش تەدبىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

كورېيىدىكى يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ئومۇمىي سېلىنما ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى 50 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، قالغىنىنى دېھقانلار ئۆزلىرى توپلىغانىدى. دېھقانلار ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ قەرزى ئىدى. يۇقىرىنىڭ قولى پۇل كۆرىدىغان ھەرىكەتنى دېھقانلار ئالقىشلايدۇ، ئەلۋەتتە. دېمەك، كورېيىنىڭ يېڭى يېزا ھەرىكىتى شەھەر بىلەن يېزىلار تەرەققىياتىدىكى پەرقلەرنى تۈگىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقنى قوغداشنى نىشان قىلغانلىقى ئۈچۈنلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىدى.

ھالبۇكى، جۇڭگودىكى ”سەكرەپ ئىلگىرىلەش“ دېھقانلارنى مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلىش بەدىلىگە يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق سانائەتنى يۆلەشتەك تراگېك ئاقىۋەتكە يۈزلەندى. قىسقىسى، جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان مەزكۇر دولقۇن ”ھەممە ئادەم باشقا ئىش قىلماي پولات تاۋلاش“ بىلەن خاراكتېرلەنگەنلىكى ئۈچۈن تېزلا مەغلۇپ بولۇپ كەتتى.

## (6)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەر كورېيىدىكى يېڭى يېزا ھەرىكىتىنى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى.

بىرىنچى، ئاۋامنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتى

ياخشىلاندى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا قەدەم قويغان چاغلاردا كورىيە يېزىلىرىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ھەم تار، ھەم ئەگرى ـ توقاي ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك بولمىغاچقا، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يېزىلارغا كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا يېڭى يېزا ھەرىكىتى باشلىنىپلا كورىيىدىكى كۆپ ساندىكى يېزىلارغا تاشيوللار ياسىلىپ، كۆۋرۈكلەر سېلىندى. مەسىلەن، 1971 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كورىيىدىكى كەنتلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرىدىغان 3.5 مېتىر كەڭلىكتىكى تاش يول ياسىلىپ، 65 مىڭ ئورۇنغا كۆۋرۈك سېلىندى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كەنتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كورىيە كەنتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماشىنا قاتنىدى.

كورىيە دېھقانلىرىنىڭ ئولتۇراق شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. جۇملىدىن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە سۇ تۇرۇبىسى تارتىلىپ، ئەۋرەز يوللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يېزىلارنىڭ تازىلىق شارائىتى ياخشىلانغاچقا، ئىچىملىك سۇدىن بولىدىغان كېسەللىكلەر ئازايدى. 1971 ـ يىلى كورىيە دېھقانلىرىنىڭ 80 پىرسەنتى پاخالدا ياپقان ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. يېڭى يېزا ھەرىكىتى داۋامىدىكى تۇرالغۇلارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە نامراتلىقنىڭ بەلگىسى بولغان پاخالدا ياپقان ئەسكى ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى پۇتۇنلەي كاھىشلىق ئۆيلەر ئىگىلىدى. دېمەك، كەنتلەرنى قايتا قۇرۇش ھەرىكىتى سەھرالارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ مۆھتىشەم گۈزەللەشتۈردى.

ئېلېكتىر ۋە ئالاقە تورى تېزدىن كېڭەيتىلدى. 1971 ـ يىلى كورىيىدىكى 2 مىليون دېھقان ئائىلىسىنىڭ 80 پىرسەنتى قارا چىراغ ياقاتتى. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھايىتى ئايرىم ساندىكى تاغلىق ۋە كىچىك ئاراللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە توك ۋە تېلېفون تارتىلدى. توكنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى كورىيە يېزىلىرىدا

يېڭى- يېڭى ئىستېمال ئېھتىياجلىرىنى تۇغدۇردى. تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ ۋە كىرئالغۇ قاتارلىقلار دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى.

ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى.

كورىيە دېھقانلىرىنىڭ كىرىمى مۇنداق ئىككى يول ئارقىلىق كۆپەيتىلدى: بىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىقچىلىقى، باقمىچىلىق ۋە ھۈنەر- كەسىپ كۆچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى؛ يەنە بىرى، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى. بۇ تەدبىرلەر دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. 1965 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شەھەرلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 14.6 پىرسەنت، دېھقانلارنىڭ بولسا 3.5 پىرسەنت بولغانىدى. لېكىن 1970 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە شەھەرلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4.6 پىرسەنتلىك، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى بولسا 9.5 پىرسەنتلىك نىسبەت بويىچە ئاشتى.

ئۈچىنچى، يېزا تەشكىلاتلىرى تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى يېڭى يېزا ھەرىكىتى كورىيىدىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىسى بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. كورىيىدىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرى دېھقانلارنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئىشىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل ئىدى، شۇنداقلا يېزا پۇل مۇئامىلىسى سىستېمىسىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. جۈملىدىن دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرى دېھقانلارنىڭ ئېشىنچە پۇللىرىنى ئامانەتكە يىغىپ، ئاندىن ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ قىلىپ سالاتتى.

يېڭى يېزا ھەرىكىتى باشلىنىپ ئىككىنچى يىلى كەنتلەردە دېھقانلار پائالىيەت ئۆيلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى. دېھقانلار دائىم

ئۇ يەرگە يىغىلىپ تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلاتتى؛ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا ئائىت كۇرسلارغا قاتنىشاتتى. دېھقانلار پائالىيەت ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى يېزىلاردىكى پۇقراۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى كورېيىدە يۇقىرىقىدەك كونكرېت يېڭىلىقلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان مەۋھۇم يېڭىلىقلارنى ئاپىرىدە قىلدى. ئۇ دەل پىياۋ جېڭشى ئۈمىد قىلغان دېھقانلارنىڭ ئىدىيۋى قارىشى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەردۇر. كورېيە يېزىلىرىدىكى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، ئۇچۇر يوللىرىنىڭ راۋانلىشىشى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرى يېزىلارغا سىڭىپ كىرىپ، دېھقانلار پسىخىكىسى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن كورېيە دېھقانلىرىدىكى قالاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە نادانلىق بارا- بارا ھازىرقى زامان پۇقرالىرىغا خاس ئاڭغا ئورۇن بوشاتتى. زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېڭىنى كېچىكىپرەك قوبۇل قىلغان ئەللەردە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئادەتتە دۆلەت سىرتىدىن دۆلەت ئىچىگە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ۋە شەھەرلەردىن يېزىلارغا يۈزلەنگەن لىنىيە بويىچە تارقىلىدۇ. يېزىلار زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېڭىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئەڭ قالاق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. "دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇرۇلغان يېڭى يېزا بەرپا قىلىش خۇسۇسىدىكى خىلمۇ خىل قۇرۇلۇشلار ۋە تۈرلۈك ئېكسپورت نىشانلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ئاۋامنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى." بۇ پاكىت پىياۋ جېڭشى ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، ئاخىرىدا رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، يېڭى يېزا ھەرىكىتى ـــ "يېتەكلەنگەن كاپىتالىزم" يولىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا شەھەرلەرگە خاس ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېزىلارغا يەتكۈزۈلۈش جەريانىدۇر. بەزىلەر ئۇنى "ئۆلگە تىكلەش ھەرىكىتى"، "ئاقارتىش ھەرىكىتى" دەپ ئاتاشتى. ئومۇمەن كورىيىنىڭ يېڭى يېزا ھەرىكىتى ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكلىشىدە باسقۇچلۇق يېزىلار خىزمىتىگە بولغان مۇداخىلىسىنى كۆچەيتىپ، بايلىق تەقسىملەش، پىلانلىق باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەپ سەپەرۋەر قىلىش جەھەتلەردىكى مەجبۇرىي يېتەكچىلىكىنى ئىشقا سېلىشنىڭ بەلگىلىك رول ئويناش دېغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ "ھۆكۈمەت ھەممىگە چات كېرىۋالسا بولىدۇ" دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## (7)

پىاۋ جېڭشىدىن كېيىن ئىش باشقۇرغان كورىيە ئەمەلدارلىرى يېڭى يېزا ھەرىكىتى داۋامىدىكى "ئامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش" تەدبىرىدىمۇ قىسمەن نۇقسانلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، يېڭى يېزا ھەرىكىتى ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان "يېزىلارغا چۈشۈش ھەرىكىتى" شەكلىدىن دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىش ئەندىزىسىدىكى ھەرىكەت شەكلىگە ئۆزگەرتىلدى، بولۇپمۇ ھەرىكەتنىڭ "ئاقىلغا ئىشارەت" كۆرسىتىش ماھىيىتى كۈچەيتىلدى. ھۆكۈمەت پۇقراۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۆپرەك كۈچ چىقاردى. جۈملىدىن تەربىيىلەش ۋە ئۇچۇر تەشۋىقاتى خىزمىتىنى دېھقانلار ئۆزلىرى زىممىسىگە ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭدا پەقەت پىلانلاش، تەڭشەش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە مالىيىدە مەدەت بېرىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ،

كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا پۇل مۇئامىلىسى ۋە يېزا ئوبوروت ساھەسىنى جانلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

يۇقىرىقى تەدبىرلەر دېگەندەكلا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. 1993- يىلى كورىيە دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 95 پىرسەنتىگە يېقىنلاشتى؛ شۇنداقلا يېزىلاردىكى ھەر 100 ئائىلىدە رەڭلىك تېلېۋىزور 125 كە، توڭلاتقۇ 105 كە، گاز ئوچاق 101 گە، تېلېفون 100 گە، ماشىنا 21 گە، كومپيۇتېر 7 گە يەتتى.

لېكىن كورىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، يېزىلار مەسىلىسىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بەردى. 1994- يىلى 6- ئايدا ئەينى چاغدىكى پرېزىدېنت جىن يۇڭسەن «دېھقانچىلىق- بېلىقچىلىق كەنتلىرى ۋە يېزا مەمۇرىيىتى ئىسلاھاتى يىغىنى»نى چاقىردى. يىغىندا يېزىلار تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار 14 تۈرلۈك تەدبىر بېكىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى شەھەرلىكلەرنىڭكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق:

"مائارىپ جەھەتتە: ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى رايونلار ئايرىمىسى بويىچە بېكىتىلىپ، سەھرا باللىرىنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ يېزىلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشىغا نۇقتىلىق ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئالىي مەكتەپكە يېزىلاردىن ئۆتكەن 10 مىڭ نەپەر يېڭى ئوقۇغۇچىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغاندا بەھرىمەن بولىدىغان خىراجىتى ئۆستۈرۈلىدۇ؛ يېزىلاردا ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى يەنىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ."

"داۋالىنىش جەھەتتە: دېھقانلار قەرەللىك تۈردە سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتناشتۇرۇلۇپ، بۇ جەھەتتە دېھقانلار باشقا

ساھەدىكىلەرگە ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ؛ يېزىلارنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىچىدە دۆلەت مالىيىسى زىممىسىگە ئالىدىغان نىسبەت 1994 ـ يىلىدىكى 40 پىرسەنتتىن 50 ــ 60 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلدۇ؛ ھازىرقى يېزا يوللىرىنىڭ 80 پىرسەنتى قايتا ياسىلىدۇ؛ دېھقانلار پېنسىيە پۇلى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، كىرىمى تۆۋەن دېھقانلارنىڭ تېلېۋىزىيە ھەققىنى كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ غەيرىي دېھقانچىلىق كىرىمى ئاشۇرىلىدۇ...»

**(8)**

كورىيە يېڭى يېزا ھەرىكىتىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان بولسىمۇ، لېكىن يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە يەنىلا بىر قىسىم تۈپكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى.

كورىيىنىڭ تۇتقىنى جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاش يەككە دېھقانچىلىق تۈزۈمى ئاساسىدىكى تەرەققىيات يولى ئىدى. بۇ ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. جۈملىدىن، غەربىي ياۋروپانىڭ سانائەتلەشتۈرۈش جەريانىدىكى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ياندىشتۇرۇلغان. ھالبۇكى، كورىيە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىنى بېسىپ ئۆتمىدى.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كورىيە يەككە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى تۈزۈمى بويىچە ئىش كۆرمىسە بولمايتتى. چۈنكى كورىيە دۇنيادىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى ئەڭ ئاز دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەتتا جۇڭگونىڭمۇ ئارقىسىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە

كورىيىدە كۈڭزىچى ئەللەرگە خاس بولغان يەرلەرنى تەڭ تەقسىملەش ھوقۇقى قەدىمدىن تارتىپ ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈۋالغاندا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىدۇ. بۇ نۇقتا جۇڭگونىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش.

شۇڭا، كورىيە يېزا ئىگىلىكى گەرچە "يېتەكلىنىدىغان كاپىتالىزم" ئەندىزىسى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى بىلەن سانائەتنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى بىر- بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. يەنى سانائەت كارخانىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا رىقابەتكە يۈزلەنگەن؛ ھالبۇكى يېزا ئىگىلىكى بولسا ئۇنداق رىقابەتتىن خالىي ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ ھىمايىسىدە ئارامخۇدا كۈن ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەككە دېھقانلار ئارىسىدا كۆلەملەشكەن كارخانىچە رىقابەتنى شەكىللەندۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كورىيە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا پەقەت ھۆكۈمەتكىلا يۆلىنىدۇ. شۇڭا كورىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى سىياسىتى باشتىن- ئاياغ سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش يولى بىلەن جەمئىيەتنىڭ باراۋەر تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتى تۈسىنى ئېلىپ كەلدى.

كورىيە ھۆكۈمىتى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. 1979 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە ھۆكۈمەتنىڭ شال سېتىۋېلىش باھاسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19 پىرسەنتتىن ئۆستۈرۈلدى. 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئاز- تولا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىكى مالىيە ياردىمى يەنىلا ئېشىپ باردى. 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كورىيىدىكى شالنىڭ باھاسى خەلقئارا

بازاردىكى باھانىڭ 2 ھەسسىسىدىن 3 ھەسسىسىگە، ئارپىنىڭ باھاسى خەلقئارا بازاردىكى باھانىڭ 2.6 ھەسسىسىدىن 4.2 ھەسسىسىگە، باقلانىڭ(دادۇ) باھاسى خەلقئارا بازاردىكى باھانىڭ 2.6 ھەسسىسىدىن 3.8 ھەسسىسىگە يەتتى.

كورىيانلار ناۋادا يېزا ئىگىلىكىنى ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىرىشتۈرمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا چوقۇم يەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. لېكىن ئىجتىمائىي ئەنئەنە ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى جەھەتتىكى تەلەپ ئۇنداق قىلىشقا چەك قويىدۇ. دېمەك، بۇ جۇڭگو يېزا ئىگىلىكى بىلەن كورىيە يېزا ئىگىلىكى ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىدۇر.

# يېگانە ئارالنىڭ شان ـ شەرىپى

كورېيە بىلەن ياپونىيە ئارىسىدىمۇ گويا جوڭگو ـ ياپونىيە دېڭىزىدىكى دىياۋيۈداۋ تالاش ـ تارتىشىغا ئوخشاش جەڭگى ـ جېدەللەر ئۆزۈلۈپ قالغىنى يوق.

كورېيە بىلەن ياپونىيە چېگرىسى ئارىسىدا، ئۆزۈنلۈقى 200 مېتىرمۇ كەلمەيدىغان، گىياھ ئۈنمەس تاشلىق ئارالدىن بىرى بولۇپ، كورېيانلار ئۇنى "يېگانە ئارال" دەپ ئاتىسا، ياپونلار "تاكېگاشىما ئارىلى" دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، بۇ ئالىقانچىلىك ئارال كورېيە ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىدە خۇددى جوڭگو ـ ياپونىيە ئارىسىدىكى دىياۋيۈداۋ ئارىلىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە مەزكۇر ئارالنى بېسىۋالغانىدى. لېكىن كورېيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مەزكۇر ئارالغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1953 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ياپونلار چاۋشيەن ئۇرۇشى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئادەمسىز ئارالغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بەلگە سېلىۋالدى.

بۇنىڭدا كورېيانلار زادى قانداق پوزىتسىيە تۇتتى؟

ياپونلار مەزكۇر ئارالغا چىققاندىن كېيىن، 23 ياشلىق كورېيان يىگىت ــ خۇڭ چۈنچى ئۆزى ئوخشاش ئوت يۈرەك يىگىتتىن بىر نەچچىنى يىغدى. ئاندىن ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا قورال ـ ياراغقا بولغان باشقۇرۇش بوششىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گەرچە قانۇنسىزلىق بولسىمۇ، مىلتىق ۋە ئوق سېتىۋېلىپ ھېلىقى ئارالغا كەلدى ۋە ياپونلارنى ئۇ يەردىن قوغلىۋېتىپ، كورېيە دۆلەت بايرىقىنى تۇنجى قېتىم يېگانە ئارالدا لەپىلدەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بىر تال مىلتىقلا تايىنىپ يېگانە ئارالنى ئۆزى يالغۇز توپتوغرا ئۈچ يىل سەككىز ئاي قوغدىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاشۇ چاغلاردا ياپونىيىنىڭ پاراخوت ۋە بېلىقچى كېمىلىرى بىلەن سانسىز قېتىم تۇتۇشقانلىقى يېزىلغانىدى. 1956 ـ يىلىغا كەلگەندە كورېيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇش بىسەرەمجانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھېلىقى ئارالغا دېڭىز مۇھاپىزەتچى ساقچىلىرى ئەترىتىنى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خوڭ چۈنچىنىڭ "ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش"تەك مۇقەددەس بۇرچى تاماملانغان بولدى. كورېيە ھۆكۈمىتى ئۇنى "تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق قىلدى" دەپ جازالىماقتا يوق، ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئوردېن تاقاپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى تەقدىرلىدى.

مانا ھازىر كورېيە قوشۇنى بۇ يېگانە ئارالنى مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرۇۋېتىۇ. مەزكۇر ئارالدىكى كارتېر ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانلار بىلەن قوراللانغان 34 نەپەر دائىم تۇرۇشلۇق ساقچى ياپونىيىنىڭ بېلىقچى كېمىلىرى ۋە دېڭىز ئارمىيىسى پاراخوتلىرى ناۋادا تاجاۋۇز قىلىپ قالسا، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا ھەر ۋاقىت تەييار. شۇڭا يېگانە ئارالغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمىغان ياپونلار كورېيىگە بۇ ئارالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھەققىدە پەقەت ئېغىزدىلا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

مەن ئىلگىرى كورېيە مەدەنىيىتى، كورېيانلار روھى ھەققىدە ئاز-تولا بىر نېمىلەرنى يازغانىدىم. لېكىن تورداشلار مېنى "كورېيانلارنى يوق يەردىن كۆككە كۆتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلدى" دەپ ئەيىبلەشتى. لېكىن مەن گەپنى ئۇدۇللا دەي: بىزدىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەن جۇڭگېن(كورېيىلىك يىگىت، 1909 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ خاربىن ۋوگزالىدا جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشى ۋە ياپونىيىنىڭ چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنى يۇتۇۋېلىش مۇددىئاسىدىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى پىلانلىغان شۇنداقلا ياپونىيىگە تۆت قارار باش ۋەزىر بولغان ئىتوجى خاكاتانى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. كېيىن

ئۇنى ياپونلار تۇتۇۋېلىپ، دالىيەن تۈرمىسىدە ئۆلتۈرىۋەتكەن، — تەرجىماندىن.)دەك ئەزىمەتلەر، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن خۇڭ چۇنچېدەك جەسۇرانە ئوغلانلار چىقىپ باقمىدى.

كورىيىدىكى تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنىڭ ياپونىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كورىيە بىلەن ياپونىيە "ئامېرىكا- ياپونىيە- كورىيە ھەربىي ئىشلار سىياسىي ئىتتىپاقى"نىڭ ئەزاسى. كېيىن كورىيانلار ياپونلارغا بولغان ئۆچ- ئاداۋىتىنى ئەزەلدىن يوشۇرۇپ باققان ئەمەس؛ ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھەرگىزمۇ ئومۇملۇق زۆرۈرىيىتىدىن ياپونىيىگە يول قويۇپ باققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆلسىمۇ خاتالىقىنى بويىنىغا ئالمايدىغان ياپونلارغا بولغان غەزىپى ئەزەلدىن ياقىسلا گۇر قىلىپ ئوت ئالىدىغان ۋولقان ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. ياپونىيە بەزى تارىخىي مەسىلىلەر خۇسۇسىدا ھۆرۈ- پۆرۈ دەپ قويغان ھامان كورىيىدىكى نارازىلىقلارنىڭ پەلەككە كۆتۈرۈلۈشى بۇنىڭ بىر دەلىلى. ياپونىيە باش ۋەزىرى شياۋ چۈەن چۇنيىلاڭ "شېھىتلەر قەبرىگاھى"نى تاۋاپ قىلغان كۈنى 20 نەپەر كورىيىلىك نەۋقىران ياپونىيىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سېئۇلدىكى مۇستەقىللىق مەيدانىغا يىغىلدى ۋە بىردىن بارمىقىنى كېسىپ، ئۇنى كورىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا ئوراپ، ياپونىيىنىڭ كورىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. توققۇز نەپەر كورىيىلىك ئاشلىق ئېلان قىلىپ، ياپونىيىنىڭ كورىيىدىن ئەپۇ سورىشىنى تەلەپ قىلدى. كورىيە ھۆكۈمىتىمۇ ياپونىيىگە قاتتىق دىپلوماتىيە ھەرىكىتى قوللىنىش ئۈچۈن، كورىيىنىڭ ياپونىيىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سان- ساناقسىز كورىيانلار كوچىلارغا چىقىپ ياپونىيە دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈپ، ياپونىيە تاۋارلىرىنى چەكلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 1992- يىلى كورىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لى شياڭيۇ ياپونىيىدىن ئۇرۇشتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا تۆلەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. كورىيە

ھۆكۈمىتىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان مەخسۇس گۇرۇپپا تەسىس قىلدى.

كورىيانلارنىڭ ياپونلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەتتا كورىيە زېمىنىدا ياپونىيىنىڭ ھەرقانداق نەرسىسىنى چەكلەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. مۇبادا، بىرەرسى ياپونىيىدە ئىشلەنگەن پىكاپنى سېتىۋالسا، ئىككى كۈن ئۆتەر- ئۆتمەيلا ر باشقىلار بۇ پىكاپنىڭ ئەينەك، چاق ۋە سىرتقى قېپىنى ئۇرۇپ چېقىپ، چۇل- چۇل قىلىۋېتەتتى. كورىيىدە ئىشلەنگەن تاماكىنىڭ قېپىغا "ياپون تاماكىسىنى چەكمەيلى" دېگەن شوئار يېزىلىدۇ. كورىيە ھۆكۈمىتىمۇ ياپونىيە مودا مەدەنىيىتىنى چەكلەش ھەققىدە قانۇن ماقۇللىغان بولۇپ، كورىيىدە ياپونىيە كىنولىرىنى كۆرۈش، مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاش مەنئى قىلىنىدۇ.

كورىيە خەلقى ۋە كورىيە ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن بولغان ھەرقانداق تالاش- تارتىشتا تىغمۇتىغ ئېلىشىش پوزىتسىيىسى بىلەن ياپونىيىگە ھەرگىز يول قويغان ئەمەس.

ھالبۇكى، نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ "يوقىلاڭ ئىشلارنى زىغىرلاپ كېتىپ، چوڭ مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالغانلىق؛ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان تەنتەكلىك، ئەقىلسىزلىق؛ ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئومۇملۇقىنى بۇزۇپ، ياپونىيە- كورىيە سودىسىنى ئاقسىتىدىغان پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىش" ئىدى.

ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، كورىيانلاردىكى بۇ خىل قەيسەرلىك كورىيە- ياپونىيە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ "ئومۇملۇق"قا ئەزەلدىن تەسىر يەتكۈزۈپ باقمىدى. ياپونلار كورىيانلارغا ئوخشاشلا دوستانە مۇئامىلە قىلىۋەردى؛ ياپونىيە- كورىيە سودىسى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋەردى. 1995- يىلىلا كورىيە- ياپونىيە سودىسى سوممىسى 48 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى؛ ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى.

ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان يېرى، ئۆلسىمۇ باشقىلاردىن ئەپۇ سورىشىنى بىلمەيدىغان ياپونلار دەل كورىيانلاردىن ئەپۇ سورىدى. 1998 - يىلى ياپونىيە باش ۋەزىرى گۇگزىي شىيى سېئۇلدا زىيارەتتە بولغان ئۈچ كۈن ئىچىدە كورىيانلاردىن جەمئىي سەككىز قېتىم كەچۈرۈم سورىدى. 1998 - يىلى كورىيە پرېزىدېنتى جىن داجۇڭ ياپونىيىدە تۆت كۈن زىيارەتتە بولدى. زىيارەت جەريانىدا ياپونىيە بىلەن كورىيە بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلدى. ئاخباراتتا ياپونىيە تۇنجى قېتىم كورىيىگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغانلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، كورىيىدىن رەسمىي ئەپۇ سورىدى.

لېكىن، ياپونىيە تا ھازىرغىچە كورىيىدىن باشقا دۆلەتتىن تارىختىكى تاجاۋۇزچىلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ باققىنى يوق.

# ”كورىيە مودىسى“نىڭ سىرى

(1)

”كورىيە مودىسى“نىڭ جۇڭگولۇقلارنى شۇنچىۋالا ئاسان مەپتۇن قىلىۋالغانلىقىغا ھەتتا كورىيانلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران. شۇڭا كورىيىنىڭ مەدەنىيەت ئەمەلدارى چوەن چىيوڭ ”كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ جۇڭگو تاماشىبىنلىرىنى مۇنچىۋالا جەلپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمىز“ دېگەنىدى.

ئارىمىزدىكى كورىيە مەستانىلىرى ئالىقاچان كۆزلىرىمىزنى ئالا-چەكمەن قىلىپ بولدى. ئۇلار بىردەك چېچىنى بوياپ يۈرىدۇ؛ كۆپىنچىسى كورىيانلار ئەڭ ئامراق قىزغۇچ رەڭدە بويايدۇ. ئۇلار بېلىقچىلار شلەپىسى، پادىچىلار شلەپىسى، ۋاسكېتبولچىلار شەپكىسى دېگەندەك باش كىيىملىرى بىلەن خىلمۇ خىل ئۇسلۇبتىكى كىيىم-كېچەكلەرنى ماسلاشتۇرۇپ كىيىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار ئۇششاق چاقماق گۈللۈك كۆينەك، ياكى ئۆزىدىن يوغان مايكا، ئاچ رەڭلىك كەڭرى تامبال ياكى يەر سۆپۈرۈپ تۇرغان كاناي ئىشتان، قىشتا كىيىدىغان ئۆرە ياقىلىق پوپايكا، ئاتىنىڭ كاللىسىدەك يوغان ئاياغ... دېگەندەك ئۈستىۋاشلار بىلەن رەڭگارەڭ كىيىنسىمۇ، لېكىن سەپ سېلىپ قارىسىڭىز گويا بىر قېلىپتا قۇيغاندەك ئوپمۇ ئوخشاش كۆرۈنىدۇ.

ياشلارنىڭ كورىيە مودىسىغا بولغان ئاشىقلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، كوچىدىكى ئاشۇ مودىكەشلەر قوشۇنىغا ھازىر ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ھەتتا موماي لارمۇ بېشىچىلاپ كىرىپلا كەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇلار تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى كورىيە چولپانلىرىغا

دوست تارتىشىپ ھېچنېمىدىن- ھېچنېمە يوق مىشىلداپ يىغلىشىدۇ؛ ئادەتتە چەت ئەل تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كەمدىن كەم كۆرىدىغان بوۋايلارمۇ ئەدەب- ئەخلاق دېگەننى ئوبدان بىلىدىغان كورىيە جەمئىيىتىگە ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە ھازىر كورىيە مودىسىنىڭ بازىرى جۇڭگودىلا ئەمەس. ئىلگىرى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى چەمبىرىكىگە تەۋە بولۇپ باققان ئەللەرنىڭ ھەممىسىدىلا كورىيە مودىسىنىڭ كىرمىگەن تۆشۈكى قالمىدى. قايسى بىر يىلى ۋيېتنامدا كورىيىنىڭ «كۆزدىكى رىۋايەت» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى 20 نەچچە كۈن قويۇلۇۋېدى، ئۇنىڭ كۆرۈرمەنلىرى شۇ چاغدا كۆرسىتىلىۋاتقان ياۋروپا پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپ، بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

ياپونىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ”قوشنا بولغىنى بىلەن ناھايىتىمۇ يىراقتىكى ئەل“ سانىلىدىغان كورىيە ”كورىيە مودىسى“نىڭ تۈرتكىسى بىلەن تەدرىجىي ”ھەم يېقىن ھەم يېقىملىق ئەل“گە ئايلاندى. 1999- يىلى كۈزدە كورىيە داڭلىق فىلىمى «ھايات- ماماتلىق ئۆزگىرىش» توكيو خەلقئارا كىنو فېستىۋالىنىڭ باشلىنىشىدا قىممەتلىك ئەسەر سۈپىتىدە قويۇلغانىدى. كۇلۇپ ھەر قېتىم ياپونىيە تاماشىبىنلىرى بىلەن لىقمۇ لىق تولۇپ تۇردى. 2001- يىلى 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرى كورىيە فىلىمى «ئورتاق پاسىل» ياپونىيىنىڭ جاي- جايلىرىدا قويۇلدى. «تۆمۈر يولچى» قاتارلىق شۆھرەتلىك ئەسەرلەرنى ياراتقان داڭلىق يازغۇچى ئاساتاجىرو بۇ فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن: ”بۇ فىلىمنىڭ قىزىقارلىقلىقى، بەدىئىيلىكى ۋە ئىدىيىسىگە ئىجادىيەتچىنىڭ ساداقىتى سىڭدۈرۈلۈپتۇ؛ ھولليۋودنىڭ داڭلىق فىلىملىرىدىن قېلىشمايدىكەن“ دەپ ماختىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن كورىيە فىلىملىرىنىڭ ياپونىيىدە تېخىمۇ بازىرى چىقىپ كەتتى.

سۇمۇرغ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى «تەگرىقۇت قىسسىسى»نى قويغاندىن تارتىپ، كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى شياڭگاڭغا شىددەت

بىلەن كىرىشكە باشلىدى. كورېيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ شىياڭگاڭدىكى بازىرى چاپ- چاپ بولۇپ كەتكەچكە، شىياڭگاڭدىكى چوڭ- چوڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كورېيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ھەر بىر قىسمىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى رىقابەتنى ئەۋجىگە چىقاردى.

كورېيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى تەيۋەنگە كىرگەندىن كېيىن، تەيۋەندىكى يەرلىك سەنئەتكارلارنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ قالدى. نەتىجىدە «دەۋر» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى شىركەتلىرى ئىشلىگەن فىلىملەرنى چوڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىغا سېتىش تەسلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئېلان سودىگەرلىرىمۇ ئالدى بىلەن كورېيىنىڭ مۇنەۋۋەر چولپانلىرىنى تاللايدىغان، ئۇلار پەقەت ئۇنىمسا ئاندىن تەيۋەن چولپانلىرىنى تاللايدىغان بولۇپ كەتتى.

"كورېيە مودىسى" قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئاجايىپ ئومۇملىشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىز پەقەت كورېيە ئاپتوموبىللىرىغا ئولتۇرۇپ باققان، كورېيە يانفونلىرىنى ئىشلىتىپ باققان بولساقمۇ، لېكىن كورېيە چولپانلىرىنى ئانچە تونۇمايتتۇق. ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى دۇنيانىڭ نەزىرىدىكى كورېيە "مەدەنىيەت جەھەتتە ۋاي دېگۈچىلىكى يوق دۆلەت" ئىدى. 1990- يىلدىن بۇرۇن كورېيە كىنولىرىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات قورالى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆچلۈك ئىجتىمائىي ئاڭ، مىللىي قايغۇ- نەپرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى، جاسارەت ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ كەمچىل ئىدى. شۇڭا بىز «چۈنشياڭ تەزكىرىسى»گە ئوخشاش تارىخىي داستان خاراكتېرلىك فىلىملەردىكى قەيسىرانە مىللىي روھتىن ئۆزگە، كورېيە مەدەنىيىتى ھەققىدە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىدۇق. ھالبۇكى، كورېيە ئويلىمىغان يەردىن پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىش بىلەن بىرگە، بىر ئۆرۈلۈپلا "مەدەنىيەت تارقىتىدىغان" ئاسىيا دۆلىتىگە ئايلاندى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، كورېيىنى مەدەنىيەتتە ئاسىيا

ئۆلچىمىنى يارىتىۋاتىدۇ، دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەس. قىسقىسى، كورىيىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىقىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى كورىيىنىڭ مىللىي ئۆرپ- ئادىتى، ئۆزگىچىلىكى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇسىنى دۇنياغا تونۇتتى. كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى "نەپسىبالا"لىقىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. كورىيە ھۆكۈمىتى 2001- يىلىدىن باشلاپ بەش يىل ئىچىدە كورىيىچە مەدەنىيەت كەسپى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ دۇنيا بازىرىدىكى ئۈلۈشىنى 1 پىرسەنتتىن 5 پىرسەنتكە يەتكۈزۈپ، كورىيىنى دۇنيادىكى بەش چوڭ مەدەنىيەت كەسپى دۆلىتىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇش، ئاخىرىدا 21- ئەسىردىكى مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى ۋە بىلىم ئىگىلىكى بويىچە كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دۇنيا ھازىر كورىيىنىڭ ھەيران قالارلىق تەرەپلىرىگە كۆنۈپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ. لېكىن مېنىڭچە ھەيرانلىقتا ئاغزىمىزنى ئېچىپ تۇرۇۋەرمەي، بۇنىڭغا باشقىچەرەك ئىنكاس قايتۇرىشىمىز كېرەكمۇ-قانداق؟

دۇرۇس، "كورىيە مودېسى"نىڭ سىرىنى ئىزدەپ بېقىشىمىز كېرەك.

**(2)**

مودا مەدەنىيەت كىشىلەرگە يېغانىنى چىقىرىۋېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈنلا مودا بولالايدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ مودا مەدەنىيىتىدە ئىجادىيلىق ۋە جەلپكارلىق كەم. شۇڭا جۇڭگولۇقلار بولۇپمۇ شەھەردە ياشايدىغان جۇڭگولۇقلار نۆۋەتتىكىدەك ئۆتكۈنچى ئىجتىمائىي باسقۇچتىكى مەنىۋى چۈشكۈنلۈك ۋە تېگىرقاشلىرىغا ياتلارنىڭ مودا مەدەنىيەتلىرىدىن مەلھەم ئىزدەۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا جۇڭگولۇقلار نېمە ئۈچۈن باشقا ئەلنىڭ ئەمەس، پەقەت كورىيىنىڭ مودا مەدەنىيىتىگە ئاشىق؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب دەل كورىيە

مودىسىنىڭ يۈكسەك خاسلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدە.

كورىيە كىنولىرى، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ۋە مودا ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلاپ كۆرىدىغان بولساقلا، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك جەلپكار تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىيالايمىز.

بىرىنچى، كورىيە مودا مەدەنىيىتىدە "ئاساسىي مېلودىيە" گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، "سىياسىي"غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېرى شۇكى، جۇڭگومۇ ئاممىۋى مەدەنىيەتتە "ئاساسىي مېلودىيە"نى گەۋدىلەندۈرۈشنى باشتىن- ئاياغ تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن "باش تېما ئېگى"، "باھالاشقا قاتناشتۇرۇش ئېگى"نىڭ غىدىقلىشى بىلەن يارىتىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەرخىل ئەسەرلەردىن بولالىشى ناتايىن. تاۋارلاشقان مەدەنىيەت تېلېۋىزىيە ۋاستىسى ئارقىلىق تەرەككىي قىلدۇرىمىزنى ئىدارە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تېلېۋىزىيە، سەنئەتنىڭ رەڭگا- رەڭ مەدەنىيەت فونكسىيىسى بىلەن مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنى ئاددىي ھالدىكى كۆڭۈل ئېچىش ۋە دورامچىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. چاپ- چاپ بازارلىق بىر قىسىم ئەسەرلىرىمىزدە چۈشكۈنلۈك، تېگىرقاش ۋە ئۈمىدسىزلىك يېغىپ تۇرىدۇ؛ تۇرمۇشتىن ئايرىلغان "تىياتىرچە"، قۇرۇق ۋە يەڭگىللەتەك پىكىرلەر ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدۇ. چۈنكى جۇڭگودا ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقارغۇچىلار غايە، ئىجابىي ئىنتىلىش، سەممىيلىك ۋە ھەققانىيەت دېگەنلەرنى تومپايلارغا تەئەللۇق دەپ قارايدىغان بولغاچقا، ئۇنى تىلغا ئېلىپ قويسا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي "قالاق" ۋە "تومپاي"لىقىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىسا كېرەك.

«قەھرىمان» ناملىق كىنو ــ جۇڭگودىكى بازارلاشقان مەدەنىيەتنى ئىدىيە جەھەتتىن مەنىسىزلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. بىز خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ئەسەردىكى باش تېما يېتەكچىلىكىنى ئىزچىل تەنقىدلەپ، ئىدىيىدىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن

زېھنىمىزنى رەڭۋازلىققا قاراتتۇق. جۈملىدىن ئىجادىيەتتە ھوللىۋودچە يول تۇتۇپ، ھوللىۋودنىڭ رەڭۋازلىق تاكتىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەندۇق. نەتىجىدە تاغدەك دوللار بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزغان «قەھرىمان»ىمىز كۆرۈنۈشلىرى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە چىرايلىق چىققىنى بىلەن ئىچى قۇپقۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى بىز ھوللىۋودنىڭ ھەرقانداق كىنوسىدا ئەلنىڭ غېمى ئۈچۈن زاماندىن زارلاش روھىنىڭ بالقىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئاشۇ روھ بولمىغان بولسا ھوللىۋود كىنولىرىنىڭ دۇنيانى تەسىرلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

ھالبۇكى، كورېيە مودىسى بىزگە روھ ئېلىپ كەلدى. چۈنكى كورېيە مودا ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىدە ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدىكى قايغۇ- ھەسرەتلىرى، ھېس- تۇيغۇلىرىدىكى ئاچچىق- چۈچۈك ۋە شېرىن- شېكەر دەقىقىلەر، ھاياتتىكى تېگىرقاشلار بايان قىلىنىدۇ؛ ھەمدە ناخشا مەستانىلىرىغا ئاشۇنداق رېئاللىقلارغا قانداق يۈزلىنىش، يولۇققان دىشۋارچىلىقلاردىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى ئېيتىپ بېرىلىپ، ئۇلار بۇندىن كېيىنكى تېخىمۇ كۆچلۈك خىرىسلارغا ساغلام روھىي ھالەت بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. بۇنداق مۇزىكىلار ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويۇۋاتقان ئۇقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاشۇ يېقىملىق مېلودىيىگە جۆر بولغان نازۇك تۇيغۇلارنى ئاپىرىدە قىلالايدۇ. قىسقىسى، كورېيە مودىسى گويا مېھرىبان پىسخىكا دوختۇرىغا ئوخشاش ناخشا مەستانىلىرىنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولالايدۇ.

كورېيە كىنولىرىدا كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر- مۇھەببەت، ئاجىزلارغا بولغان رەھىم- شەپقەت ياكى جەمئىيەتكە ئۆزىنى ئاتاش ئىدىيىسى تەشەببۇس قىلىنىپ، كورېيانلارنىڭ مىللەت مەدەنىيىتى ۋە مىللەت روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مىسالەن، «تەگىرى قوشقان بىر جۈپلەر» ناملىق كىنو ناھايىتى

ھەيۋەتلىك ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پىكىر ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ گەرچە مۇھەببەت كىنوسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا شەرقلىقلەرگە خاس ھېس- تۇيغۇ ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن.

كورىيە مودىسىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى بولمىش كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا ئاساسلىقى ئىنسان تەبىئىتى سۆزلىنىدىغانلىقى، جۈملىدىن كىشىلىك ھاياتنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇ- ھەسرەتلىرى ئىشقىي مۇھەببەت، مېھىر- شەپقەت ۋە دوستلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تېما ئاستىدا بايان قىلىنىپ، كىشىلىك ھاياتتىكى ساغلام ۋە ئىنتىلىشچانلىقىقا تولغان چىن ھېسسىيات يورۇتۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن جەلپكار. كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدە ئوبراز يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھېكايە تەپسىلاتلىرىدا بىر خىل ئىخلاسمەنلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ؛ باش قەھرىمانلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەتىگە ناھايىتى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىنتىلىدۇ. شۇڭا كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرگەن ياشلار كۆڭلىدە "ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى تىرىشچانلىق ئارقىلىق يەڭگىلى بولىدىكەن" دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ.

"كورىيە مودىسى" قارىماققا دەۋر ئېقىمىغا ماس كېلىدىغان يېڭى پاسوندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ دەل كونىلىقنى ۋە ئاددىي- ساددىلىقنى مەنبە قىلغان. كورىيە مودىسى ئۆزىنى تۇغقان شەرق مەدەنىيىتىنى ئۇنىسىز سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن قىممەتلىك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىكى ساغلام مۇددىئا مۇبالىغە، ساختىلىق ۋە دەبدەبىدىن خالىي تەبىئىي ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، تۈز كۆڭۈل ۋە تۈز سۆزلۈك كورىيانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىنى ھەرگىز يوشۇرمايدۇ.

جۇڭگونىڭ بىر قىسىم بەدىئىي ئەسەرلىرىدە، مەزمۇن بىر بولسا تەبىئىيلىكنى قوغلىشىپ ھەددىدىن زىيادە قوپال ئىپادىلىنىدىغانلىقى،

بىر بولسا نەپىسلىكنى قوغلىشىپ ئىنتايىن ياسالما ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ساددا گۈزەللىكنى ئاساسەن تاپقىلى بولمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم سودا فىلىملىرى سودا فىلىمىغا خاس ئەندىزە بىلەن ئىشلەنمەي، ئۇنىڭدا ھە دېسىلا ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا يات نەرسىلەر سۆزلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق كىنولارنىڭ رېژىسسورلىرىدا ھازىرقى زامان سودا فىلىملىرىنىڭ ئەندىزىسى ھەققىدىكى ئاڭ يېتەرسىز بولغاچقا، ئۇلار ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىنى تاماشىبىنلارغا زورلاپ تېڭىۋاتىدۇ. تاماشىبىنلار سودا فىلىملىرىدىنمۇ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك زوق ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. لېكىن فىلىمگەرلەر بولسا ئۆزلىرىنى سەنئەتكار ئەمەس، بەلكى پەيلاسوپ دەپ تونۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ فىلىمدىن ھوزۇرلىنىشىغا خىلمۇ خىل كاشىلىلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

شۇڭا سەنئەتتىن كۆڭۈل ئارامى تېپىشقا زارىققان تاماشىبىنلار كورىيە مودىسى ئارىسىدىن بىر تۈرلۈك ئېسىل "قورۇما"نى بايقاپ قالدى. ئۇ "قورۇما" يەپ بولغاندىن كېيىن ھەش- پەش دېگۈچە ئۇسانلا سىڭىدۇ؛ ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ گېلىغا تۇرۇلۇپ قالىدىغان "بېلىق قىلتىرىقلىرى" يوق؛ ھەتتا ئۇنداق "قورۇما" ئادەمنى ھەقىقەتەن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

دۇرۇس، كورىيىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىدىن بولمىش تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا بايان قىلىنىدىغان تۇرمۇش بەكمۇ ئاددىي، بەكمۇ ئادەتتىكىچە. شۇڭا كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈپ باققانلار "كورىيانلار تەسەۋۋۇرغا باي ئەمەسكەن" دېگەن تۇيغۇغا كېلىدۇ. دېمىسىمۇ، كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بىرنەچچە رامكا ئىچىدىلا چۆرگىلەيدۇ. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى قانۇنىيەتلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇنى ھەزىل- چاقچاقلارغا ئايلاندۇرۇپمۇ ئالدى. ھالبۇكى، كورىيانلار مودا مەدەنىيەتنىڭ ئەندىزىلەشكەن قانۇنىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، باشتىن- ئاياغ

ئاشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈدۇ. شۇ ۋەجىدىن كورىيىنىڭ مودا مەدەنىيىتى هەش- پەش دېگۈچە جۇڭگوغا سىڭىپ كىرىپ، جۇڭگو فىلىمگەرلىرىنى قايىللىق ئىچىدە ئامالسىز قالدۇردى. بۇ دەل ئاممىباب مەدەنىيەتنىكى ئۆزگىچە قانۇنىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. باش قەھرىمان يادرو قىلىنىدۇ. ئېكراندىكى كورىيە ئاياللىرى هەم چىن چىراي، هەم نازاكەتلىك، كورىيە ئەرلىرى بولسا جەسۇر، مەردانە، شىجائەتلىك ۋە جىگەرلىك كۆرۈنىدۇ؛ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىنتايىن كۆركەم هەم دەۋر روھىغا تويۇندۇرۇپ ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا قائىدە- يوسۇن ئىنتايىن يارقىن تەسۋىرلىنىدۇ؛ باش قەھرىمانلارنىڭ كىيىنىشلىرى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، هەش- پەش دېگۈچە مودىكەشلەرنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ بولىدۇ.

2. سيۇژېتنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ كىنودىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا تۇرمۇش پۇرىقى ناهايىتى كۈچلۈك بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، گاھىدا هەتتا تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق دېتاللىرىغىچە بەكمۇ تەپسىلىي تەسۋىرلىنىدۇ. كورىيە فىلىمگەرلىرى دەل مۇشۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتالىغاچقا، ئۇلارنىڭ فىلىملىرىدىكى دىئالوگلار شائىرانە هەسرەت ۋە تەكرارلىقتىن خالىي هالدا ئېقىن سۇدەك راۋان ماڭىدۇ. بۇنداق دىئالوگلار ئاددىي بولغىنى بىلەن تەمسىز ئەمەس. چۈنكى، ئاددىي تۇرمۇش دېتاللىرى بالقىتقان هاياجانلىق تۇيغۇلار تاماشىبىنلارنى چىن هاياتنىڭ لەززىتىنى بەدىئىي نۇقتىدىن چۈشىنىشكە ئۈندەيدۇ.

3. سودا فىلىمى قانۇنىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىدۇ. ياپونىيە ۋە كورىيىنىڭ مودا فىلىملىرىگە سەپ سالىدىغان بولساق، ئارتىسلارنىڭ كىيىنىشى، سۈرەتكە ئېلىنىش ئۇسلۇبى ۋە فىلىم ئىشلەش مېخانىزمى

قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭغا قويۇق سودا پۇرىقى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى بازارغا سېلىشتىن بۇرۇنقى تەشۋىقاتتا گېزىت- ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىنىدۇ، ھەتتا پېرسوناژلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاتكىرىتكا، ئۇلارنىڭ بېزەكلىرى قاتارلىقلار ئامىمىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى ساھەسىدە يېڭى- يېڭى چولپانلار يارىتىلىپ، تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىقى يېڭى- يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

جۇڭگو كىنولىرىغا قارىغاندا كورېيە كىنولىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. كورېيە كىنولىرىدا ھېكايە سيۇژىتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىپ، ھېكايە ئىنتايىن مۇكەممەل توقۇلىدۇ شۇنداقلا كىنو ۋەقەلىكىگە كورېيانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئېڭى، تۇرمۇش ھالىتى ۋە كىشىلىك مېھىر- مۇھەببىتى سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. كىنو ۋەقەلىكىگە سىڭدۈرۈلگەن بۇنداق خۇرۇچلار تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارغا يېڭىچە ئىلھاملارنى بېرىدۇ. كورېيە كىنولىرىدا شەكىل جەھەتتىن سودا فىلىملىرىغا خاس قانۇنىيەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىنغىنى بىلەن، مەزمۇن جەھەتتە مەدەنىيەت روھىنى باشتىن- ئاياغ ساقلايدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ «كارا ئىسسىملىق ئىست»قا ئوخشاش ناھايىتى ياخشى دەپ قارالغان كىنولىرىمىزدىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك بىر تۈرلۈك تۇيغۇ ۋە ھالەتلا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ھېكايە قاتلىمىغا تەۋە ئامىللار ۋايىغا يەتكۈزۈلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا مۇنەۋۋەر فىلىملىرىمىزنىڭمۇ دېگەندەك بازىرى چىقمايۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، كورېيە دۇنياغا يۈزلىنىش داۋامىدا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بازاردىكى ئورنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېپىپ چىقالىدى.

دۇنياۋىلاشتۇرۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش ــ مەدەنىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مەسىلە.

لېكىن، بىز جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىشىش نۇقتىسىنى ھازىرغىچە تاپالمايۋاتىمىز. شۇڭا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى خاسلىق ۋە ھاياتىي كۈچى ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما شۇ نۇقتا ئېنىقكى، مىللەت خاسلىقى بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە پۇت تىرەپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

"كورىيە مودىسى"نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ كۈچلۈك مەدەنىيىتى بىلەن سانائەتلەشتۈرۈش يادرولۇقىدىكى ئامېرىكا ئامىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاشما تۇغۇندا. ئۇنىڭدا مەدەنىيەتنى دۇنياۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا كېلىپ چىققان دۇنياۋىلاشتۇرۇش بىلەن يەرلىكلەشتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ئۆز ئارا سىڭىشىش مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئېتىكا بىلەن زامانىۋىلىق ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە شەرقنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن غەربنىڭ قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر توقۇنۇش ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. جۇڭگو تاماشىبىنلىرىنىڭ كورىيە مودىسىغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كورىيىنىڭ «قوشماقلار» ۋە «يەنە بىر كۆرسەم» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى قويغاندىن كېيىن، ئۇلاردا داڭلىق چولپانلار رول ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى "ئۆزگىچە مودا ھايات"قا ئوخشاپ كېتىدىغان تۇرمۇش قايىنمىدىكى ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇش يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈنلا نۇرغۇنلىغان ياشانغان ۋە ئوتتۇرا ياش تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. بولۇپمۇ ھېكايىدىكى باش قەھرىمانلار يولۇققان قىسمەتنىڭ "پەرزەنت كۆرۈش ئېڭى"غا ياتىدىغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئارقا كۆرۈنۈشى جۇڭگو تاماشىبىنلىرىغا ناھايىتى تونۇش. مىسالەن، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئاتا- ئانىدا "ئوغۇللارنى ئەزىزلەپ، قىزلارنى خارلاش" ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار باشقا

ئايالدىن پەرزەنت كۆرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن قوشكېزەك ئاكا- سىڭىل تۇغۇلىدۇ؛ ئاتا- ئانىسى ئوغۇل بوۋاقنى ئېلىپ قېلىپ، قىز بوۋاقنى باشقىلارغا بېرىۋېتىدۇ. بۇ ئاكا- سىڭىلنىڭ كېيىنكى هايات كەچمىشلىرى شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. بۇنداق هېكايە جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن يېڭى نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن كورىيىنىڭ مەدەنىيەت خۇرۇچلىرى بىلەن كېلىشتۈرۈپ قايتا يۇغۇرۇلغان بۇ هېكايە جۇڭگو تاماشىبىنلىرىغا يېڭىچە تۇيغۇ بەردى. هازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئېتىكىسىغا تەهدىت سېلىشى كورىيىدىكىلا ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۆزىمۇ كورىيە مودا مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو تاماشىبىنلىرىنى جەلپ قىلالىشىدىكى مۇهىم بىر سەۋەب.

كورىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مىللەت خاسلىقىنى مەدەنىيەت كەسپى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىدۇ. كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى خۇددى ياپونىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا ئوخشاشلا يەرلىك مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن جەلپكار. مىسالەن، مېهرى ئىسسىق ئاشپۇزۇللار، ئاۋات بازارلار ۋە كونا رەستىلەر كورىيانلارنىڭ ئاددىي تۇرمۇش ئەهۋالىنى نامايان قىلسا، «گۈلدەك چاغلار»، «ئارمانسىز هايات» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا كۆرسىتىلگەن شەھەرلەر، تۇرالغۇلار، كىشىلەرنىڭ يېمەك- ئىچمەك ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلار كورىيانلارنىڭ ئۆزگىچە "چىلىما كۆكتات مەدەنىيىتى"نى گەۋدىلەندۈرىدۇ. كورىيانلارنىڭ بۇ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ياندىشتۇرۇلغان ئۆزگىچە خاس ئادەت- يوسۇندىكى مۇھەببەت هېكايىلىرى جۇڭگو تاماشىبىنلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك زوقىنى كەلتۈرىدۇ.

جۇڭگولۇقلار ياراتقان مەدەنىيەت ئەسەرلىرىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەخلاق ئېتىكىسىغا بولغان دىققەت- ئېتىبارى، ئەنئەنىگە بولغان ئىشتىياقى ۋە ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلاردىن تۇغۇلغان ئىنكاسلىرىنى ئۇچرىتىش تەس. بۇنداق بولغانىكەن،

تاماشىبىنلار بۇ جەھەتتىكى چاڭقاشلىرىنىڭ ئورنىنى ئۆزى ياقتۇرغان باشقا بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئارقىلىق تولدۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ-دە!

كورېيە مودىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى — كورېيانلاردىكى مىللىي مەدەنىيەت ئىشەنچىسىنىڭ غەربچە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن غالىپ كەلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. 10 يىلدىن بۇيان كورېيە كىنولىرى ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى ۋە پىكرىنىڭ تىرەنلىكى بىلەن جۇڭگولۇقلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇردى. چۈنكى كورېيە كىنولىرىدىكى مۇددىئا- پىكىر ئامېرىكا كىنولىرىنىڭكىدەك ئەندىزىلىك قېلىپ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئەركىن ۋە دادىل راۋاجلىنىدۇ. مىسالەن، كورېيىنىڭ «ئاچچىق غورىدەك يارىم» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەسىرچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن دۇنياۋى مۇۋەپپەقىيەتكە نائىل ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كورېيە كىنولىرىغا كىيىنكى مودېرنىزم سەنئىتىگە خاس ئاڭنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا كورېيانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئۆز ئارا باردى- كەلدى ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىگە بىر تۈرلۈك سودا ئامىلى سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. نەن كەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى جاڭ چاۋشيا ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگودىكى كىنو بازىرى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بارلىق مەنپەئەت گۇرۇھلىرى ئىچىدە ئامېرىكا كىنولىرى جۇڭگوغا تەھدىت پەيدا قىلالمايدۇ؛ جۇڭگوغا بۇ جەھەتتىكى تەھدىت دەل مەدەنىيەتتە تومۇرداش بولغان ياپونىيە ۋە كورېيە كىنولىرىدىن كېلىدۇ. چۈنكى، جۇڭگو بىلەن كورېيە مەدەنىيەت يۈزلىنىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. ياۋروپا-ئامېرىكا بىلەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە زور پەرقلىنىدىغانلىقىمىز

ئۇچۇن، مەدەنىيەت مودىلىرىنى ئۇلاردىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلالىشىمىز تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە كورىيە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى خۇرۇچ قىلغان شەرق مەدەنىيىتى ئاساسىغا غەربنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى يانداشتۇرۇش ئارقىلىق يارىتىلغان. شۇڭا ئۇ جۇڭگو ياشلىرىغا نىسبەتەن ھەم يېقىنچە، ھەم يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مول بازار تىجارىتى تەجرىبىلىرى ۋە كۈچلۈك تېخنىكا ئاساسىمۇ ياپونىيە ۋە كورىيە كىنولىرىنىڭ رىقابەت ماھارىتى ۋە ئىقتىدارى جەھەتتە جۇڭگو كىنولىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

كورىيە مودىسىنىڭ بىزگە بەرگەن ئەڭ مۇھىم ئىلھامى، ئۇنىڭ بىزگە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت دۇنياۋىلىشىۋاتقان شارائىتتا مىللىي مەدەنىيەت ئىگىلىكىنىڭ بازاردىكى ئورنىنى قانداق تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى ئۆگەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. دۇرۇس، بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئىگىلىكىمىز كۈچلۈك ھوللىۋود ئالدىدا مەيلى مەبلەغ كۈچى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى تېخنىكا كامالىتى جەھەتتە بولسۇن ھامان ئاجىز. لېكىن، ئۇنىڭ ھوللىۋود بىلەن تىركىشەلەيدىغان بىردىنبىر ئەۋزەللىكى دەل مىللەت خاسلىقىدا، خالاس.

(3)

ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەككە شەخسنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشى شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرى ۋە روھىنىڭ يارىتىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۇرمۇشتا رومانتىكىنىڭ ئەللەيلەشلىرى بىلەن ھەزىل- چاقچاقلارنىڭ شادلاندۇرۇشلىرى كەم بولسا بولمايدۇ، لېكىن ئىدراك ۋە تەپەككۇر كەم

بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتماللىقى كىشىلەرنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويماسلىقى، ھەمدە ئۇ مەدەنىيەت ئىستېماللىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولۇپ قالماسلىقى لازىم؛ لېكىن مەدەنىيەت ئىستېمالىدا ئەركىن- ئازادىلىككە بولغان ئىنتىلىش ئاخىرى بىرىپ يەكگىلتەكلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى، بۇنداق يەكگىلتەكلىك پۈتكۈل مىللەت مەدەنىيىتى قۇرۇلمىسىنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كورىيە مودا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كورىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ يېتەكلەش فۇنكسىيىسىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئوبدان مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

1990- يىلدىن كېيىن كورىيە جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئىلگىرى پەقەت تەشۋىقات قورالىلىق رولىنىلا ئويناپ كەلگەن كورىيە كىنو- تېلېۋىزىيىسى قاتتىق مىللىي نەپرەتتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى بىردىنلا چۆرۈپ تاشلاپ، رېئاللىققا يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يۈزلەندى. جۇملىدىن چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئوچۇق پىكىرلىك نۇرغۇن رېژىسسورلار مۇنەۋۋەر سودا فىلىملىرىنى تۇشمۇ تۇشتىن بازارغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن كورىيىدە كىنو- تېلېۋىزىيىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ھاسىلات نىسبىتى تېزدىن ئۆسۈپ 20-30 پىرسەنتكە يەتتى. بۇ خىل مىسلىسىز تەرەققىيات نەتىجىسىدە سامسۇڭ، دائېۋو، S.K قاتارلىق داڭلىق گۇرۇھلارمۇ ئۇن- سىن بۇيۇملىرى نەشر ھوقۇقى سودىسى ۋە كىنوچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس تارماقلارنى قۇردى. مودا مەدەنىيەتنىڭ پۇقرالارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشتىكى تەڭداشسىز رولىنى كۆرۈپ يەتكەن كورىيە ھۆكۈمىتى مودا مەدەنىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىن كېيىن كورىيە ھۆكۈمىتى مىللىي كىنوچىلىققا ئىلھام بېرىش خۇسۇسىدا بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئالدى بىلەن «كىنوچىلىق تەرەققىياتى ئۇيۇشمىسى»نى

قوۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىمپورت فىلىملىرى سانىنى كورىيە فىلىملىرى سانىغا قاراپ بېكىتىشنى قارار قالدى. شۇنداقلا كورىيىنىڭ مىللىي كىنوچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لايىھىسىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى. كورىيە ھۆكۈمىتى يەنە مىللىي كىنوچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس نىزام تۈزۈپ چىقىپ، كىنوخانىلاردا قويۇلىدىغان كورىيە فىلىملىرىنى يىلىغا ئاز دېگەندە 106 گە يەتكۈزۈش لازىملىقىنى بېكىتتى.

يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر كورىيە كىنوچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىغا كەلگەندە كورىيە كىنولىرى ئاسىيا كىنوچىلىقىدا يېڭى بىر مۆجىزىنى ياراتتى. جۇملىدىن قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە كورىيە فىلىملىرى سان ۋە سۈپەتتە باراۋەر ئىلگىرىلەپ، دۆلەت ئىچىدىكى كىنو بازىرىدا بەلگىلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. مىسالەن، بۇلتۇرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كورىيىدە قويۇلغان فىلىملارنى ئېلىپ ئېيتساق، 20 نەچچە كورىيە فىلىمى 100 نەچچە ئىمپورت فىلىم بىلەن رىقابەتلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بېلەت كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان 20 فىلىمنىڭ توققۇزىنى كورىيە فىلىملىرى ئىگىلىدى. كورىيە فىلىملىرىنىڭ كىنو بازىرىدىكى ئۈلۈشى 2001- يىل 50.1 پىرسەنت، 2002- يىل 48.4 پىرسەنت بولدى. بۇ، كىنوچىلىق ئىشلىرى كېيىنرەك گۈللەنگەن ئەللەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى يۇقىرى نىسبەت سانىلىدۇ. كورىيە كىنوچىلىقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان قىسقىغىنە مەزگىلدە ئۆزىنىڭ بازىرىنى جانلاندۇرۇپلا قالماي، مۇھىمى دۇنيا كىنوچىلىق ساھەسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى؛ يەنى كورىيە كىنوچىلىقى ئاسىيا كىنوچىلىقىدىكى "يېڭىباچە كۈچ"لۈك ئورنىدىن ھالقىپ، ئاسىيا كىنوچىلىقىنىڭ بايراقدارىغا ئايلاندى. قىسقىسى، كورىيىنىڭ ساغلام ۋە ئىنتىلىشچان ئاممىۋى مەدەنىيىتى كورىيانلارنىڭ مىللەت روھىنى

ئۇرغۇتۇپ، هوللىۋود پۈتكۈل يەر شارىنى بىمالال ئىگىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىدە كورىيانلارغا خاس مىللىي غۇرۇرىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

جۇڭگونىڭ مودا مەدەنىيەت بازىرىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان باشقا ئەل مەدەنىيەتلىرى ئىچىدە "كورىيە مودىسى"نى ئىجابىي رول ئوينايدۇ، دەپ چۈشىنىش زۆرۈر. چۈنكى، ئۇ مودا مەدەنىيەتكە ئىزچىل سەل قاراپ كېلىۋاتقان زىيالىيلار ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەرنى مودا مەدەنىيەت ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى مۇھىم تېما قاتارىدا كۆرۈپ، جۇڭگو مودا مەدەنىيىتىنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىشكە دالالەت قىلالايدۇ؛ مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ ئاممىباب مەدەنىيەت بىلەن كارى بولماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا شۇنداقلا جۇڭگو ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى يەڭگىلتەكلىك، ياۋايىلىق، يۈزەكىلىك ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولالايدۇ.

# سېئۇل خاتىرىلىرى

(1)

ئىنچېئون ئايرودرومىنىڭ ”كورىيانلار“ كىرىش ئېغىزىدا چىرايلىق بىر قىز تۇراتتى. قولىدا كىچىككىنە بىر سەپەر چامادانى سۆرىۋالغان ئاق كۆينەكلىك بۇ قىزنىڭ كىيىملىرى ئىنتايىن يالاڭ بولۇپ، پايپاقسىز پۇتلىرىغا سايما كەش كىيىۋالغانىدى.

ئايروپىلان قونۇشقا ئاز قالغاندا ”يەر يۈزىنىڭ هارارىتى نۆلدىن تۆۋەن تۆت گرادۇس“ دەپ ئۇقتۇرغانىدى، ھېلىقى قىزنىڭ يېنىدا تۇرغان ياشقا چوڭ ئاياللارنىڭ ئۈچىسىدا قېلىن ماۋۇق چاپانلار بار ئىدى.

ئەتىسى مەن سەھەررەك تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. تالادا نۆلدىن تۆۋەن يەتتە- سەككىز گرادۇس ئەتراپىدا سوغۇق بولۇۋاتاتتى. كوچىدىن ئالدىراپ ئىشقا ماڭغان ئىككى قىز ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى قىسقا كۆينەكتىن، سوغۇق شامالدا قىزىرىپ پارقىراپ تۇرغان ئوچۇق بىلەكلىرىدىن كورىيانلارنىڭ ھەمىشە تەسەۋۋۇرىدىكى ئىللىق باھارنىڭ قوينىدا ياشايدىغان ئوتتەك روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

سېئۇل كوچىلىرىدا بوي- بەستى كېلىشكەن ئېگىز يىگىتلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىسىز. ئۈچىسىغا نېپىز ئاق مايكىلارنى كىيگەن بۇ يىگىتلەر يوغان قارا سەپەر سومكىلىرىنى يۈدۈكىنىچە ئالدىڭىزدىن سالماق قەدەملەر بىلەن مەردانە ئۆتىدۇ.

كورېيىدە سوغۇققا پەرۋا قىلماي يۈرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ياشلار،

ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشانغانلارمۇ يوق ئەمەس. كورېيانلار ئومۇمىيۈزلۈك جۇڭگولۇقلاردەك سوغۇقتىن قورقۇپ كەتمەيدۇ؛ زىمىستان قىش كۈنلىرىمۇ سوغۇق سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك غەربلىكلەرنى دوراپ ئۆگىنىۋالغان ئادەت ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدە ئەزەلدىن بار ئادەت. چۈنكى چاۋشيەن ئەلمىساقتىنلا نامرات دۆلەت ئىدى، پۇقرالىرى ھەتتا چاي ئېلىپ ئىچىشكىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان بولغاچقا، قىش- ياز سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ھالبۇكى، بۇ خىل غۇربەتچىلىك بارا- بارا كورېيانلاردا ئەركەكلەرچە قەيسەرلىكنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا كورېيە تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مۇسابىقە مەيدانلىرىدىكى غەيرەت- شىجائىتى تويغىچە يەپ، ئىسسىق كىيىنىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان جۇڭگولۇق تەنھەرىكەتچىلەرنى ھەمىشە دېگۈدەك ھالسىرىتىپ قويىدۇ.

كورېيانلار يېمەك- ئىچمەكتىمۇ شۇنداق. كورېيىدىكى ئاشخانىلارنىڭ پاكىزلىقىدا گەپ يوق، لېكىن، ئۇ خەقنىڭ داستىخىنى بەكمۇ غورىگىل كېلىدۇ. ئۇلار داستىخانغا نۇرغۇن ئۇششاق تەخسىلەرنى كەلتۈرىدۇ- يۇ، لېكىن تەخسىدىكىسى چىلىما كۆكتات، تۇزلانغان تەرخەمەك، سېرىق پۇرچاق ئۈندۈرمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بەكرەك جوۋاپ كەتسە بىرەر تەخسە ئالما توغرالمىسىنى قوشۇپ قويىدۇ. ئۇنداق نەرسىلەرنى ھەرقانچە يېسىڭىزمۇ ئاچقان يېرىڭىزگە بارمايدۇ، ئىسسىق باسمايدۇ. لېكىن نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى غۇربەتچىلىك كورېيانلارنى ئاشۇنداق غورىگىل داستىخانغا ئادەتلەندۈرۈۋېتىپتۇ.

كېتىۋاتقاچ كورېيىلىك يول باشلىغۇچى قىز بىلەن كورېيانلارنىڭ بۇ خىل يېمەك- ئىچمەك ئادىتى ھەققىدە مۇڭدىشىپ قالدىم. مىجەز- خۇلقى باشقا كورېيانلارغا بىر قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشايدىغان بۇ "مىللەتپەرۋەر" قىزمۇ كورېيىنىڭ ھەممىلا نېمىسىنى ماختايدىكەن. ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، كورېيانلار زېھنىنى يەپ- ئىچىشكە ئىسراپ

قىلىۋەتمىگەچكە، دۆلىتىنى ئاشۇنداق ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپتۇ؛ چۈنكى ئۇلار زېھنىنى خىزمەت، ئۆگىنىش، ساياھەت، تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىشقا سەرپ قىلىدىكەن؛ قورساق ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ يۈرۈشكە ۋاقتى يوق ئىكەن...

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن "سىلەر جۇڭگولۇقلار قورساققا بەك ئامراق كېلىسىلەر" دېمەكچى بولغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

دۇرۇس، بۇ ھېلىقى قىزنىڭلا گېپى ئەمەس. مەن سېئۇلدا جىن فامىلىك بىر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئىلگىرى جۇڭگو لياۋنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغانىكەن. كورىيىگە كەلگىلى ئون يىل بوپتۇ، ھازىر كورىيە كيۇڭخى ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقاتچى ئىكەن. ئۇ ئالدىنقى يىلى جۇڭگوغا بارغانىكەندۇق، بۇ جەرياندا ئۇ "قورساق جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەكمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن" دېگەن تەسىراتقا كەپتۇ. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، جۇڭگودا بولغان چاغلىرىدا خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى "مېھمان بولۇش"، "كۈتۈۋېلىنىش"، "داستىخانغا داخىل بولۇش" دېگەنلەر بىلەن مەست- گاراڭ يۈرۈپ ئاخىرى ئون نەچچە جىڭ سەمرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە جۇڭگودىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك خىزمىتى — يېيىش ئىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك "مېھماندارچىلىق"، "كۈتۈۋېلىش" سورۇنلىرىنى تۈزۈش، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش، مېھمان بىلەن ھەمداستىخان بولىدىغانلارنى مېھماننىڭ دەرىجىسىگە قاراپ تاللاش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مېڭىسى ئوماچ بولۇپ كېتىدىكەن.

جىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگودىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى يېيىش- ئىچىشكە ئىسراپ قىلىۋاتقان زېھنىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ خىزمەتكە سەرپ قىلسا ئىدى، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىدا كاتتا ئۆزگىرىش بولغان بولار ئىدى!"

(2)

جۇڭگو دەرۋازىسىدىن چىقىپ باققانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ساپاسى ئۈستىدە گەپ سېتىپ باققۇسى كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ھەرقانچە تۈتۈپ باققان بولسامۇ، لېكىن ئاغزىم قىچىشىپ ئولتۇرالمىدىم.

كورىيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كورىيانچە قوللىنىلىدىكەن، ئاندا-ساندا ئىنگلىزچىمۇ ئۇچراپ قالىدىكەن، خەنزۇچە خەتنى ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن.

سېئۇلدىكى دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ دەرۋازىسىغا مۇسابىقە قۇت بەلگىسىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىگە كورىيانچە، ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە ئۈچ قۇر خەت يېزىپ قويۇلۇپتۇ. كورىيانچىسى بىلەن ئىنگلىزچىسى ئاشۇ قۇت بەلگىسىنىڭ ئىسمى ئىكەن، لېكىن خەنزۇچىسىدا بولسا قۇت بەلگىسىنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى "بۇنى تۇتماڭ!" دەپ يېزىلىپتۇ. كىچىككىنە بىر ئاشپۇزۇلغا كىرگەنىدۇق. ئاشپۇزۇلنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يېرىگە مايماق-سايماق يېزىلغان "تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ!" دېگەن خەنزۇچە خەت ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا قىزىقىپ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچىگە ئىنچىكە سەپ سېلىپ باقتىم. لېكىن "NO SMOKING"دېگەن گەپنى ئۇچرىتالمىدىم.

دۇرۇس، كورىيانلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بېخىل، كۆكەرمە، ھۆرمەت- ئېھتىرام دېگەننى ئۇقمايدىغان خەق. لېكىن ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى- دە! مېنىڭچە بىزنىڭ ئۆزىمىزنى بىلگىنىمىز ياخشى.

بىزنى باشلاپ ماڭغان كورىيىلىك ھېلىقى قىز ئۆزى مۇشتۇمدەك بولغىنى بىلەن جاپا دېگەننى ئۇقمايدىكەن. ئۇ يول بويى ئاغزى

بېسىقماي چۈشەندۈرەتتى؛ ساياھەتچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا ئېرىنمەي جاۋاب بېرەتتى؛ ھەتتا مېھمانلارنىڭ يۈك- تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى. لېكىن شۇنداق تېتىك ۋە قىزغىن ئىدى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇيلىغىنىنى قىلماي قويمايدىغان كورىيانلارغا خاس تەرسالىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن بىرەرسى "ماۋۇ بىنانى قاچان سالغان؟" دەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزى قانچىلىك بىلسە شۇنچىلىك جاۋاب بېرىپ، بىلمىگەن يەرلىرىنى تەرەپ- تەرەپكە تېلېفون بېرىپ سوراپ يۈرۈپ ئاخىرى ساياھەتچىلەر قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەرمەي قويمايتتى. ئۇ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان ساياھەت نۇقتىلىرىغا بارغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈرەتتى. شۇڭا ساياھەتچىلەر بەزى جايلارنى ئانچە كۆرگۈچىلىكى يوقكەن دەپ ئويلىسىمۇ، لېكىن ھېلىقى قىزنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئاندىن مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئۇ قىزنىڭ مىجەزى ناھايىتى تۈز ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. مەن ئۇنىڭدىن جۇڭگولۇقلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئىلگىرى ياپونىيىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئۈمىكىگە يولچىلىق قىلاتتىكەن. ھازىر جۇڭگودىن كەلگەن ساھايەتچىلەرگە يولچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئادەتلىنەلمەيۋېتىپتۇ. چۈنكى، جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەر ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە تۈكۈرىدىكەن، كۆرۈنگەنلا يەردە رەسىمگە چۈشىمەن دەپ تۇرۇۋالىدىكەن، ھەق تۆلەشكە تېگىشلىك يەرلەردە مۇلازىملارغا ھەق بەرمەيدىكەن، ۋاقىتقا ئېتىبارسىز قارايدىغان بولغاچقا گاھىدا كۆپچىلىك بىرەر ساياھەتچىنى ساقلاپ يولغا چىقالماي تۇرۇپ قالىدىكەن، بەزىلىرى ھەتتا قىمارخانىدىن ھېلىلا يېنىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق "يەنە بىر قېتىم ئاپىرىپ كېلىڭلار" دېگەندەك يولسىز تەلەپلەرنى قويىدىكەن.

ساپا مەسلىسى ئادەتتە ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك ھالقىلاردا كۆرۈلىدۇ. كورىيىنىڭ شەھەرلىرىدە كېتىۋېتىپ گاھىدا "زامانىۋى كورىيە چاغلىقكەنغۇ" دەپ ئويلاپمۇ قالىسىز. چۈنكى، كورىيىدىكى بىنالار جۇڭگونىڭكىدەك ئېگىز ۋە ھەشەمەتلىك ئەمەس، يوللار جۇڭگونىڭكىدەك كەڭرى ئەمەس؛ كورىيىدە جۇڭگونىڭكىدەك ھەيۋەتلىك ئوبراز قۇرۇلۇشلىرى، كەڭرى مەيدانلار ۋە چىملىقلار يوق. قىسقىسى، كورىيە شەھەرلىرى جۇڭگو شەھەرلىرىگە قارىغاندا كونا، قىستاڭ ۋە ئادەتتىكىچە كۆرۈنىدۇ. لېكىن بەزىبىر ئىنچىكە ھالقىلارغا سەپ سېلىپ باقسىڭىز، كورىيىنىڭ جۇڭگوغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى ھېس قىلالايسىز.

كورىيىدىكى ھەرقانداق بىناغا شۇ بىنانىڭ نامى ۋە نومۇرى يوغان خەت بىلەن ئاتنىڭ قاشقىسىدەك يېزىپ قويۇلىدۇ؛ ئۇنى خېلى يىراقتىنمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما جۇڭگودىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق بىنالىرىنىڭ نومۇرى ناھايىتى كىچىك تاختىلارغا يېزىپ چاپلاپ قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاشۇ بىنانىڭ يېنىغا بېرىپ سىنچىلاپ قارىمىغىچە كۆرگىلى بولمايدۇ.

كورىيىدە مەيلى باغچىلاردا بولسۇن، مەيلى تاللا بازارلىرىدا بولسۇن... ئىشقىلىپ ئادەم توپلىشىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە كىشلەرنىڭ تەرتىپ بويىچە ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرغانلارنىڭ سېپى ھەتتا نەچچە يۈز مېتىر يەرگە ئۇزىراپ كەتسىمۇ، لېكىن كورىيانلار ئۆز نۆۋىتىنى ئالدىرىماي ئەدەپ بىلەن ساقلاشقا ئادەتلەنگەن.

مەلۇم بىر تاغلىق كەنتكە ساياھەتكە بېرىپ، بىر ھويلىغا كىردۇق. ئۇ يەردە دەل كورىيانلارنىڭ ئەنئەنىۋى توي مۇراسىمى كونسېرت شەكلىدە كۆرسىتىلىۋاتقانىكەن. ئۇ يەردە كىرگەنلەرنى نېرى تۇر- بېرى تۇر دەپ باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئادەم يوق ئىدى. لېكىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئەدەپ بىلەن

جىمجىت ئولتۇراتتى. ئادەم ناھايىتى مىغ- مىغ بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىدىكى ئويۇن كۆرسىتىلىدىغان مەيداننى كېسىپ ئۆتىدىغانلار يوق ئىدى.

مۇنداق بىر ئىشقا ناھايىتى ھەيران قالدىم. كورىيىدىكى چوڭ- كىچىك تاللا بازارلىرىدا پۇل ئالىدىغان كاسسىردىن باشقا مال ساتقۇچى، مال جازىلىرىنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ خېرىدارلارنى كۆزىتىدىغان ماراقچىلار قويۇلمايدىكەن. ئاھالىلەر ئولتۇراق بىنالىرىنىڭ دېرىزىلىرىگە مۇداپىئە رېشاتكىسى ئورنىتىلمايدىكەن. قارىغاندا كورىيانلارنىڭ بىر- بىرىدىن ئېھتىيات قىلىش ئېڭى بىزنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئوخشايدۇ.

كورىيىدە ئاپتوموبىل ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، كوچا- كويلارنىڭ ھەممىسىدە ئاپتوموبىل خۇددى دەريادەك ئېقىپ تۇرىدىكەن. لېكىن شوپۇرلار ئېزىپ- تېزىپ قائىدىنى بۇزمايدىكەن، كوچىلاردا ماشىنا تىقىلىپ قالىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن. لېكىن جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈن ئىچىدە شوپۇرلارنىڭ قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنى تۆت قېتىم ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ بىرى مەن ئولتۇرغان تاكسى ئىدى. تاكسى شوپۇرى بارار يېرىمگە يېتىپ كەلگۈچە نۇرغۇن قېتىم يول تالاشتى، باشقىلارنىڭ يولىغا بۆسۈپ كىرىۋالدى ھەتتا قائىدىنى بۇزۇپ يولدا ماشىنىنى قايدۇردى. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، بىر نەچچە قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ كىرىپلا "جۇڭگونىڭ ئۇ نېمىسى بولمايدۇ، بۇ نېمىسى ناچار" دەپ زارلىنىدىغانلار زادىلا كۆزۈمگە سىغمايتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر كورىيىدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتەر- ئۆتمەيلا ئىلگىرى بىزگە ئادەت بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئەرسىلەر كۆزۈمگە سىغمىغىلى تۇردى.

قائىدە- نىزامنى بۇزۇش يەككە ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا پايدا- نەپتىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ھەممىلا ئادەم قائىدە- نىزامنى ئاياغ ئاستى قىلغىلى تۇرسا پۈتكۈل جەمئىيەت

بۇزۇلۇپ، ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىغا زىيان- زەخمەت يەتمەي قالارمۇ؟! بۇ خىل بەتقىلىقلىرىمىزنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: بىز ئۆزىمىزنى جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى دەپ ئەمەس، بەلكى ئىسكەنجە ئىچىدە كۈن ئالىدىغان مالىيى دەپ قارايمىز. شۇڭا كىچىككىنە يوچۇق تاپساقلا ئاشۇ ئىسكەنجە ۋە كونتروللۇقنى ئوغرىلىقچە بۇزۇش بەدىلىگە ئازدۇر- كۆپتۇر "ئەركىنلىك"كە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمىز. ھەتتا بۇ خىل ھالەت تۇرمۇشتىن ئالىدىغان شادلىقلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. مىسالەن، ئايرودروملاردىكى رەسمىيەت ئۆتەش كۆزنەكلىرىنىڭ ئالدىدىكى يەرگە سىزىق ئېھتىيات سىزىقى سىزىپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە ئالدىدىكى ئادەم ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بولغىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كىشى ھېلىقى ئېھتىيات سىزىقىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ساقلىشى شەرت. لېكىن بىز جۇڭگولۇقلار بۇ ئېھتىيات سىزىقىدىن ئۆتۈپ كېتىمىز ياكى ئۇنى دەسسەپ تۇرۇۋالىمىز. گويا كىشىلىك ھاياتتىكى رىقابەتلىك چېلىشلىرىمىز ئاشۇ سىزىقتىن باشلىنىدىغاندەك. قىسقىسى، بىز تەرتىپسىز رىقابەت داۋامىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش مەقسىتىدە، نازارەتسىز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاز- تولا نەپ ئېلىۋېلىشقا ئۆزىمىزنى ئۇرۇپلا تۇرىمىز.

**(3)**

مەن قاتناشقان ساياھەت ئۆمىكىدە بىر نەچچە ياش سودىگەر بار ئىدى. جەمئىيەتتىكى يۇقىرى كىشىلەرگە خاس سالاپىتىدىن ئۇلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، كۆرگەن- بىلگىنى كۆپ كىشىلەر ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. يول بويى ئۇلارنىڭ پالانى بۇرادىرىنىڭ قايسى جەھەتتە كارغا كېلىدىغانلىقى، پالانى سودىگەرنىڭ پۇستانى ئەمەلدارنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ، رەقىبىنى قانداق مات قىلىۋەتكەنلىكى، پالانى بىرىنىڭ

ئادەمگەرچىلىكتىن پايدىلىنىپ بىر سېنت دەسمايە سالماي تۇرۇپ نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقى ... ھەققىدىكى سۆھبەتلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئاشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدىكى ھاياجانلىق قىياپىتى مېنى قىزىقتۇردى. ئەمەلدارلارنى قولغا كەلتۈرەلىگەن سودىگەرلەر، قارا جەمئىيەتنىڭ ئاتامانلىرىنى تىلغا ئالغاندا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھەۋەس ۋە قايىللىق ئىچىدە چاقناپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭمۇ جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر قىلىقلارنى پەرۋايىغا ئالماي ئەخلاقسىزلىق قىلىش، ھوقۇققا چوقۇنۇش ۋە ئۇلپەتچىلىك قىلىشتەك چاكىنا كوچا كەزدىلەر مەدەنىيىتىنىڭ غىدىقلاشلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىدا شەك يوق ئىدى.

ئۇلارغا قوشۇلۇۋېدۇق، شەرقىي شىماللىقلارغا خاس سادda ۋە ئەسەبىي قىزغىنلىقلار ئەۋجىگە چىقتى. ھەر كۈنى كەچتە بىرەيلەن كۆپچىلىكنى ئىككى- تۆت سەردىن قېقىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلاتتى. قىمارخانىدا ئۇلار ئاجايىپ مەردلىشىپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ نەگىلا بارمايلى شەرقىي شىماللىقلارغا خاس مەردلىك ۋە جاسارەت ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 30 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئايال بار ئىدى. ئاڭلىساق ئۇ گۆرۈخانا ئاچىدىكەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدە بىر نەچچە يىل ئىشلەپ بېقىپتۇ. ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان كادىرلىقتىن زېرىككەن بۇ ئايال كېيىن ئۆز ئالدىغا ئىش تەۋرىتىشكە كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ مەبلىغىنى ھۆكۈمەتتە ئەمەلدارلىق قىلىدىغان دادىسى ھەل قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ھە دېسىلا كورېيىنىڭ نەرسىلىرىدىن ئېۋەن تېپىپلا تۇراتتى. ھېلى كورېيىنىڭ بولكىلىرى فرانسىيىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن دېسە، ھېلى قەھۋەسى ئامېرىكىنىڭكىدەك تەملىك ئەمەسكەن دەيتتى، كورېيىنىڭ مۇلازىملىرى ياپونىيىنىڭكىدەك يېقىملىق ئەمەسكەن دەپ داتلايتتى.

بىرىنچى كۈنىدىكى ساياھىتىمىز ئاياغلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يول باشلىغۇچى قىز:

— ئەتە سائەت يەتتە يېرىمدە Morning Call ، — دېدى.

بىراق، مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىپقىزىل دىپلومىنى ئالغان بۇ ئوقۇمۇشلۇق ئايال سورىدى:

— بۇلارنىڭ 猫宁靠 (ماۋ نىڭكاۋ) دېگىنى نېمىسى؟

— سەھەردە ئويغىتىش ۋاقتى، — دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدۇم ئۇنىڭغا.

— ھە شۇ، — دېدى ئۇ ئايال چۈشەنگەندەك قىلىپ، — ياۋروپادىكى مېھمانخانىلاردا ئاشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانىدىم.

ئەتىسى ئاپتوبۇستا كېتىۋاتاتتۇق، ھېلىقى ئايال يول باشلىغۇچى قىزدىن تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى:

— سىلەرنىڭ كورىيىدە ئېگىز بىنالار يوق دېگۈدەكلا ئىكەنغۇ؟ ساناپ باقسام ئەڭ ئېگىزى ئاران 20 نەچچە قەۋەتلا كېلىدىكەن، مۇشۇنىمۇ تەرەققىيات دېگىلى بولامدۇ!

ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيىلەرنى نەچچە كۆرۈپ شاما قىلىۋەتكەن بۇ شەرقىي شىماللىق مەزلۇمنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارىماسىز! ھاجىمنىڭ ئېشكى مەككىگە بارسىمۇ ئېشەكلىكىنى قىپتۇ، دېگەندەك.

# يەنە شۇ ھاجەتخانىنىڭ گېپى

(خاتىمە ئورنىدا)

## (1)

ھاجەتخانا ــ جۇڭگولۇقلارنى ئۆزىنى كەمسىتىشكە ئۈندەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. چۈنكى، جۇڭگونى كۆرۈپ باققان چەت ئەللىكلەرگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىغان نەرسە سەددىچىن ۋە خان سارىيىدىن قالسىلا جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىدىكى سېسىقچىلىقلار بولسا كېرەك. نۇرغۇن ئەجنەبىيلەر جۇڭگونىڭ ھاجەتخانىلىرى ھەققىدە ماقالىلەرنى يېزىپ باقتى. ئۇ ماقالىلەر «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گېزىتىگە كۆچۈرۈپ بېسىلىۋېدى، غىڭ قىلالماي قالغان جۇڭگولۇقلار نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

ھاجەتخانىدىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم پەقەت ئەرزىمەس بولغىنى ئۈچۈنلا جۇڭگولۇقلارنىڭ "باشقىلارغا يەتمەيدىغان ساپاسىز خەق" ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقىمۇ جۇڭگولۇقلاردىكى قالاقلىقتا "سۇ كىرمەس ئېنىقلىما" بېرەلىگەن بۇ ئەرزىمەس ئۇقۇم ئاخىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىشىدىكى ئەڭ جانلىق دەلىلگە ئايلىنىپ قالدى. جۈملىدىن ھاجەتخانا بىر تۈرلۈك يوشۇرۇن ئوخشىتىش سۈپىتى بىلەن بىزنى ئۆزىمىز ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. مىسالەن، بىز گەپنى ھاجەتخانىدىن باشلاپ بىزدىكى ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە تۈكۈرۈپ ماڭىدىغان ئادەتلەر، شەھەرلىرىمىزدىكى مەينەتچىلىك ـ قالايمىقانچىلىقلار، قاتناش تەرتىپىنى خالىغانچە بۇزالايدىغانلىقىمىز، ئەخلاق ئېڭىمىزنىڭ

سۇسلۇقى، ھەتتا سىز- تۇپراقنىڭ بۇلغىنىپ مۇھىتىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى، ھەممە يەرنى قاپلىغان ساختا تاۋارلىرىمىز، خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىكلىرىمىز... گىچە تەھلىل قىلالايمىز.

چىن دۇشيۇ ۋە لۇشۇندىن باشلاپ بەي ياڭ ۋە لۇڭ يىڭتەيگىچە نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگولۇقلاردىكى يارىماس ئىللەتلەرنى چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە قەھرى غەزەپ بىلەن سۆككەنىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن 100 نەچچە يىل ئۆتۈپ بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. جۈملىدىن، تۇرۇبا سۈيى بېكىتىلگەن خاجەتخانىلىرىمىزدىمۇ سېسىقچىلىقتىن تۇرغىلى بولمايدۇ...، چەت ئەلگە چىققان بەزى جۇڭگولۇقلار ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرۈپ قويغاچقا، چەت ئەل ساقچىلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ جەرىمانە قويغان ئىشلارمۇ كۆرۈلۈپ باقتى.

لوڭ يىڭتەينىڭ «جۇڭگولۇقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن زەردىسى يوق؟» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق تەسۋىرلەر بار: "بىر كۈنى گۇگۇم ۋاقتى بىلەن شۋېتسىيىلىك بىر دوستۇمنى باشلاپ دەريانىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى باردىم. بۇ جايدا دەريا سۈيى خېلى تارتىلىپ قالغان بولغاچقا، ئەسلى رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇلغىنىپ كەتكەن دەريادا دۆۋە- دۆۋە ئەخلەت- چاۋارلار لەيلەپ ئاقاتتى. بىز ئەخلەت ئانچە كۆرۈنمەيدىغان يەرنى مىڭ تەسلىكتە تېپىپ ئولتۇردۇق. ئاڭغىچە يەتتە ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ ئۆزىدىن كىچىكرەك يەنە بىر بالىغا بىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ' ئۇكام، سىز ئىنگلىزچە بىلەمگەچكە ئۇقمىدىڭىز، ئاۋۇ چەت ئەللىكلەر بىز تەيۋەنلىكلەرنى قالاق دەۋاتىدۇ' دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، چۈنكى، مېنىڭ ھېلىقى شۋېتسىيىلىك دوستۇم باياتىن بېرى، لام دەپ ئېغىز ئاچمىغان تۇرسا! ئۇ بالا يالغان سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ توقۇغان بۇ گەپلىرى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ بىز جۇڭگولۇقلاردىكى ئۆزىنى كەمسىتىش ئېڭىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!"

**(2)**

هاجەتخانا — ناھايىتى جىق ئەزۋەيلەنگەن تېما. ئۇ ھەقتە چەت ئەللىكلەرمۇ سۆزلىگەن، بىزمۇ سۆزلىگەن، باشقا ئەللەرنى كۆرۈپ باققان جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ كۆپ سۆزلىگەن. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىزدە «سېلىشتۇرما ھاجەتخاناشۇناسلىقى» بارلىققا كەلدى، دېسەك مېنىڭچە ئارتۇق كەتمەس. قىسقىسى، ھاجەتخانا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك بەلگە ئايلىنىپ قالدى. جۈملىدىن بەزىلەر ئەتىگەنلىكى ھاجەتخانىغا كىرىش ئۈچۈن ئۆچىرەت ساقلىغاچ مۇڭدىشىۋاتقان بېيجىڭلىقلارنىڭ گەپلىرىدىن شەرقلىقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېتىكىسىنى پەرەز قىلسا، بەزىلەر جۇڭگودىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ داغدام ئوچۇق تۇرىدىغان ئىشىكلىرىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ كوللېكتىۋىزملىق ئېڭىنى كۆرۈپ يەتتى؛ يەنە بەزىلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھاجەتخانىلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە ئەمەلىي ئىستېمالى جەھەتتىكى پەرقلىرىنى بىلىۋالدى. دېمەك، ھاجەتخانىنى بىر مىللەتنىڭ مىللەت خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ يارقىن بەلگە دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەس، ئېھتىمال. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى "كېسەل"نى سەلىممازا ساقايتىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت خاسلىقىنى راۋۇرۇس ئوڭلىغاندىلا، جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىدىكى سېسىقچىلىقنى ئۈزۈل-كېسەل يوقاتقىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كورىيىنى ساياھەت قىلىدىغان جۇڭگولۇقلار بارا-بارا كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن كورىيە ھاجەتخانىلىرى ھەققىدە گەپ ساتىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. ھەتتا كورىيە ھەققىدە يېزىلغان ھەرقانداق ساياھەت خاتىرىسىنىڭ ھەممىسىدە كورىيىدىكى

پەردازخانىلار(كورىيىدە ھاجەتخانا "پەردازخانا"دەپ ئاتىلىدۇ) توغرىلىق گەپ بولماي قالمايدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرىلا جۇڭگو ئەڭ بولمىغاندا شەرقىي ئاسىيا تەۋەسىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىنلا"مەينەت، قالايمىقان، ناچار" خەق ئەمەس ئىدى؛ كورىيانلارمۇ ئەزەلدىنلا "پاكىزلىقتا داڭ چىقارغان ئىسلزادىلەر"دىنمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، كورىيىنىڭ "مۇھەت تازىلىقى جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئۈلگىسى"بولۇش تەلىپى كورىيە ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغاندىن كېيىن كەلگەن.

ياۋروپالىقلارنىڭ تاكى 1731- يىلمۇ كۆرۈنگەنلا يەرگە چوڭ- كىچىك تەرەت قىلىپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇ يىلى نەشر قىلىنغان «چەۋەندازلار ئېتىكىسى» ناملىق كىتابتا مۇنداق تەۋسىيە قىلىنىدۇ: "تەرەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چېغىڭىزدا ئۇنى كۆرمەسكە سال، ئۇنداق ئادەمگە سالام قىلىش ئەدەبسىزلىكتۇر!"

بۇ مەنىدىن ئالغاندا جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىنى ياۋروپانىڭكىگە قارىغاندا 200 يىل ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى پەقەت 200 يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەرنىڭلا مەھسۇلى، خالاس. شۇڭا "سىپلىشتۇرما ھاجەتخانىشۇناسلىقى" ئۇسۇلى بىلەن 200 يىل بۇرۇنقى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىپ باقىدىغان بولساق ھازىرقىغا تۈپتىن قارىمۇقارشى يەكۈن چىقىرىشىمىز مۇمكىن ئىدى؛ ئېھتىمال ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىنىڭ "زېدىپەس"لىكى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان بولار ئىدى. ياۋروپالىقلارنىڭ كاستۇم- بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ئەتىر پۇراقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىكىنى نامايان قىلىشلىرى سانائەتلەشتۈرۈش ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى باي- باياشادلىقنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەجنەبىيلەر قىستىغان يەردىلا چوڭ-

كىچىك تەرەت قىلىۋېرىدىغان ھەتتا تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىگە تۇكۇرۇپ ئولتۇرىدىغان خەق ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپادا نەشر قىلىنغان «يوسۇننامە» دېگەن كىتابتا "تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىگە تۈكۈرمە، ھەتتا تاماق شىرەسىدىن ئاتلىتىپمۇ تۈكۈرمىگىن" دېگەن تەۋسىيىلەر ئۇچرايدۇ.

1774 ـ يىلى ياۋروپادا نەشر قىلىنغان «ئەدەب ـ يوسۇن ۋە خرىستىئان ئەخلاقى» ناملىق كىتابتا "دېرىزىلەرگە، تامغا ياكى ئۆي بىساتلىرىنىڭ ئۈستىگە تۈكۈرۈپ قويىدىغانلارغا ئەمدى سۆكۈت قىلمايلى" دېگەن قۇرلار بار.

ئىشقىلىپ ئۇ چاغلاردا بىز ھازىرقى ياۋروپا ئاقپىشماقلىرىدىن كۆپ مەدەنىي ئىدۇق. قىسقىسى، ئاتا ـ بوۋىمىز ھەرقانچە مەدەنىيەتسىز بولسىمۇ تاماق شىرەسىگە تۈكۈرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

يۇقىرىقى بايانلىرىم بىلەن جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىنىڭ ھازىرقى سېسىقچىلىقلىرىغا ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆرۈنگەنلا يەرگە تۈكۈرىۋېرىدىغان يامان ئادىتىگە باھانە ئىزدىمەكچى ئەمەسمەن. شۇنى دېمەكچىمەنكى، جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇچرىغانلا يەرگە ھېيىقماي تۈكۈرۈشلىرى، ئەخلاقسىزلىقلىرى، قاتناش تەرتىپىنى بۇزۇشلىرى، تاغدەك بالا ـ قازاغا ئۇچرىسىمۇ چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلىشلىرى ياكى خاراموشلۇقلىرى... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاتالمىش "قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن زېدىپەس"لىكىدىن ئەمەس!

شۇ نۇقتا ئايانكى، جۇڭگودا ھازىر ساقلىنىۋاتقان خىلمۇ خىل مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە ياكى زامانىۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا كۆرۈلگەن ئىللەتلەرنىڭ ساقىندىلىرى. چۈنكى 2000 يىلدىن بۇيان تەرەققىيات دېگەندىن مۇستەسنا بىخارامان ئۇخلىغان جۇڭگولۇقلار غەربنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يۈز يىللىق ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك سادالىرىدىن ئېچىنىش ئىچىدە

چۆچۈپ ئويغاندى. جۈملىدىن ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە كورېيىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى بىلەن جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتىدىن پەلەككە تاقاشقان قامەتلىك دەرەخ بىلەن ئەمدىلا بىخ سۈرگەن نىمجان نوتىنىڭ كۈچلۈك سېلىشتۇرمىسىنى كۆرگەن جۇڭگولۇقلار ئازاب ئىچىدە تولغاندى. لېكىن، "ئاينىڭ ئونبەشى يورۇق، ئونبەشى قاراڭغۇ" دەيدىغان گەپمۇ بار. قالاقلىق جۇڭگونىڭ پېشانىسىگە ، ئىلغارلىق ياۋروپانىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنمۇ ئەمەستۇر! نەچچە مىڭ يىل دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سەركىسى بولغان جۇڭگونى كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە سەركە بولالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ!

(3)

جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىدىن ئىبارەت بۇ تىرناقچىلىك ئامىلدىن تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەرنىڭ سىماسىنى كۆرۈش مۇمكىن: بىرىنچى، جۇڭگو ماددىي جەھەتتە يەنىلا نامرات؛ ئىككىنچى، ھۆكۈمەت ۋە ئاۋام-پۇقرا "ھاجەتخانا مەسىلىسى"دىن ئىبارەت بۇ ئىشنى تېخىچىلا ئەرزىمەس ئىشلاردىن ساناۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچى، جۇڭگونىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ساياھەت ئىشلىرى لايىھىلىرىدە نۇرغۇنلىغان نۇقسانلار ساقلىنىۋاتىدۇ؛ تۆتىنچى، جۇڭگودا سىياسىينى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، جۇڭگولۇقلار قانداقتۇر مەنىۋى جەھەتتە ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان خەق ئەمەس، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزدىكى نۇقسانلار قۇتۇلغىلى بولمايدىغان "زېدىپەس"لىكمۇ ئەمەس.
ھاسىلىي كالام: جۇڭگولۇقلار ئۆزىنى يەنە كەمسىتىۋەرمەسلىكى لازىم!

ھالبۇكى، ھاجەتخانا — سىمۋوللۇقى كۈچلۈك ئامىل.

جۇڭگو، ياپونىيە، كورېيە ھاجەتخانىلىرى شەرقىي ئاسىيا

مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە بۇ ئۈچ ئەلنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدىكى پەرقلىرىنى نامايان قىلالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىش مۇمكىنكى، جۇڭگو زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى ئوڭۇشلۇق باسالايدىغانلا بولسا، جۇڭگو ھاجەتخانىلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئەللەرنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ.

بىر مىللەت كامال تاپىمەن دەيدىكەن، ئۇ نەزىرىنى يىراققا تىكىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە توغرا باھا بېرىپ، ئۆزىگە يۈكسەك ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مەسىلىنى ئېنىق بايقىغىلى، تەرەققىيات ئىمكانىيەتلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئالدىراقسانلىقتا ھاپىلا-شاپىلا ئىش كۆرىمەن دەپ، كىچىككىنە زۇكامنى راك ئورنىدا داۋالايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھالقىلىق "تەن ئەزالىرى"نى ئالماشتۇرىۋېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق مىللەت ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

دۇرۇس، قولى قىسقا ئادەم مىسكىن كېلىدۇ. بىر مىللەت ئېغىر كۈنلەرگە قالغاندا، ئۆزىنى ئاسانلا كەمسىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كورېيانلارمۇ ياپونلارنىڭ ئىستېلاسىدا قالغان زامانلاردا، ئۆزىنىڭ قالاقلىقىدىن نەپرەتلەنگەن ۋە «مىللەتنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە» دېگەندەك كىتابلارنى يېزىپ، ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كورېيانلارنىڭ مىللەت ئېڭىنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش كېرەك، دېگەندەك ئىدالارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى. لياڭ چىچاۋمۇ «چاۋشيەن ھالاكىتىنىڭ سەۋەبى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە كورېيانلارنىڭ خاراكتېرىنى قامچىلىغانىدى. كورېيانلار تاكى 20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىغا قەدەر ئۆزىنى تۈگەشكەن مىللەت، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. 70- يىللاردىكى ئىقتىسادىي گۈللىنىشتىن كېيىن، كورېيانلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى باشقا مىللەتلەردە يوق ئەۋزەللىكلەرنى قېزىپ، ئاخىرى "كورېيانلارنىڭ مىللەت خاسلىقى دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭكىدىن

ئۈستۈن تۇرىدىكەن» دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

ياپونلارمۇ 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغا كەلگىچە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ نۇقسانلىرىدىن زارلانغانىدى. 60- يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ياپونىيە ئىقتىسادى گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ياپونىيە زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئاخىرى «بىزدىكى كۆڭزى مەدەنىيىتى جۇڭگونىڭكى بىلەن تۈپ ماھىيىتىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئىقتىسادىي جەھەتتە كامالەتكە قەدەم قويالىدۇق» دېگەن يەكۈنگە كەلدى.

ئومۇمەن، ھەرقانداق نۇقسانىنى مىللەت خاسلىقىغا ئارتىپ قويىدىغان پىسخىك قېلىپتىن قۇتۇلغاندىلا، ئاندىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى كەمسىتىش ياكى ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە تەمەننا قويۇش خاھىشىدىن ساقلىنىپ، مەسىلىنى لىللا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق خاراكتېرى بولغىنىغا ئوخشاش، ھەرقانداق مىللەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس، ھەم ئوبيېكتىپ ھەم رېئال مىللەت ئېڭى بولىدۇ. يەنە كېلىپ نۇرغۇن ھادىسە ۋە مەسىلىلەرنى نوقۇل مىللەت خاسلىقى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مىللەتنىڭ مىللەت خاسلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئالايلۇق، فېئوداللىق زامانلاردا كورېيانلار مۇتەئەسسىپلىكى بىلەن داڭلىق ئىدى. ھالبۇكى، ھازىر بولسا ئۇلار دېموكراتىيە ۋە ھەققانىيەتنى ياقلاش يولىدىكى كۈرەشچانلىقى بىلەن دۇنياغا داڭ چىقاردى. قىسقىسى، كۆپىنچە ھاللاردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى مىللەت خاسلىقى ئەمەس، بەلكى شۇ ئەلدىكى تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىدۇر!

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "before_pdg2pic_conversion": {
    "filename": "NDAyMDk5MzIuemlw",
    "filename_decoded": "40209932.zip",
    "filesize": 8554415,
    "md5": "31ec509472b9af90a4f80bb41bb048de",
    "header_md5": "38890cebb6cfaee745c355be6e046c08",
    "sha1": "1b7f276fcd86492f3d3add3c8b9b4b9450545731",
    "sha256": "e08711f73c2b3690f0341f1d33f9f368b299d161db3552e46769a2d81c3ba392",
    "crc32": 826460197,
    "zip_password": "",
    "uncompressed_size": 8486729,
    "pdg_dir_name": "\u4e2d\u56fd\u4eba\u6bd4\u97e9\u56fd\u4eba\u5c11\u4ec0\u4e48 \u7ef4\u543e\u5c14\u6587_40209932",
    "pdg_main_pages_found": 267,
    "pdg_main_pages_max": 267,
    "total_pages": 280,
    "total_pixels": 11212800
  },
  "after_pdg2pic_conversion": {
    "filename": "NDAyMDk5MzIuemlw",
    "filename_decoded": "40209932.zip",
    "filesize": 17215735,
    "md5": "af395fa8737a73d63364708a8ba32f10",
    "header_md5": "c83fe2064de420eb0cb0e1b3e6f27488",
    "sha1": "955dda187a62eebf74d7f6dc02f7734a70b874c4",
    "sha256": "4cd4cc83f22b221c29afa6e560cbfb0c512f551a6dba77a7db84497efac1a3fe",
    "crc32": 602822159,
    "zip_password": "",
    "uncompressed_size": 17530547,
    "pdg_dir_name": "",
    "pdg_main_pages_found": 267,
    "pdg_main_pages_max": 267,
    "total_pages": 280,
    "total_pixels": 1047822144
  },
  "pdf_generation_missing_pages": false
}